# تەڭرىتاغ

2012.3

TANGRITAG LITERATURE

天尔塔格




* دەز
* ئەسەر ۋە باھا
* ئابلەت ئابدۇللاغا خەت
* قەلب خاتىرەمنى ۋاراقلاپ

ISSN 1004-1745

国际标准连续出版物号:ISSN1004-1745 国内统一连续出版物号:CN65-1012/I 邮发代号:58-83 零售价:7.00元

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندىكى نۇقتىلىق ئەسەر ئاپتورلىرى



«دەز» ناملىق پوۋېستنىڭ ئاپتورى ــ **تۇرسۇن مەخمۇت**



«چۈش، خىيال، رېئاللىق ئارىسىدىكى سەرسانچىلىق ۋە قايتا قۇرۇش» ناملىق ماقالىنىڭ ئاپتورى ــ
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**


# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئاھاڭدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

## 2012.3

(ئومۇمىي 152 ـ سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى



www.uyghurkitap.com

# تەڭرىتاغ


2012 ـ يىللىق 3 ـ سان

(ئومۇمىي 152 ـ سان)

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

(ھەر تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ)


## مۇندەرىجە

### تۇرمۇش تەسۋىرلىرى


دەز (پوۋېست)......................تۇرسۇن مەخمۇت 4


### شېئرىيەت ئۇپۇقى


ئانامنىڭ قازىنى......................ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران 35

قوشنىسى يوق ئادەم......................زەيتۇنەم مەمتىمىن 37

ئۇخشىغىن سەن ئۆزۈڭگە ئەبەد..........ئىدرىس تۇرسۇن تەمكىن 38

رۇبائىيلار......................ئابلىمىت مۇھەممەت ئەمىن 38


### چاتما ھېكايىلەر


ھاشىر بەگگى (ھېكايە)......................ئەركىن سابىر 58


### ئەسەر ۋە باھا


چۈش، خىيال، رېئاللىق ئارىسىدىكى سەرسانچىلىق ۋە قايتا قۇرۇش..........

..........نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 66


### راست ئىشلار خاتىرىسى


قەلب خاتىرەمنى ۋاراقلاپ......................ئابدۇرېھىم زۇنۇن 40


### باللار ئەدەبىياتى


دادامنىڭ ئايالچە ۋېلسىپىتى (ھېكايە)..................گۈلنار يارمۇھەممەت 84


### ئوچۇق خەتلەر


ئابلەت ئابدۇللاغا خەت......................مەخمۇت مۇھەممەت 30



ژۇرناللار نەشرىياتى باش

مۇھەررىرى:

**پولات ھېۋىزۇللا**

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

نەشرىيات باشلىقى:

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت**

ژۇرناللار نەشرىياتى مۇئاۋىن

مۇدىرلىرى:

**ئەركىن نۇر**

**ئالىم خالىدىن**

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:

**ئەكبەر سالىھ**

باش مۇھەررىر:

**پولات ھېۋىزۇللا**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**ئەركىن نۇر**

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:

**ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:

**شاۋكەت شۆھرەت**

مەسئۇل كوررېكتور:

**قەييۇم تۇرسۇن**

ماشىنىست:

**دىلارە ھەبىبۇللا**

# TANGRITAG

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بەش نۇۋەت «ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال**

ژۇرنىلىمىز ئېلخەت ساندۇقى: E-mail:tangritag1986@126.com

نەشر قىلغۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنشىڭ كوچىسى 5 - نومۇر
تېلېفون: 0991 — 4658897، 4696807
پوچتا نومۇرى: 830092
باسقۇچى: ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
فورماتى: 1/16 787 X 1092 مىللىمېتىر
7 باسما تاۋاق
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 - خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى: ISSN1004 - 1745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى: CN65 - 1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58
پارچە سېتىلىش باھاسى: 7.00 يۈەن

刊名:《天尔塔格》
出版单位 乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑:《天尔塔格》杂志社
地址: 乌鲁木齐市新兴街5号
电话: 0991-4658897, 4696807
邮政编码: 830092
印刷:乌鲁木齐隆益达印务有限公司
发行:乌鲁木齐市各地邮政局
订阅:全国各地邮政局
开本: 1/16 787 X 1092 7印张
外发行点:中国国际书商总公司
国内统一连续出版物号: CN65-10012/I
国际标准连续出版物号: ISSN1004-1745
邮发代号:58-83
定价: 7.00元


## يېڭى كۆچ


«يېڭى كۆچ» سەھىپىسىدىكى موكاپاتلىق ئەسەر پائالىيىتىگە قاتنىشىش...... 88
ئىككى ھېكايە..........................خەيرىنگۈل ئۆمەر ئەل قىزى 90
يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى......
..........................ھەزرەتئېلى ئەلى 98
بىر ئوت..........................جۇمەخۇن داۋۇت 95
بالىلىقنى ئىزدەش..........................مۇھەممەت توختى قاراتېكىن 95
دېڭىزغا تەسەللى..........................يۈسۈپجان مۇھەممەت ئەرتۇغ 95
ياپراقتىكى پەسىل..........................يارمۇھەممەت پەرھات 96


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: ئاتاقلىق رەسسام مەمەت ھېيتنىڭ «بالدۇر كەلگەن كۈز» ناملىق ماي بوياق ئەسىرى

ژۇرنال نامىنى سۇلايمان ئىمىن خالى يازغان.

www.uyghurkitap.com



# دەز

(پوۋېست)

تۇرسۇن مەخمۇت

تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

«ئارتۇق گەپ بىلەن خۇشۇم يوق» دېگەن سۆزنى پات ـ پات تەكرارلاپ تۇرىدىغان ئاقىلمىشنىڭ زاماندىن بىلەن قىزىرىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ياغاچ كۆۋرۈك يېنىغا دۆۋىلىشىپ پاراڭغا چۈشكەن ئادەملەرگە بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچى بولۇپ، رايى يېنىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كوسىلىقىغا باقماي ئىچى پۇشسىلا ئېڭەكلىرىنى سىقىملاپ قويۇشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. ئاقىلمىش گەپ ئاڭلىغۇسى كېلىپ تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ مەسخىرىگىمۇ، ئەستايىدىللىقىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر تەرزدە دىمىقىدا كۈلۈپ قويدى. زاماندىن بىلەن كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ يۈرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى.

ــ ئادەملەرنىڭ پۇل، مال ئۈچۈن تىرىشىشلىرى خاتا ئەمەس، بۇ دېگەن ئەمەلىي دۇنيا، پۇل بولمىسا كۈن ئالغىلى، ياخشىلىقنىمۇ جايىدا قىلغىلى بولمايدۇ، كۆڭۈلدىكى تىلەكلەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ــ ئەمما پۇل، مالنى دەپ ئادەملەر بۇزۇلۇپ كېرەكتىن چىقىپ كەتتى. مەن ئىلگىرىمۇ دېگەن، پۇل ئادەمنىڭ ئەمەس، ئادەم پۇلنىڭ بولۇپ قالدى. بۇنى پاجىئە دەيمىز.

ــ ...

ئاقىلمىش زاماندىن بىلەن تالاشقان ئىشنىڭ ئايىغى چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. كىشىلەر قىزىپ كەتكەن ئىدى. ھەممەيلەن غۇژمەك بولۇشۇپ ئۇلار تالاشقان گەپنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىپ بولۇشالماي بەھسكە چۈشۈشكەندەك قىلاتتى. ئۇ بىرى توختىسا بىرى، ھەتتا ھەممەيلەن تەڭ گەپ قىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي سۆزلىشىۋاتقانلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

«ناھايىتى بۇرۇندىن باشلاپ ئادەملەر بىر يەرگە كېلىپ پاراڭلىشىپ، جاھاننى ھەيدەپ كەلگەن، دۇنيادىكى ئاجايىپ ئىشلار پاراڭلىشىش بىلەن روياپقا چىققان. ئادەملەرنىڭ ئەقلى مۇشۇنداق قىلىپ بىر يەرگە جۇغلىشىدۇ...»

زاماندىن ئاقلىمىشقا قاراپ قويدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنى ئاقلىمىشنىڭ بىلىپ بولغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

«بۇ خەق مۇشۇنداق تالاش قىلىپ مىڭ يىل گەپ قىلسىمۇ ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايدۇ، بۇرۇندىن مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق بولىدۇ. گەپ جىق يەردە ئىش ئاز بولىدۇ، گېپى بىر يەردىن چىقمايدىغان ئادەملەر بىلەن ئىش تاپالمايدۇ...»

ئاقلىمىش زاماندىنغا قاراپ قويدى. ئۇمۇ ئويلىغانلىرىنى زاماندىننىڭ بىلىپ بولغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىرمۇنچە ئادەم ناھايىتى بۇرۇنقىغا ئوخشاش، بۇرۇنقىنى قويغاندىمۇ تۇنۇگۈنكى، ئۆلۈشكۈنكىگە ئوخشاش بىر يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. «ئادەملەر بۇرۇندىن تارتىپ مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ كەلگەن. بىر يەردە ئولتۇرۇپ، دۈۋىلىشىپ، يېقىن تۇرۇپ قىلىشقان گەپلەرنىڭ قۇۋۋىتى، ماغدۇرى، تەمى بولىدۇ» ئاقلىمىش خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئويلىغانلىرىنىڭ زاماندىن بىلەن بىر يەردىن چىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى پاراكەندە بولدى... كىشىلەر بەس-بەس بىلەن پاراڭغا چۈشكەن ئىدى. «دۇنيادا تۈگەپ قالمايدىغان نەرسىنىڭ بىرى گەپ. سۇ مىڭ يىل ئاقسىمۇ بىر خىل شىرىلدايدۇ، شامال مىڭ يىل چىقسىمۇ ئوخشاش شىڭىلداپ ئۆتىدۇ، ئەمما ئادەمنىڭ گەپ-سۆزلىرى ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقىدە يېڭى بولۇپ تۇرىدۇ. مەن، ئوغلۇم، نەۋرەم، ئەۋرەم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تالاي بوغۇنلىرىممۇ مۇشۇ ئادەملەردەك مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ ئۆتىدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردى.

— ھېلىقى تامغا دەز كېتىپتۇ.

مەھەللىدىكى كونا ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ياغاچلىرى ئارىسىدىكى يوچۇقتىن ھامان بىر كۈنى بىرەرىنىڭ پۇتى كىرىپ كېتىپ چاتاق ئىش يۈز بېرىدۇ، دەپ ۋايىم يەيدىغان، مۇشۇنىڭدەك ئىشلارغا تولا قاقشاپ قېرىپ كەتكەن بىرەيلەن ھەسرەت بىلەن شۇنداق دېدى. بەلكىم ئۇ ھەسرەت تارتمىغاندۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى يېنىدىكى بىرەيلەنگە ھەسرەتلىك ئاڭلىنىپ كەتتى.

— قايسى تام؟

تاماكا چېكىشتە مۇشۇ ئوتتۇرادا ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بىرى سورىدى. ئۇ بىلىپ تۇرۇپ سوراۋاتاتتى، ھەممەيلەندە بىر ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ سەۋەبىنى سورايدىغان ئادەت بار ئىدى.

بۇ يەردە ئەمەت قوغۇنچىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكىنىنى، ئوتنىڭ تونۇردىن چەللىگە تۇتىشىپ ئۇ يەردىن كېڭىيىپ ئۆي، ئايۋانلارنىڭ كۆيۈپ كەتكىنىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ مۇشۇ توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالسا يەنە بىر-بىرىدىن سورىشاتتى. ئەمەت قوغۇنچى بولسا يەنىلا زېرىكمەي سۆزلەپ بېرەتتى.

— قاچان ئوت كەتتى؟

— ئۇ بىر سەيشەنبە كۈنى ئەتىگىنى ئىدى... شۇ كۈنى...

ئەمەت قوغۇنچى ئۇزاق سۆزلەيتتى.

— نېمە بولۇپ ئوت كەتتى زادى؟

— خوتۇن نان ياقىمەن دەپ قالغۇلۇقىنىڭ غەلۋىسىنى قىلىۋىدى، مەن بىر قۇچاق شادىنى تونۇر بېشىغا تاشلاپ بەردىم. خوتۇن دېگەن ھاڭۋاقتى خېمىر ئەيلەيمەن دەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ، يا مەن دىققەت قىلماپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئوت شادىغا تۇتىشىپ، شادىدىن چەللىگە، چەللىدىن...

دەز كەتكەن تامنىڭ قايسى تام ئىكەنلىكىنى سورىغان كىشىنىڭ ئۇزۇن شاپ بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچى سارغىيىپ تۇراتتى. بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇنى تاماكا دېيىشەتتى. بىر ئادەم بۇرۇتى سارغىيىپ كەتكۈچە تاماكا چەكسە بۇمۇ قىزىق بىر ئىش. دۇنيانىڭ دەردلىرى كونا ساماننىڭ توپىسىدەك سېسىق ھەم ئاچچىق، ئۇنىڭ خاپىلىق، ھەسرەتلىرىنى مۇشۇ تاماكا ئۆزى بىلەن پۇرقۇپ چىقىرىپ تاشلايدۇ، دېگەن گەپكە ئىشىنىدىغانلار، ئىشەنمەيدىغانلار بار.

ئەمەت قوغۇنچى پات-پات شاپ بۇرۇتلۇق كىشىدىن نېمىشقا تاماكا چېكىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ قويىدۇ.

— نېمىشقا تاماكا چېكىسەن، تۈتۈنىنى شورايدىكەنسەن، يەنە پۈۋلەپ چىقىرىۋېتىدىكەنسەن، قىزىق ئىشتە بۇ؟ تۈتۈننى شورىۋالغاندىكىن چىقىرىۋەتمىسەڭ، شۇنى ئىچىڭدە ساقلىۋېلىپ قايتا يەنە چېكىپ يۈرمىسەڭ بولمامدۇ؟

— سەن بىلمەيسەن، — دەپ قويىدۇ شاپ بۇرۇت ئەمەت قوغۇنچىغا مەنىسىز قاراپ قويۇپ.

— ئەمىسە سەن بىلەمسەن؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن، باشقا گېپىڭ بولسا قىلە، ئادەمدىن تەس بىر گەپلەرنى سوراپ يۈرمەي.

— ياق ئەمدى مەن دەيمەن، سەن ئاتايىن مۇشۇ نەرسىنى چەككەندىكىن پايدا-زىيىنىنى بىلىپ چېكەرسەن دەيمەنغۇ؟

— بۇنى ئويلاشمىدىم، چەككۈم كېلىدۇ چېكىمەن، سەۋەبى مۇشۇ.

ئاقلىمىش بۇ ئىككىيلەننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، كۆڭلىدە پەيدا بولغان بىئاراملىقنىڭ ئاچچىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېزىمنى ھېس قىلىپ قالدى. جاھاندا سەۋەبنى چوقۇم بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار شۇنچە جىق تۇرسا تاماكا چەككەننىڭ گېپىنى قىلىشىپ يۈرگەنمۇ ئىشمۇ. بەزى ئادەملەر نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ بىلگىلى بولمايدۇ.

بىز كۆپ ئىشلارنى بىلىپ بولالمايمىز، تولا چاغلاردا گائگىراپ، تېڭىرقاپ قالىمىز، پۇتلىشىپ، يىقىلىپ كېتىمىز. ئەمما مەيلى قانداق بولمىسۇن ياشاۋەرمەي بولمايدۇ. ياشاشنىڭ ئۇلۇغلۇقى، شېرىنلىكى ئالدىدا دۇنيانىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرى ئەينەككە چۈشكەن چاڭ ـ توزاندەكلا، ھاياتنىڭ يېقىملىق سەلكىنلىرى بۇ چاڭلارنى ئۇچۇرتۇپ كېتىدۇ. دادامدىن، ئانامدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن، دېگەن ناخشىنى تولا ئېيتىدىغان، ئۆزى ئېيتىپ بولالمىسا تەلەپ قىلىپ ئېيتقۇزىدىغان بالىلارمۇ ئانىسى، دادىسى ئۆلۈپ كەتسە يىغا ـ زار قىلىشىپ، نادامەت چەككەچ، دۇنيادا بالا دېگەننىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىنمۇ ئارتۇق ئىشى يوقلىقىنى، ئاتا ـ ئانىنى خاتىرجەم قىلىشنىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ خىزمەتنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقاچ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ يەنە ياشاۋېرىدۇ. جىمى بارلىق نۆۋىتىدە يوقىلىپ، يېڭىسىغا ئورۇن بېرىپ ئۆتىدۇ. جاھاننىڭ رەپتارى مۇشۇنداق. ئاتا ـ ئانىلارمۇ خۇددى شۇنداق...» ئاقىلمىش جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىياللىرى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن ئىدى. تام تۈۋىدە خۇشال چۇرقىرىشىپ يۈرگەن بالىلارنى كۆرگەن بىر نەچچە چالنىڭ بالىلارغا قارىغاندىكى سۆيۈنچلۈك ئەمما بىچارە تۇرقى ئاقىلمىشنىڭ بايىقى ئويلىرىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. دەز كەتكەن تام توغرىسىدىكى گەپلەرمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە مۇشۇنداق ئويلارنى پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

«تامغا دەز پەيدا بولغىنى ئادەمگە كېسەل تەگكەندەكلا بىر ئىش.» ئەمەت قوغۇنچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشى شۇنداق ئويلىدى. ئۇنىڭ خىيالىنى ئاقىلمىش ئائىلىسا يەنە ئۇھ تارتىپ قالاتتى.

ــ ئاۋۇ گويلارنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان بىرەرمۇ ئوغۇل بالا چىقمىدى!

بىرەيلەننىڭ ئاچچىق ئاۋازى ئائىلاندى. كۆۋرۈكنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى دۆڭ باغرىدا بىر نەچچەيلەن جىممىدە يېتىشقان ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا قارا كۆرۈنۈش چېلىقىپ تۇراتتى.

ــ ئۇلاردا بىر گەپ بار، بىرەر شۇملۇقنى پىلانلاۋاتامدىكىن دەيمەن. ھەسەن كانچىنىڭ سېرىق ئاسلىنى بوش نېمە ئەمەس.

ــ كۆزى كۆك، ئۆڭى سېرىق ئادەمدىن ھەزەر ئەيلىمىسە بولمايدۇ.

ــ قاشتېشى كىنى ئېچىشنىڭ گېپىنى قىلىشقان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە جىق گەپلەر بولۇندى. قاشتېشى باھاسىنىڭ ئالتۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، كىم بىرىنىڭ قاشتېشى بىلەن بېيىپ تىقلىپ كەتكىنى، يەنە بىر كىمنىڭ قاشتېشى سودىسى بىلەن ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ تۇگەشكىنى... گەپ ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ، قېيىپ بېرىپ يەنە دەز كەتكەن تامغا قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا ھەممەيلەن يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى.

تام توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازى شۇنداق مۇلايىم، يۇمشاق بولۇپ، خۇددى تام تۈۋىدىكى توپىغا ئوخشايتتى. ئارىدا بايىقى يىرىكلىك يوقاپ كەتكەن ئىدى. ئۆزۈمگە ئوخشايدىغان ئادەملەر ئارىسىدا يۈرۈپ مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق تېپىلغۇسىز پەزىلەت دەپ، ماختايدىغانلارنى كۆردۇم. ئۇنى ئەر كىشىگە ياراشمايدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئادەملەرنى ئۇچراتتىم. كىمنىڭ گېپىگە كىرىشنى بىلەلمەي ياشاۋاتقىلى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتتى. ئاقىلمىشتىن سوراپ باقمىدىم. ئەمەت قوغۇنچىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ماڭا بىرەيلەن «ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنى بويىچە ياشا» دەپ ئۆگىتىپ قويغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە كىرسەم بولىدىغان، بولمايدىغانلىقىنى ئۇقالمايلا قالدىم. دەز كەتكەن تام توغرۇلۇق بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاشنى ئىستەيتتىم.

«بۇ يەردە گېپى بولۇۋاتقان تام بىز دەۋاتقان تام ئەمەس.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان گەپ بىز دەۋاتقان گەپ ئەمەس.»

خۇددى بىرى ماڭا مۇشۇ گەپنى پىچىرلاپ دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

تامغا ئوخشايدىغان ئادەتتىكى بىر تام.

باشقا تاملاردىن پەرق قىلىدىغان ئالاھىدە تام.

بۇرۇنقى ئادەملەر ياساپ قويغان كونا، تاشلاندۇق تام. تام بىزگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ، سۇرلۇك كۆرۈنىدۇ. تۆت تامنىڭ ئىچىدە يالغۇز قالغان ئادەمنىڭ كۆڭلىگە قارا ھەم مەشئۇم تۇيغۇلار يامىشىدۇ. تۆت تېمى يوق ئادەم ئۆزىنى غېرىب ھەم بىچارە ھېس قىلىدۇ. تام بىزگە پاناھ بولىدۇ، ھەتتا بىزنى قىسىپ تۇرىدۇ. بىز تامنى ئۆزىمىز ياساپ، ئۆزىمىز قورقۇپ، تامغا موھتاج بولۇپ ياشايدىغان ئادەملەر.

ئاسماندىكى تۇرنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ تام ھەققىدە خىيال قىلغان ئادەملەرنى مەن كۆرمىگەن، ئەمما تامنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ زۆرۈر. يېقىندا

تام توغرۇلۇق يېزىلغان بىر ھېكايىدە تامنىڭ ئارىسىغا تىرىك باستۇرۇۋېتىلگەن بىر كەلگۈندىنىڭ ھەم ئۇنىڭغا ئاشنا بولغان كىچىك ئاغچىنىڭ كەچمىشلىرى يېزىلىپتۇ.

— ھېلىقى ھېكايىنى ئوقۇدۇڭمۇ؟— دېدى ئەركىن.

— ئوقۇدۇم.

— قانداقكەن؟

— ياخشىكەن.

— قانداق ياخشىكەن؟

ئەركىن مەستلىكتىن قىزارغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى. ئۇنىڭ نەلەردە ئىچىپ قىزىۋالغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ماڭا ياخشى تۇيۇلدى.

— ياخشى تۇيۇلدىدە، بۇمۇ بولىدىغان گەپ،— ئەركىن شۇنداق دەپ كۇلۇپ قويدى.

نۇرغۇن ئادەم دەز كەتكەن تاشلاندۇق تام توغرۇلۇق، مۇشۇ تامنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە بالىلارنى بېسىۋېلىش ئېھتىمالى بار-يوقلۇقى ھەققىدە غەمگە پاتقان كۈنلەردە تام توغرىسىدا يېزىلغان ھېكايە ھەققىدە گەپ چىقىپ قالدى. ئاندىن يەنە تام توغرۇلۇق گەپكە چۈشتۇق، گەپ شاخلاپ كەتتى، شاخلىغاندىمۇ جاھاننىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىغا يېتىپ باردى. تامنىڭ لاي تام، كېسەك تام، خىش تام، ۋادەك دەيدىغان تۈرلىرى ھەم بۇرۇنلاردا قوغۇنلۇقلاردا بولىدىغان ساتىملارنىڭ قومۇش تاملىرى ھەققىدىمۇ گەپلەر بولۇندى، يەنە 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدە بىن لادىننىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن سوقۇپ ۋەيران قىلىۋېتىلدى، دېيىلگەن قوشماق سودا بىناسىنىڭمۇ، شاھىنشاھلارنىڭ سۇر-ھەيۋىسىنى يىللاردىن ئەسىرلەرگىچە ئۇلاپ كەلگەن قەسىر، ئوردىلارنىڭمۇ تامدىن پۈتكەنلىكى، قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ 300 يىللىق تارىخقا ئىگە ئوردىسىنى شىڭ شىسەينىڭ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەشتۇق.

تامنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان بىكار يەردىكى كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلار ئارىسىدا تام ھەققىدە پاراڭ بولۇۋاتقىلى خېلى بولدى. بۇ مەھەللىنىڭ بۇرۇنقى قاپاق تېرەكلەر بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدىغان كونا مەھەللىدىن قاچان قەۋەتلىك ئۆيلەرگە ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى، مەھەللىنىڭ سەل تۆۋەن تەرىپىدىكى تامنى كىمنىڭ ياسىغانلىقىنى ئەسكە ئالالماي ئۇمىدسىزلىنىپ كەتكەن بىر ئادەم تاماكا ئوراشقا باشلىدى. گەپ جىق ئىدى، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، بەكلا پەرق قىلىدىغان گەپلەر بولۇۋاتاتتى. توغرىسى بۇ يەردە تام ھەققىدە ئەمەس دەز ھەققىدە پاراڭ بولۇۋاتىدۇ، ئەمما دەز تامدا بولغاچقا تامنىڭ گېپى بولۇۋاتىدۇ، دېسىمۇ بولىدۇ.

— تامغا نېمىشقا دەز كەتكەندۇ، يەر تەۋرىدىمۇ-يا؟

— ۋاي قويغىنا، يەر تەۋرەشتىن خۇدا ساقلىسۇن.

— شۇم ئېغىزلىق قىلما، بىر يىللىرى مارالبېشىدا يەر تەۋرەپ نۇرغۇن كىشى قازا بولدى.

يەر تەۋرەيدىغان ئىشلار تولىراپ كەتتى، ھېلى كەلكۈن بولۇۋاتقان، ھېلى قۇرغاقچىلىق، تېخى يەنە ئۇرۇش بولۇپ ئادەملەر بىر-بىرىنى قىرىۋاتقان...

— راست، قايسى بىر يەردە نامايىش بوپتۇ دەۋاتاتتى.

— نەدە؟

— ئىشقىلىپ بىر يەردە، خەۋەردە كۆرسەتكەن...

ئۇلار ئولتۇرغان يەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە بارغانسېرى مۇشۇ تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان شەھەر مەزمۇت ھەم سوغۇق قىياپەتتە كۆزگە تاشلىناتتى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى گېپى بولۇۋاتقان تامنىڭ ئەتراپى قارا قومۇشلار پاكار، شالاڭ ئۆسكەن شورلۇق تۈزلەڭ ئىدى.

بۇ يەردە ئەتىگەندىن بېرى تامدىكى دەزنىڭ گېپى چىقماستا ساختا ماي، كونا كىيىملەرنى ساتىدىغانلار توغرۇلۇق؛ كاكچا ناننىڭ ئاشقازانغا پايدىلىق تەرەپلىرى؛ كاۋاۋچىنىڭ يەلنى ھەيدەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆيغۇرچە نامنىڭ قارنىيىرىق ئىكەنلىكى؛ سولياۋ بويۇملارنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيان قىلىدىغانلىقى دېگەندەك جىق گەپلەر بولغان ئىدى. مۇشۇ گەپلەر يا مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان گەپلەر خۇدانىڭ ئاق تاڭاتقان كۈنى بۇ يەردە بولۇپ تۇرىدۇ. تەكرار دېيىلسىمۇ ئاقلىمىشتىن باشقا ھېچكىم نارازى بولمايدۇ. بۇ ئوتتۇرادا كىمنىڭ ھەرقانداق گېپى بولسا مۇشۇ يەرگە كېلىپ دېمىسە، ئاڭلىمىسا گەپ قىلغاندەك، ئاڭلىغاندەك بولمايدۇ.

ئۇلار گېپىنى قىلىشىۋاتقان تام يىراق ئەمەس، ئۇن يېتىم يەر دېسە بولىدۇ. ھەممەيلەن بالىلارنىڭ تام تۆپىسىگە چىقىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلىرىنى، ھەربىي-دۈشمەن بولۇپ بىر-بىرىگە چالما كېسەك ئېتىشقانلىرىنى، ھەربىيلەر بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ بەزىدە بىر-بىرىنى رەھىمسىزلەرچە جازالاپ پومداقلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ جەڭلىرىمۇ كىشىگە رەھىمسىزلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ، بالىلار قولىدىكى چالما كېسەكلەرنى بىر-بىرىگە چەنلەپ ئېتىشىدۇ، قارشى تەرەپمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرىدۇ. بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتىدىغان ئاقلىمىشنىڭ زادى نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي رەللە بولىدىغان بىر نەچچەيلەن ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا:

— ھايات دېگەن مانا شۇ،— دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ

www.uyghurkitap.com

قالدى.

— نېمە دەيدۇ بۇ؟— دېدى بىرى پىچىرلاپ.

— بىلمىدىم، هايات دېگەن مانا شۇ دەيدۇغۇ.

— يەنە ساراڭدەك گەپ قىپتۇ.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشقانلار سارس كېسىلىنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئۇھ تارتىشقاندا ئاقىلمش جىملىقنى بۇزۇپ ئاستاغىنا:

— بىز ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتىمىز،— دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ گېپىدىن بەزىلەر هەيران بولسا، بەزىلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— بىز گۈزەل كۈنلەرگە قاراپ كېتىۋاتىمىز، دېسەك بۇ ساراڭ نېمە دەۋاتىدۇ؟ هەممىنى ئىلەشتۇرۇۋەتتى،— دەپ تىللاشقان ئىدى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىنى توغرا تاپقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما گاهىدا بەزى گەپلەرنى ئوچۇقتىن ئوچۇق دېگىلى بولمايدۇ.

— باشقا گەپنى قويۇڭلار، تامغا دەز كېتىپتۇ، قانداق قىلىمىز؟

— مەيلىغۇ، ئۇ بىر كونا تام تۇرسا، يا بىرىكىم ئىشلەتمىسە؟

— قانداق مەيلى بولىدۇ، كۆرمىدىڭمۇ، باللار ئۇ تامنىڭ تۈۋىدە ئوينايدىكەن.

هەممەيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى. باللارنىڭ سۈرەن-چۇقانلىرى گاھ-گاھ قۇلاققا كىرىپ قالاتتى.

ئاقىلمش ئۆزىنى تىللىغانلارغا پەرۋا قىلماي باللارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان چىرايىدا يېقىملىق بىر تەبەسسۇم بار ئىدى.

باللارنىڭ ئويۇن-تاماشىسى قالتىس هۇزۇرلۇق، ئۇلار دۇنيانى ئۇنتۇپ ئوينىيالايدۇ، ئۇخلىيالايدۇ، دۇنيانى ئۇنتۇپ كېتىش ئاقىلانىلىك بولمىسىمۇ بەزىدە ناهايىتى هۇزۇرلۇق ئىش، ئەلۋەتتە هەممىلا ئادەم ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇ پەقەت باللارنىڭ، بىغەملەرنىڭ يەنە ساراڭلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. نورمال ئادەملەر هەر مىنۇت، هەر سائەتتە دۇنيانىڭ غەملىرىگە كۆمۈلۈپ ئۆتىدۇ.

ئاقىلمش ئەمەت قوغۇنچىنىڭ چۈپۈر قاشلىرىغا، چىگىلماش ساقاللىرىغا قاراپ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك پەيدا بولغانلىقنى هېس قىلدى. «ئۆزىنى تۈزەپ يۈرمەيدىغان، ئىنسان بولۇپ يارالغاندىن بېرى ئادەمدەك بىر ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىغان نەرسە بۇ...» ئۇ شۇلارنى ئويلىدى. ئەمما يەنە ئەتراپىدىكى ئوڭ-سولىدىكى مۇشۇ ئەمەت قوغۇنچىغا ئوخشايدىغان ئادەملەردىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ شۈك بولۇپ قالدى.

— ئەمەت، قويلىرىڭنى مىسىلىكتە باقمىساڭ بولمامدۇ؟

— نېمىشقا؟

— قوي بېغى كېسەللى بولۇپ قالىدۇ.

— خەقمۇ بېقىپتۇغۇ ئەينا؟

— ئۆلسە سېنىڭ قويۇڭ ئۆلىدۇ، خەق بىلەن نېمە كارىڭ.

— ئەل قايان، مەن شۇيان. ئۆلسە ئۆلگىنىنى كۆرەرمەن، ئۆلمىسە رىزقىم.

— قىپقىزىل ساراڭنىڭ گېپىغۇ، زىياندىن قېچىش كېرەكقۇ؟

— نېمە كارىڭ سېنىڭ، ئۆلسە مېنىڭ قويۇم ئۆلىدۇ، ئىشىڭنى قىلغىنا ساراڭ!

— تۇغقاندارچىلىقىمىز باركەن دەپ دەپ قويدۇم، ئۆزۈڭنىڭ بىلگەن پوقۇڭنى يە ساراڭ!

— ساراڭ دېگەن ئۆزۈڭ، كىم سەن بىلەن تۇغقانكەن؟!

— تۇغقان بولمىساڭ بولما... نېرى بار گالۋاڭ!

ئاقىلمش ئەمەت قوغۇنچىغا ئاچچىق بىر نەپرەتنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكىپ هومايدى. باراقسان ئۆسكەن جىگدىدە قۇشقاچلار جاۋىلدىشاتتى.

تامغا هەرىلەر ئۇۋىلىغان، يەنە تېخى ئۇنىڭ يۈزىگە سەت گەپ، سەت خەتلەر يىلەن يېزىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ تامغا بىرى «تاهىر گاچا بىلەن زۆهرە ئاشنا ئوينايدۇ» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ قويغاندا شۇ كۈندىن باشلاپ زاهىر مامۇتنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ غەلىتە بولۇپ قالغانىدى. تاهىر گاچا بىلەن زۆهرەنىڭ ئاشنا ئوينىشى ئۇنىڭ زەردىسىنى قاينىتىۋاتاتتى. قىزىل بىر ئوت يۈرىكىنى، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ، جېنىنى قىينايتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ خەتلەر كەكە بىلەن چاناپ يوقىتىۋېتىلدى. «قايسىبىر پەسكەش، تاهىر گاچا بىلەن زۆهرەنىڭ ئاشنا ئوينايدىغانلىقىنى خەلقئالەمگە يېيىش ئۈچۈن تامغا يېزىپ قويۇپتۇ، بىرىكىمنىڭ ئەيىپىنى ئېچىش دېگەن يامان ئىشقۇ، ئەڭ نومۇسسىز ئادەملەر مۇشۇنداق قىلىدىغۇ...؟ مەن بۇ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كەكە بىلەن چاناپ ئۇ خەتلەرنى بۇزۇۋەتتىم، ئەمدى هېچكىم بىلەلمەيدۇ.» زاهىر هامۇت بۇ گەپنى قېرىلىقتىن قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ كەتكەنلەردىن تارتىپ، تېخى ئەمدى تىلى چىققان باللارغىچە بىرمۇبىر دەپ چىققانىدى.

بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغان بىر نەچچەيلەن مەخسۇس بېرىپ تامنىڭ كەكە بىلەن چانالغان يېرىنىڭ بار-يوقلىقىنى كۆرۈپ كېلىشتى. بىراق تاهىر گاچا بىلەن زۆهرەنىڭ شۇنداق ئىشى بار-يوقلۇقى توغرۇلۇق

خەقلەرنىڭ قانداق قىياس قىلىشقانلىقىنى بىلەلمىدىم. بۇ بەلكىم ھېلىقى ھېكايىدە دېيىلگەن بايىغا تۈزكورلۇق قىلغانلىقتىن تامغا باستۇرۇۋېتىلگەن كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئاشنىسىنىڭ كەچۈرمىشىدەك ئالاھىدە بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ گەپلەرنىڭ تاھىر گاچا بىلەن زۆھرەنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن، يەتمىگەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم يوق. مەن بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىدىممۇ، يا پەرۋايىمغا ئالمىدىممۇ ئۆزۈنىغا قالماي ئۇنتۇپ كەتتىم. تەقدىر تەتۈر كەلسە تاھىر گاچا بىلەن زۆھرەلەرمۇ تامغا بەند بولۇپ، ئۆلگەندەك ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇمكىن.

«بۇ چوقۇم تاھىر گاچىنىڭ قىلىقى، ئۇ مېنىڭ ئىسمىم تاھىر، ئۇنىڭ ئىسمى زۆھرە بولغانىدىكىن، ئىككىمىز تازا كېلىشكەن بىر جۈپلەردىن بولىمىز، دەيدىغان خىيالى بىلەن يېزىپ قويغان گەپ. بولمىسا بۇنداق بىمەنە گەپنى يېزىپ يۈرىدىغانغا كىمنىڭ چولىسى...»

يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرگىلى ئامراق بىر كىشى شۇنداق ئويلىدى. ئەمما بۇ ئويلىرىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى. رىۋايەتتىكى ئاشىق-مەشۇقلار بىلەن ئىسمداش بۇ ئىككىسىنىڭ زادى شۇنداق بىر ئىشى بارمۇ-يوقمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

«ھەممەيلەننىڭ خەقلەر بىلىپ قالسا ئىچى پۇشۇپ، ئاچچىقى كېلىدىغان پەس ئىشلىرى بولىدۇ، ھېچكىم مېنىڭ يوق دېيەلمەيدۇ. تامنىڭ ئىچىدە قالغان ئادەمنى، ئۇنىڭ ئاشنىسىنى تىللايدىغان ئادەملەر تولا. دۇرۇس، ئۇنداقلارنى ماختايدىغانلار كۆپىيىپ كەتسە بالا ياغىدۇ. بىرمۇنچە ئادەملەر ئارىسىدىكى يالغۇز ئادەملەردىن تارتىپ قەلەندەرلەرگىچە... كۆزى مىدىرلاپلا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىز ‹پەسكەشلىك› دەيدىغان خىياللاردىن نېرى بولالمىدى. شەيتان قۇتراشتىن توختىمىدى. بىز بولساق لەت، مەستۇغەرق بولۇپ تۇردۇق. يەر يۈزىدىكى جىمى ئالىيجانابلار سەتەڭلەرنىڭ ناز-كەرەشمىلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەسلىي سۈلكىتىنى يوقىتىپ قويدى. دۇنيادىكى ئاجايىپ پاجىئەلەر، كىشىگە مۇزدەك سېزىم بېرىدىغان قورقۇنچلۇق ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاختۇرسا يىلتىز تۈگۈنلىرىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئاشۇ پەس ئىشلارنىڭ شۇمشىيىپ، يىرگىنچلىك ھىجىيىپ تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. تاملار ھەممىنى يوشۇرۇپ، ھەممىنى گۇمانغا سالىدۇ. ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تام بىلەن ئالاقىدار. بۈگۈن كىشىلەر دەۋاتقان تامنىمۇ بىركىملەر ئەينى يىللاردا سوغۇق، ئىسسىقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن، تېخىمۇ مۇھىمى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن دالدىلىنىش ئۈچۈن سوققان بولغىيدى...؟

نېملا دېمەيلى تام دېگەن بەربىر بىر تام.»

ئاقىلمىش جىمغىنا ئولتۇراتتى. ئۇ خىياللىرىنى يىغىشتۇرالماي ھاسراپ كەتتى.

«ھايات تېپىلغۇسىز پۇرسەت.» ئاقىلمىشنىڭ بۇ خىيالى زاماندىنىغا ياقمىدى.

«ھايات بىزگە ئارتىلىپ قالغان ئېغىر يۈك.» زاماندىنىنىڭ بۇ خىيالى ئاقىلمىشقا يۇندىدەك بىر ھالدا تەسىر قىلدى.

ئۇ مەڭگۈ ئۆزىنىڭ تام ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭ تام ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا ياخشى-يامان ئىشلارنى بىمالال قىلالايمىز. بىر فىلىم كۆرگەن ئىدىم، ئۇنىڭدا ئەقىللىك بىر چاشقان ئىككى ئاكا-ئۇكىنى ئېچىنىشلىق ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. شۇ ئىككىيلەننىڭ دادىسى: تانا بولمىغان بولسا دۇنيا ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولاتتى، دېگەن گەپنى قىلىدۇ. ئەمما ھېچكىم ھازىرغىچە دۇنيادا تام بولمىسا بولمايدۇ، دېگەن گەپنى قىلىپ باقمىدى. بۇ گەپنى ئەمدى بولسىمۇ دېيىش كېرەك.

گاھى گەپلەرنى بەزى ئادەملەر دېسە قىممەتلىك دەستۇر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. يەنە شۇ گەپلەر بەزى ئادەملەرنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتىلسا ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، مەڭگۈ تەكرارلىسىمۇ ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمايدۇ. ئاي بىلەن قۇياشنىڭ مەڭگۈ بىر يەرگە كەلمەيدىغانلىقىنى ئاقىلمىش بىر كىمگە دەپ باقمىدى. بىر زامانلاردا ئۇنىڭ خىيالىغا مۇشۇلار كىرىپ قالغان ئىدى. ئاي بىلەن قۇياش... قۇياش بىلەن ئاي... ئۇ ئۆزۈندىن ئۆزۈنىغا مۇشۇ ھەقتە خىيال سۈردى. قۇياشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىسسىق نۇر تارقىتىدىغانلىقى، ئاينىڭ نېمىشقا سوغۇق نۇر چاچىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. ئۇ بەزى ئادەملەرنىڭ «كاللا قاتۇرسىمۇ ياكى پەقەت ئويلانمىسىمۇ يەنىلا ئۆز پېتى تۇرىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ئەقىلنى ئۇپرىتىشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن گېپىگە قايىل ئەمەس ئىدى. «بىلىپ ياشاش شەرەپكە مۇناسىپ.» ئۇ مۇشۇ خىيالغا كەلگەندە كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى بىلەن قاغىلارنىڭ توپ-توپ بولۇپ قاقىلداشلىرى كىشىنى بىزار قىلىۋاتاتتى.

— خەتەرلىك ئىش بولۇپ قالدى، ھەممىمىزنىڭ باللىرى بار. ئۇ تامنىڭ دەز كېتىشى بىرەر پالاكەتچىلىكنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالمىسۇن. مەسىلەن، باللارنىڭ بىرەرى تام تۈۋىدە ئويناۋاتقاندا دەز كەتكەن يەردىن ئۆرۈلۈپ، باللار ئەسكى تامنىڭ ئاستىدا قالىدىغان ئىش بولسا قانداق قىلىمىز.

بىر ئادەم بوغۇق ئاۋازدا شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى توغرا تاپقانلار، ئېرەنسىز قارىغانلارمۇ بولدى. ئەمما ئاقىلمىش بىرمۇنچە ئىشلارنى ئويلاپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«تامنىڭ خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقى ئادەتتىكى ئىش، كونىرىسا ھەممە نەرسە شۇنداق خەتەرلىك بولۇپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ كاللىسى، ئەقلى، ئىدىيەسى، ئادەتلىرى، ئويلايدىغانلىرى، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى... بەدەن، ئادەت، كېسەل كونىرىسىمۇ چاتاق، كونىلىقنىڭ ئۆزى خەتەرلىك نەرسە...» ئاقىلمىش زاھىر ماموتقا قارىدى. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى ۋايىملىق پارقىراپ تۇراتتى، بەختسىزلىك شۇ يەردىكى، زاھىر مامۇت يىلنى، ئاينى ئۆز خاھىشى بويىچە ھېسابلاشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزى بىلگەنچە ھېسابلىسىمۇ يىللار، ئايلار ئۆز يولىدا ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇ بولسا يىللارنىڭ، ئايلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشكە ئامال تاپالماي تېپىرلاپ يۈرەتتى.

— بىر يىل نېمىشقا ئون ئىككى ئاي؟

— بۇ ئىلمىي ئىش، ئۇنى ئون بىر ئاي ياكى ئون ئۈچ ئاي قىلىپ قويسا توغرا كەلمەيدۇ.

— بىر يىل يىگىرمە ياكى ئوتتۇز ئاي بولغان بولسا ـ ھە...

ئۇ مۇشۇنداق تاما قىلاتتى. شۇنداق بولغان بولسا ھازىرقى يېشىغا قارىغاندا كۆپ ياشىرىپ، ئۆلۈممۇ كېيىنرەك كېلىشى مۇمكىن...

— ئاقىلمىش، سىنى ناھايىتى كاتتا مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەم دېيىشىدىغۇ؟

ئاقىلمىش بىرنېمە دەپ بولغىچە بارات قادىر سۆزلەپ قالدى:

— ھەئە، ئوقۇغانىنىڭ دەردىنىمۇ قولاق تۈۋىگىچە تارتقان يېتىم بۇ، — دېدى بارات قادىر ئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ، — بويىنۇڭغا داسنى ئېسىپ قويساق چىلىپ ماڭاتتىڭ ـ ھە؟

— ھەئە.

— شۇ يىللاردا ئوقۇغىنىڭغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتكەن بىز سىنى. ئاجايىپ چاغلاركەندۇق.

— ياق، پۇشايمان قىلمىغان، ھازىرمۇ شۇنداق، ناۋادا ئوقۇماي ساڭا ئوخشاش ئادەم بولۇپ قالغان بولسام پۇشايماندىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى.

— ما ساراڭنىڭ گېپىنى، — دېدى بارات قادىر مەيدىسىنى تاتىلىغاچ كۈلۈپ، — مېنىڭ بىر يېرىم بىرقانداقمىكەن؟

— بىر يېرىڭ ئەمەس، ھەممە يېرىڭ. سەن دەسسىگەن توپىمۇ ئىسراۋىدىن يىغلايدۇ.

— بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق باش ـ ئايىغىنى ئۇققىلى بولمايدىغان گەپلەرنى تولا قىلىپ، خاپىلىق تارتقان نېمىدى بۇ. قاراڭلار، يەنە جۆيلۈگىلى تۇردى. مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ قالمىسۇن دەپ بالىچاقا، نەۋرىلىرىمنى مەكتەپ دېگەنگە يېقىن يولاتمىدىم.

ئاقىلمىشنىڭ ئاقارغان چاچ ـ ساقاللىرىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— مەن ساڭا ئوخشاپ قالمىسۇن دەپ بالا، نەۋرىلىرىمنى جان چىقىپ كەتسىمۇ ئوقۇتۇشقا تىرىشىۋاتىمەن.

ئاقىلمىش بىر يىلنىڭ يىگىرمە ياكى ئوتتۇز ئاي بولمىغىنىدىن نادامەت چېكىپ يۈرىدىغان زاھىر مامۇت توغرۇلۇق ئويلاۋېتىپ كەڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ يۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغانلار يوق ئىدى. ھازىرقى كۈندە كىمنى كىم چۈشىنىشنى خالايدۇ. دۇنيادىكى جىمى ھەسرەت چۈشەنمەسلىكنىڭ مەھسۇلى، دەپ ئويلاشمۇ خاتا بولماسلىقى مۇمكىن. مۇشۇ گەپنى دېسىمۇ بەزى ئادەملەرنىڭ نادامىتىنىڭ تېگىگە ئۇدۇللىشىپ قالىدۇ. ھازىرقى كۈندە نېمە دېسىمۇ بولىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى. يەنە قانداقلىكى گەپ قىلسا ئۇنىڭغا ئاساس تېپىپ، توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولىدۇ. بىرى قوپۇپ قىزىل ئۈزۈم پايدىلىق دەپ قويسا مۇشۇ ھەقتە نەچچە يىل تەتقىقات قىلىدىغانلار چىقىدۇ. زادى نېمە ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمىگۈچە بولدى قىلمايدىغانلار بار. بۇنىڭ ئۆزى قالتىس ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىكىن باش قاتۇرۇپ، كاللىسى ئۇپراتماي قىزىل ئۈزۈمنى يەپ پايدىلىق تەرەپلىرىدىن بەھرىلەنسە بولىۋېرىدۇ، دەپ ئويلايدىغانلار بار. خەقلەرنىڭ ئويلىرىنى بىر يەرگە، بىر يۆنىلىشكە ئەكەلمەك تەس ئىش. بىر ئۆيگە، تۆت تامنىڭ ئىچىگە سولىماق ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

ئەسكى تامدا قاغا مايىقى دۈۋىلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمەت قوغۇنچى دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتىدىن كىيىپ دېدى:

— تامغا دەز كېتىپتۇ، ئۆرۈلۈپ كەتسە راستىلا خەتەرلىك ئىش بولۇپ قالىدۇ.

— قانداق قىلىمىز؟

«قانداق قىلىمىز» دېگەننىڭ ئۆزى قالتىس سوئال. ئاقىلمىش كۈلۈمسىرىدى، زاماندىن رەنجىپ كەتتى. بۇ گەپتىن بىر ئىشنىڭ ھەل بولىدىغانلىقى، ھەل بولغاندىمۇ يالغۇز بىر ئادەم ئەمەس بىرمۇنچە ئادەم بىر بولۇپ ھەل قىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. جىق ئادەم بىرلەشكەن، «بىللە ھەل قىلايلى» دېگەن ئىشتىن ئۈمىد بار. چۈنكى «قانداق قىلىمىز» دېگەن «قانداق قىلىمەن» دېگەنگە قارىغاندا كۈچلۈك ھەم ماتانەتلىك سۆز.

— قانداق قىلاتتۇق، ھەممەيلەن بىرلىشىپ

تامنى ئۆرۈۋېتەيلى.

— ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ.

«ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بىر ئادەمنىڭ قۇلىقىغا بەكلا سەت ئاڭلاندى، يەنە بىر ئادەمگە ناھايىتى توغرا گەپ بولۇپ تۇيۇلدى. «جاھاندا قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپ پەيدا بولغاندىن بېرى ۋاقىت بەك مەنىسىز ئۆتۈپ كەتتى» دەپ ئويلايدىغان زاماندىن يېنىدىكى كىشىگە نەپرەت بىلەن تىكىلدى. «قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان سۆز، قورقمىسا بولمايدۇ. ئەمما قورقىدىغان نەرسە چوقۇم قورقىدىغان نەرسە بولۇشى كېرەك. بىر تامنى ئۆرۈۋېتىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، دېسە بۇ قانداق گەپ...؟» ئاقىلمىش زەردىسى قايناۋاتقان، ئىچى پۇشقان، ئەمما بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان تەرزدە يېنىدىكى ئادەمگە ئاچچىق نەزەر سالدى. مەن بۇ يالغان كۈلكىسى بىلەن كىشىنىڭ جېنىنى سىقىدىغان ئادەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ كۆزىدىن زەھەر تامدۇرۇپ، ئاغزىنى قىيشايتىپ ھېلىقى كىشىدىن سورىدى.

— نېمىشقا؟

— بىر تامنى ئۆرۈيمەن دەپلا ئۆرۈگىلى بولمايدۇ. يەنى مەسىلەن...— قۇربان چاڭچى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ قالدى. كۆزى ياخشى بولمىسا كېرەك، بەزىدە ئۇزۇن يىل بوغالتىرلىق قىلىپ يۈرۈپ كۆزۈم ئاجىزلاپ كەتتى، دەپ ۋايساپ قوياتتى. بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ مۇشۇ گېپىگە ئىشىنەتتى.

— تىلىڭنى چاينىماي گەپ قىل.

«ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن ئادەم— قۇربان چاڭچىنىڭ شېرىكى يۆتىلىپ قويدى. ھەر نەرسىنىڭ شېرىكى بولىدۇ، ياخشىنىڭمۇ، يامانىڭمۇ. شېرىكچىلىك بىردەمدە پەيدا بولىدىغان ئىش. ئادەملەر ئارىسىدا كۆز بىلەن كۆرگىلى، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان، ئەمما روشەن سەزگىلى بولىدىغان بىر مۇناسىۋەت بار. بىردەم پەيدا بولۇپ يەنە بىردەمدە يوقاپ كېتىدۇ. بۇ جاھاندا ئىلگىرى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشىنى تۇنجى كۆرۈپ يېقىن ھېس قىلىدىغان چاغلىرىمىز بولىدۇ، بىر ئۆمۈر يېنىڭدا تۇرغان ئادەم بىلەن بىر-بىرىڭنى تونۇمايلا ئۆتۈپ كەتكىلى تاسلا قالىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس.

قۇربان چاڭچى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ يۆتەلگەچ دېدى:

— ئالدى بىلەن ئۇ تامنىڭ ئىگىسىنى تېپىشىمىز كېرەك.

— بۇنىڭ نېمىگە لازىمى بار؟

— ئەلۋەتتە بار، قانۇنىي ئىگىسى كىم، ھازىر كىم ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، كىملەر ئۇنىڭغا شېرىك، كىملەردىن كىملەرگە قالغان، چېقىشقا قوشۇلىدىغانلار قانچىلىك، قوشۇلمايدىغانلارچۇ، قوشۇلىدىغانلارنىڭ پىكرى قانداق، قوشۇلمايدىغانلارنىڭ نارازىلىق پىكرىنىڭ سەۋەبى ھەم مەقسىتى نېمە...؟ مۇشۇلارنى بىرمۇبىر ئېنىقلاپ ئاندىن بىر ئىش قىلايلى، بولمىسا كېيىن چاتاق چىقىدۇ.

ئاقىلمىش قۇربان چاڭچىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بىر يىللاردا مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ ھېسابچىسى، قايسىبىر كەنتنىڭ بوغالتىرى، مۇرەسسە خادىمى، توي خېتى كېسىدىغان ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى بولغانلىقىنى ئاقىلمىش بىلەتتى. ئاقىلمىش ئۇنىڭ دادىسىنىڭ چېلىشىشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى، شۇ زاماندا مۇشۇ ئوتتۇرادىكى چېلىشىشقا ئامراقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى.

— دىققەت قىلمىغان بىلەن بۇ ئەسكى تام بالايى بەتتەرنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدۇ.

قۇربان چاڭچى بۇرنىنى تارتىپ قويدى.

— ئەستەغپۇرۇللا...— زاماندىن چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ غودۇراپ قويدى.

ئېگىز تېرەكلەرنىڭ قۇرۇغان غازاڭلىرى دۈۋىلىشىپ قالغان بۇلۇڭلاردىكى مۇزلار ئېرىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللىدە بىر نەچچەيلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ بىر-بىرىگە پىچاق سېلىشقان ئىدى. تالاشقان گەپنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەنلەر ياقا چىشلىشىپ قالدى. «ئادەمنىڭ روھى قۇرغاقلىشىپ، توپا-چاڭ ئۆرلەپ تۇرغاندا كىچىككىنە شامالمۇ ئۇنى يىمىرىپ تاشلىسا كېرەك. بىزنىڭ ياراتقۇچىدىن تىلەيدىغىنىمىز دۇنيا-دەپىنە بولىسلا كۇپايە قىلمايدۇ. پاك كۆڭۈل بولسا ئوبدان بولاتتى...» زاماندىنىنىڭ ئۆز خىياللىرىنى بىركىمگە دەپ بەرگۇسى كەلدى.

«ئادەمنىڭ روھى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، پۇت بىلەن قول كۆڭۈلدە بارنى قىلىدۇ.» زاماندىنىنىڭ ئۆيى ئاقىلمىشقا سوغۇق، يىرىك بىلىندى.

«ئەتىدىن كەچكىچە باغۇ بوستاننى ئويلاپ ئولتۇرغاندىن بىر تال كۆچەت تىككەن ئەلا.» ئاقىلمىشنىڭ خىياللىرى زاماندىنغا قۇرۇق، بىمەززە تۇيۇلدى.

«— كەشتە تىككەن ئايالنىڭ كۆزى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

— سەن مېنىڭ خوتۇنۇمنى دەۋاتامسەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— بۇ مەھەللىدە كەشتە تىكىدىغان ئايالدىن مېنىڭلا ئايالىم بار.

— ئۇنداق ئەمەس، ھەممە ئايال كەشتە تىكىدۇ.

— بىراق دائىم تىكىدىغاندىن مېنىڭ ئايالىم بار، ئۇنىڭ كۆزى ئاجىزلاپ كەتسە سىنىڭ نېمە كارىڭ.
— مەن مۇنداقلا دەپ قويدۇم.
— بىكاردىن بىكار دېمىگەنسەن.
— مەن بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ؟!
— خوتۇنۇمنىڭ كۆزى بىلەن نېمە كارىڭ؟!»

چىرايلىق بىر كۈندە، قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان يولدا پىچاقلار ۋال-ۋۇل قىلىپ قالدى. يۇلتۇزنىڭ يورۇقىدا چاقنىغان پىچاقنىڭ نۇرى بەك سوغۇق، قۇياشنىڭ نۇرىدا چاقنىغان پىچاقنىڭ نۇرى تولىمۇ دەھشەتلىك ئىدى. ئادەملەر، قويلار، ئېشەكلەر، ئىتلار ماڭىدىغان يولغا ئادەمنىڭ قېنى چېچىلدى.

— ئىتقا ئوخشايدىغانلار، — دېدى ئاقىلمىش ھېيقماي قىلىۋاتقان بۇ ئىشتىن ئەپسۇسلىنىپ. بۇ يۇرتنىڭ توپىسىدىن، سۇلىرىدىن، دۆڭلىرىدىن، يوللىرىدىن ئەيمىنىش كېرەك، شۇلاردىن تەپ تارتىپ بولسىمۇ مۇشۇنداق قاتىللىقنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى-دە.

ئاقىلمىشنىڭ پىچاق كۆتۈرۈشكەنلەرنى ئىتقا ئوخشاتقىنىدىن سۆيۈنگەن بىرمۇ ئادەم بولمىدى. مەن شۇ چاغدا بىرەيلەننىڭ ئاقىلمىش بىر-بىرىگە تىغ تەڭلىگەنلەرنىڭ خۇي-پەيلىنى ئىتقا، قولىدىكى پىچاقلىرىنى ئىتنىڭ چىشىغا تەققاسلاپ ئوخشىتىش قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانلىقىنى تەخمىن قىلغان ئىدىم.

بۇرۇنلاردا بۇ مەھەللىدە ئىتلار چېتىشسا چوڭ-كىچىك ھەممەيلەننىڭ چىقىپ تاماشا كۆرۈشىدىن بەكلا نومۇس قىلىدىغان بىر ئادەم شۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە يولدىكى قان ئىزلىرىنى ئەڭ بۇرۇن كۆردى. ئۇ ئادەم دائىم:

— ئىتلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرگەنلەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. مەن بەزى ئىشلارغا تووۋا قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيۋاتىمەن. ياقامنى تولا چىشلەپمۇ ھالىم قالمىدى، — دەپ زارلىناتتى.

تامدىكى دەزنىڭ غېمىنى پەقەت ئۇنتۇيالمىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ياقىسىنى چىشلەپ ھالى قالمىغان ئاشۇ كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ دەز كەتكەن تامنى بىر كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى. تام يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ئەمما دەزنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا توساتتىن: تامنىڭ دەز كەتكىنى يالغان بولسا كېرەك، دېگەن خىيال كەلدى. «ئىتلارنى تاماشا قىلىپ يۈرۈشتىن ھار ئالمىغان ئادەملەر يالغان گەپ قىلىشتىن نومۇس قىلمايدۇ.» ئۇ مۇشۇ گەپنى بىر يەردە دەپ سالسام بولمايتتى، ئويلىمىغاندا ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ قالارمۇ، دەپ ئەنسىرەپ قالدى.

— ئۇ زاماندا كۆرەي دېسە تېلېۋىزور يا باشقا بىرنېمە بولمىغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ-دە؟ مانا ھازىر بىركىمنى يىغىپ ئەكەلسەڭمۇ ئۇنداق ئىشلارغا قاراپ تۇرغىلى كىمنىڭ چولىسى؟

— ئۇ زامان، بۇ زامان دەپ ئايرىيدىغان گەپ يوق، ھايا ھەرزاماندا مۇھىم.

— ئىت چېتىشتى دېگەن قانچىلىك ئىش، ھازىر ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنىمۇ فىلىم قىلىپ ئىشلەپ سېتىۋاتسا، ئىتقا كىم قارايتتى؟

زاھىر ماموتنىڭ بۇ گېپى ئاقىلمىشنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان ھەربىر ئېغىز گەپنىمۇ ئويلاپ قىلىش مۇھىمكەن، دەپ ئويلاۋاتاتتى.

— يوق گەپنى قىلما، — دېدى ئاقىلمىش. ئۇ گەپ قىلمىسام بولاتتى، دەپ يەنە سۆزلەپ قالدى، — يالغان گەپ نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى؟

— يالغان ئەمەس، — دېدى بىرەيلەن، — كۆرەي دېسەڭ بازارغا بارغاندا ساڭمۇ ئالغاچ كېلەي.

ئاقىلمىش ھۇيپىدە قىزىرىپ تەستە يۇتۇندى. ھاقارەتلەنگەندەك بىر تۇيغۇدىن چىشلىرى گىرىچلاپ كەتتى.

— ئىت چېتىشقان، توخۇ جۇپلەشكەننى تاماشا قىلغان ئادەمنى غېرىبلىق، مەينەتچىلىك باسىدۇ.

مۇشۇ گەپنى دېگەن كىشىنىڭ ئاقىلمىش بىلەن نىيەت-ئىقبالى بىر بولسا كېرەك. نىيەتنىڭ بىر بولۇشى يەر يۈزىدىكى كاتتا ئىش، توغرا نىيەت، ئۇلۇغ ئارزۇلار بىر بولسا، بىرىنىڭكىگە بىرىنىڭ ئوخشىسا ھەم بىر يەرگە كېلەلىسە قالتىس ئىش بولغان بولىدۇ.

ئىسسىقنىڭ تەسىرىدىن مۈگدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئەسنەپ قويۇپ غودۇرىدى:

— دۆڭنىڭ يېنىغا بېرىۋالغانلار زادى نېمە قىلماقچىدۇ؟

— نېمە كارىمىز.

— نېمە كارىمىز دەيدىغان گەپ يوق. ھەسەن كانچىنىڭ سېرىق ئاسلىنى ئازدۇرۇۋاتىدۇ ئۇلارنى. بەلكىم ئالتۇن كانغا چىقىشنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتسا كېرەك.

ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھەركىم ھەرخىل يوسۇندا پەرەز قىلىشىپ باقاتتى. ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن بۇ بىر نەچچەيلەننىڭ بىر بولۇپ كانغا چىقىشى، ئارقىدىن بىرمۇنچە ئالتۇننى كۆتۈرۈپ كېلىپ سېتىپ باي بولۇشلىرى، ئارقىدىن مەھەللە كوچىلىرىدا ئىشتانغا پاتماي ئالچاڭلاپ مېڭىشلىرى بىر ئادەم، بىر نەچچە ئادەم، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ خىياللىرىدا ئاچچىق تۇمان بولۇپ يېيىلاتتى.

— چىش ئاغرىقى دېگەن بەك يامانكەن، — دېدى

زاھىر ماموت ئىششىپ چىققان ئېڭەكلىرىنى ئەلەم بىلەن سىلاپ قويۇپ.

— بېرىپ ئارىمىڭنى ئال، يا بۇ يەردە ئولتۇرغىچە ئوكۇل سالدۇرۇپ كەل.

— ياق، ئوكۇل پايدا قىلمايدۇ ماڭا. تامنى ئۆرۈيدىغان ئىشنى قانداق قىلىمىز؟ شۇنى بىر ئوقۇۋېلىپ ئاندىن ھەر نېمە قىلسام قىلاي.

چىش ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا مەسلىھەتلەر بولدى. كاۋاۋىچىنىڭ ئاغرىغان چىشقا باسسا بولىدىغانلىقى، سامساق چىشلەپ باقسا پايدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئاخىرىدا گەپ چىش چوتكىلاشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا بولدى.

— چىش پاستىلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ كېتىپتۇ، قايسىسى ئەڭ ياخشى؟

قۇربان چاڭچى ئۆز كارخانىچىلىرىمىز ياسىغان چىش پاستىلىرىنىڭ ماركىلىرىنى بىرمۇ بىر ساناپ چىقتى. ئەمما زاھىر ماموتقا بىرسىمۇ ياقمىدى. ئۇ چىش پاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ باققانلىقى، ئەمما چىشىنىڭ ئاغرىقتىن توختىمىغانلىقىنى ئېيتىپ زارلاندى.

— ئالدامچىلىقكەن، چىشىم داۋاملىق ئاغرىپ تۇرىدۇ، — ئۇ ئاغزىنى يۇمالمىغاچقا گەپلىرى غەلىتە چىقاتتى.

— ماركىسى ئۇيغۇرچە بولغان بىلەن ئىشەنگىلى بولمايدۇ، خەتنى ئۇيغۇرچە بېسىپ قويۇپ باشقا يەرلەردە ياساپ كېلىدۇ، دەيدىغۇ... — دېدى قۇربان چاڭچى تەرىنى تۈرۈپ.

— نەدە ياسىسىمۇ ياساپتۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ قالتىس ئىش، — دېدى زاماندىن بوغۇق ئاۋازدا.

— سېنىڭ ئىشەنمەيدىغانىڭغا نېمە ھەققىڭ بار سولتەك، سەن چىش پاستىسى ياساش ئەمەس، بىر خېمىر يۇغۇرۇپ باقە، كۆرۈپ باقاي. ئوتتۇز يىل بوغالتىر بولۇپ ئوڭشاپ چوت سوقۇشنى بىلمەيدىغان نېمەڭگە.. — سەمەت دۇغدۇي قۇربان چاڭچىغا ھومىيىپ قويدى.

— ئۇنداق دېگەن بىلەن ئۇ...

قۇربان چاڭچى قىزىرىپ-تاتىرىپ جايىغا بېرىپ ئولتۇردى.

زاھىر ماموت يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولغان ئىدى، چىشىنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ۋاي-ۋايلاپ، بۇرنى پۇتۇپ قالغان ئادەمدەك بىر ئاۋازدا دېدى:

— تامنى چاقىدىغان ئىشنى قانداق قىلىمىز... چاپسان بولۇڭلار، مەن شۇنى بىلىۋېلىپ كېتەي دېگەن...

— كېتىۋەر، پات بىر قارارغا كەلگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئەمەت قوغۇنچى.

— قاچان ساقىيار بۇ چىشىم...

— دورا يېسەڭ ئەتىگىچە ساقىيىدۇ.

— ۋاي ۋاي، ما ئاغرىق جاندىن ئۆتۈپ كەتتىغۇ، بۇ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن؟ بىر كۈن دېگەن ئىككى سائەت بولغان بولسىمۇ بوپتىكەن.

ئۇنىڭ ئاغزىنى يۇمالماي دېگەن گەپلىرىنى ھېچكىم ئاڭقىرالمىدى.

شۇ چاغدا قۇربان چاڭچىنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە چىش پاستىسى ئىشلەشتىكى قاملاشمايۋاتقان ئىشلارنى تازا تىللاپ، چۇۋۇتقىسىنى چۇۋۇپ تاشلىغۇسى باردەك قىلاتتى. ئەمما بىر نېمىدىن قورققاندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدى. «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، دەپتىكەن، نېمە كارىم، جىم يۈرمىگەن بىلەن بولمايدۇ. گەپلىرىمنىڭ بىر يەرلىرى قېيىپ كېتىپ بىرەرسىنىڭ زىتىغا تېگىپ كەتمىسەم ياخشى، خەقنىڭ ئاغزى ئۆزىنىڭ بولغاندىكىن قانداق پاستا ئىشلەتسە نېمە كارىم.» جاھاندا ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشنىڭ ئۇسۇللىرى بەك جىق، تۈز يولدا يىقىلغان بىرى ئۆزىگە: بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك يىقىلىپ كەتكەن بولسام بىر يەرلىرىم سۇنۇپ كەتسە قانداق قىلاردىم، شۇنداق ئاقىۋەتكە قالمىغاندىكىن شۈكۈر قىلاي دەپتۇ. ئارقىدىن بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي: پات-پات يىقىلىپ تۇرغانمۇ ياخشى، تەجرىبىلىك بولۇپ قالىمەن، قانداق يەردە قانداق مېڭىشنى ئۆگىنىۋالدىم، دەپتۇ. ئارقىدىن يەنە: بايا يەردە ئەمەس تامدا كىتىۋېتىپ يىقىلغان بولسام، نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ئىدىم، دەپ ئويلاپتۇ.

تامدىن يىقىلغان ئادەم قاتتىق يىقىلىدۇ. مەھەللىدىكى چولاق تامنىڭ بۇ يەردە مۇشۇنداق تۇرغىنىغا نەچچە يىل بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. سەمەت دۇغدۇينىڭ خىيالىچە بۇ بىلىشنىڭ پەقەتلا ھاجىتى يوق ئىدى. مەن بەزىدە بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا بەك جىق نەرسىنى بىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىمەن. بۇ گەپلەرنى كىمگە دەپ قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمىدىم. يەنە ئويلىسام بۇنى خەققە چۈشەندۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوقكەن. بىر كىملەر مېنىڭ ئوي-خىيالىمنى بىلسە ياكى شۇنىڭغا ئىشىنىپ مەن ئويلىغاندەك ئويلاپ، مەن قىلغاندەك قىلىپ مېنى دوراپ ياشىسا مەن بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كەتسەم ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ماڭا ياكى مېنى دورىغانلارغا نىسبەتەن قانداق ئەھمىيىتى بار؟ تامغا قوشۇپ لايغا باستۇرۇۋېتىلگەن ھېلىقى ئەرنىڭ جىنايىتى ساداقەتسىزلىك، ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، ئۇنىڭ خۇددى شۇنداق بىر قازاغا يولۇقۇشى ناھايىتى توغرا دەپ ئويلايمىز. بەزىلەر بۇنى تەقدىر

ئەزەلدە پېشانىسىگە پۈتۈلگەن دېيىشلىرىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ شۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قېلىشىنى خاتا دېسەك خاتا گەپ قىلغان بولىمىز. ئەمما بىزدىن بۇرۇن ياشىغان، بىزدىن كېيىن ياشايدىغان ياكى بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان بەزى ئادەملەر باشقىچە ئويلايدۇ، ئىككىسى بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىچە قىلغان، بىر كىم زورلاپ ياكى قىزىقتۇرمىغان، كۆڭۈل ئەركى شۇنىڭغا مايىللاشقاندا شۇنداق قىلسا بۇنىڭ نەرى يامان. ھەر ئىككىسى خۇددى شۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىزدەپ تاما قىلىشىپ يۈرگەنلەر، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۆزلىرى ئۇچۇن مەڭگۇ توغرا، بىراق ساراي ئىگىسى بولغان باي ئۇچۇن ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئىككى ئادەمنىڭ مەنپەئەتى بىر-بىرىگە زىت كېلىپ پەقەت چىقىشالمىغاندا بىزنىڭ تارازىمىز ئەلۋەتتە ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، يامانغا يانتاياق بولماسلىق... بۇ گەپلەرنى ماڭا كىمنىڭ دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق. ئادەم دېگەن بىر نېمە تالاشمىسا كۆڭلى تىنمايدىغان نەرسىكەن، ئۆزىنىڭ قاچىسىدا تويغۇدەك تاماق تۇرسا يەنە خەقنىڭ چۆچىكىگە كۆز قىزارتىش قايسى زاماندىن قالغان ئادەت بولغىيدى؟ ھېلىقى خوتۇن دىيانەتلىك، ھېلىقى ئاداش ساداقەتلىك بولغان بولسا تامغا باستۇرۇلىدىغان ئېچىنىشلىق قىسمەت، يەنە شۇ ئۆينىڭ ئىچىدە قورقۇنچلۇق تەرزدە ئۆلىدىغان تەقدىر بولماس ئىدى. بىز پەقەت بولماس ئىدى، دېيەلەيمىز، ئەمما بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، باينىڭ خوتۇنى بولمىسىمۇ، يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن مەدىكار بولمىسىمۇ، بىرى ياش ھەم چىرايلىق، بىرى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان بولمىسىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى نائىنساب، بەتقىلىق دېگەندە، ئېسىل، دىيانەتلىك دېيىلىدىغانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ تەبىئىتى مۇشۇنداق ئىشلارغا ھەم مايىل بولۇپ يارالسا كېرەك. يەنە ھەم بۇ خىل ئىشلار نەپرەتكە تالىق بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېچكىم چەتكە قاقالمايدۇ، مەيلى ئۇ تامغا باستۇرۇۋېتىشكە لايىق جىنايەت ئۆتكۈزسۇن يا باشقا ئىش بولسۇن ئىشقىلىپ شۇنداق. چۈنكى بىرى نېمە قىلسا شۇنى قىلغۇسى كېلىدىغان ئادەملەر يەنە بەزى يامان ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ ھەم يامان ئىش قىلغانلاردىن سەسكىنىپ ئۆزىنى توغرىلىق تەرەپكە تارتىدۇ. ھاياتتا توغرىلىق، ھەق يول ئۇچۇن جېنىنى سېلىپ بېرىدىغانلار بار.

ئايدىڭ ئاخشامنىڭ چىرايلىق سۈلكىتى جانغا ھوزۇر. ئالەم تىمتاسلىققا چۆمگەن، بۇ جىملىقنىڭ، بۇ ئۇلۇغۋار سۈكۈناتنىڭ ئارىسىغا ناھايىتى ئېغىر، مۇستەھكەم، شۇ قەدەر جازىبىدار، ئەيمىنىشلىك، شۇنداق شېرىن بىر نەرسە، بىر گۈزەل ماتانەت يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك قىلاتتى. بۇنى ھېس قىلغان، بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈسى كەلگەن ئادەملەر نۇرغۇن ئىدى. بەزىلەر ئۇنى ھاياتنىڭ مەڭگۇ داۋام قىلىدىغانلىقىغا ئىشارە دەپ ئويلىدى. بەزىلەر ئادەمنىڭ بۈيۈكلۈكىنىڭ، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ھەممىگە قۇدرىتى يېتىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشىنىشتى. يەنە بەزىلەر ئىنسان بەركاماللىقىنىڭ تىمتاسلىق، سۈكۈنات ئىچىدىكى نامايان بولۇشى دەپ خىيال قىلىشتى. يەر-زېمىن، ئاسمان، بىپايان يۇلتۇزلار ئالىمى، ئىنسان روھى بىلەن ۋۇجۇدىنىڭ بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ ئاجايىپ جىپسىلاشقىنىدىن ھەيران قالىدىغان ھەم سۆيۈنۈپ كېتىدىغان زاماندىن ئاقىلمىشنىڭ يالقۇن كەبى كۆزلىرىگە قارىدى.

— ئىنسان تەپەككۇرى ھەممىگە قادىر دېگەننى دەماللىققا قوبۇل قىلماق تەس.

— نېمە ئۈچۈنكى؟

— ئىنسان تۈگمەس بالايى بەتتەرلەر ئارىسىدا گاڭگىراپ قالدى. كېسەللىك، ئۇرۇش، تەبىئەت بالا-قازاسى، روھىي مەينەتچىلىك...

— بۇلارنىمۇ يەنە ئىنسان تەپەككۇرى ئوڭشلايدۇ.

— ناتايىن.

— ناتايىن بولۇشى ناتايىن.

يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسماننىڭ پايانى، تەكلىماكاننىڭ تەكلىماكان بولۇپ قېلىشىنىڭ بائىسى ھەققىدە، دەريا-كۆللەرنىڭ كۆچۈشى، بوستانراباتلارنىڭ يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كېتىشى، دۇنيانى تىترەتكەن ئىنسان تۆركۈملىرىنىڭ يەر يۈزىدىن ئىزسىز غايىب بولۇشلىرى... دېگەندەكلەر ھەققىدە تولا ئويلاپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئوي-خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەن زاماندىن ئاقىلمىشنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىككىيلەن بۇرۇندىن چىقىشالمايتتى، بىر-بىرىنى ئىزدەشمەيتتى. ئاقىلمىش ئوقۇغان مەكتەپتە ئۇمۇ ئوقۇغان، ئەمما ئۇنىڭ بويىنغا ئاقىلمىشتەك شال ئېسىلمىغان، قولىغا داس ئېلىپ كوچىدا تاراڭلىتىپ ئۇرۇپ ماڭمىغان. تەقدىر قىسمىتى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىر-بىرىگە يول بەرمەي كېلىشكەندەك قىلاتتى. ئۇلار بىرەر قېتىممۇ جامائەت سورۇنلىرىدا ياكى ئادەم يوق يەردە تالاش قىلىشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنى ئۆزلىرىگە رەقىب ھېسابلاپ مۇشۇ كۈنگە كېلىشكەن ئىدى.

— نېمانداق جىمغۇرلىشىپ كەتتىڭ؟

— ئىنسان توغرۇلۇق ئويلاۋاتىمەن.

— ئويلىمىساڭ ياخشى بولاتتى، بۇنىڭ مەڭگۈ

ئاخىرىنى چىقارغىلى بولمايدۇ.

— مەيلى، داۋامىنى بالىلىرىم ياكى باشقىلار ئويلايدۇ.

— بۇنىڭغا ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

— مەندە ئىشەنچ بولغىنى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ھەم ماڭا ئوخشىغان ئادەملەرنى ھەممىدىن ئۇلۇغ سانايمەن، ئىشەنچ بار يەردە ھەممە نەرسە بار.

— ئىشەنچ بولغان بىلەن شۇنىڭغا يارىشا تىرىشقاقلىق بولمىسا بىكار، بەزىدە ئىشەنچمۇ قۇرۇق بىر نېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

— ئەمما مەن ئىشەنچنىڭ ھەممىنى ھەل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— قۇرۇق گەپ ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ.

يۇرتنىڭ ئەقلى دېيىلىدىغان ئىككىيلەن بىر-بىرىگە خىرىسكارلىق بىلەن تىكىلىشتى.

ئۇلار ئولتۇرغان يەر بۇرۇن ئاسمان-پەلەك كۆكلىگەن تېرەكلەر، قويۇق جىگدىلەر بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدىغان ئورمان ئىدى. ھازىر بۇ يەردىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. ھەممەيلەن بۇ ئورمان قۇرۇپ كەتمىسە بولاتتى، دەپ يۈرۈشكەن بولسىمۇ بىراق ئورمان قۇرۇپ كەتتى، قۇرۇپ كەتمىدى، يوقىلىپ كەتتى. مۇشۇ ئوتتۇرادىكى جىمى ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر غوجايىن زايىتباي بۇ ئورماننى سېتىۋالدى. بۇنى سېتىشنىڭ نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم ئۇقالمىدى. زايىتباي ياللىۋالغان ئادەملەر كېلىپ ئورمانلارنى كۆيدۈرۈپ، يەرلەرنى تۈرتۈپ تۈزلەپ تەپتەكشى قىلىۋېتىشتى، بۇ بۇرۇنقى ئىشلار. ئورمان ئېتىز بولدى، بولۇق ئۆسكەن بۇغدايلار، قوناقلار، كېۋەزلەر ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ھاماقەتلەرچە كۈن ئېلىپ كېلىشكەنلىرىگە، بۇرۇنراق مۇشۇنداق كاللىسىنى ئىشلىتىپ بۇ يەرنى تۈزلەپ، راسلاپ زىرائەت تېرىپ پۇل تاپمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈشۈپ ھەسرەت چېكىشتى. ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتتى، سۇ تۈگىدى، باشتىكى ئېقىن، بۇلاقلار قۇرۇپ كەتتى، يەرنىڭ تېگىدىنمۇ سۇ چىقمايدىغان بولۇپ، ئاخىرى توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان يەرگە ئايلىنىپ كەتتى. زاماندىن بىلەن ئاقىلمىش ئىككىيلەن مۇشۇ ئىشلارنى يادىغا ئېلىشتى، ئەمما بىر-بىرىگە ئېغىز ئېچىشمىدى.

— غوجىسىغا ساداقەتسىزلىك قىلغان ھېلىقى ئازغۇن بىلەن خوتۇننى سەن قانداق قىلاتتىڭ.

— ئادەم ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ ئۇنىڭ تەبىئىتىدە يەنە پاسكىنا تەرەپلەر بار. خۇددى مەينەتچىلىكنى يۇيۇشقا تېگىشلىك بولغاندەك ئادەممۇ ئۆزىنى تازىلاپ تۇرۇشقا تېگىشلىك. بولۇپمۇ كۆڭلىنى تازىلاپ پاكىزلاپ تۇرۇشى زۆرۈر.

— بەلكىم.

— بەلكىم ئەمەس، جەزمەن شۇنداق.

— مېنىڭ سېنىڭ گېپىڭگە ئىشىنىش مەجبۇرىيىتىم يوق.

— گېپىم توغرا تۇرسا.

— توغرا بولسىمۇ.

«مىڭ، ئونمىڭ يىللار مابەينىدە ئوغرىلىق يامان ئىش دېيىلىپ كەلدى، ئەمما ئوغرىلار ئازلاپ، ئوغرىلىق تۈزەلمىدى. ئادەم تىللاش يامان ئىش سانالسىمۇ، ئەمما ئادەم تىللايدىغانلار تۈگىمىدى. بۇزۇقچىلىق، قاتىللىققا ئوخشاش ئىشلارمۇ ھەم شۇنداق. خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئىشلار تولا. ئادەم دېگەننىڭ قىزىقارلىق، كۈلكىلىك ھەم بىچارە تەرىپى مۇشۇ بولسا كېرەك. توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمايدىغان، توغرا يولدا ئۆزى ماڭمايدىغان، ماڭغانلارنى مەسخىرە قىلىدىغانلار بار، ئادەم دېگەننىڭ كۈلكىلىك، بىچارە ھەم تايىنسىزلىقى مۇشۇ يەردە. شۇڭا بەزى ئادەملەر گېپىنىڭ توغرىلىقىنى پەش قىلىپ، بەك ئەزۋەيلەپ كەتمىسە بولىدۇ. مۇھىمى— توغرا گەپنى قىلىشلا ئەمەس، توغرا گەپ بويىچە ئىش قىلىش...»

زاماندىن مۇشۇنداق ئويلىدى. ئەمما ئېغىزىدىن چىقارمىدى، تىنمىدى.

ئۇ زېمىننىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ، ئىنسان يۈرىكىنى يۇيۇشنىڭ ئۇسۇللىرى، بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىنسانغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، ئەمما بىزنىڭ ئۇنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق خىجىلچىلىق بىلەن ئويلاۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دېگەن ئىدى.

— بىر ھەپتە بولدى، دەز كەتكەن تامنى چېقىش توغرۇلۇق گەپ بولۇۋاتىدۇ.

— بۇ ئۇششاق ئىشلارغۇ.

— ئۇنداق دېگىلى بولماس، تام ئۆرۈلۈپ بالىلارنى بېسىۋالسا ئۆلۈم چىقىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ...

— جانغا خەۋپ بولىدىكەن، ئۇ ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ كۆڭۈلشىشكە تېگىشلىك ئىش بولىدۇ.

بىر-بىرىگە تىك قاراشقان ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئەتراپتىكىلەر توپا ھىدىنى ئۈچۈرتۈپ كەلگەن شامالدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشۇپ جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى.

— جاننىڭ قەدىر-قىممىتى ئوخشىمايدۇ.

— ئاغزىڭغا ئۇرايمۇ.

— نېمە دېسەڭمۇ بىكار، جاھان سورىغان شاھىمەردانلار بىلەن جەندە-كۇلاھلىق قەلەندەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



جىنى قاچان تەك بولغان؟

— ئۆلگەندە تەك بولىدۇ.

— بۇ بىچارىلەرنىڭ ئۆزىگە تەسەللى تاپىدىغان گېپى.

— يوقالساڭچۇ!

شۇ ھالدا نەچچە كۈندىن بۇيانقىغا ئوخشاش تام توغرۇلۇق گەپلەر بولۇۋاتىدۇ. ئادەم كۆپ، يەنە كۆپىيىشى مۇمكىن ئىدى. ئەللىك ـ ئاتمىش ئادەمنى ئاز دېگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ بىر چولاق تام ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

— تامنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېقىۋەتسەك، كېيىن ئىگىسى چىقىپ قېلىپ ئەرز قىلسا قانداق قىلىمىز؟ باشقا پىت چۈشىدىغان گەپ.

قۇربان چاقچى ئېڭەكلىرىنى قاشلىغاچ شۇنداق دېدى.

— بۇ گەپمۇ توغرا، «يىتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن» دېگەندەك، بۇ تامنى ئۆرۈپ بولغاندا ئىگىسى كېلىپ، پالانى پۇلنى تۆلە دېسە قانداق قىلغۇلۇق؟

ھەممەيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى.

«ئادەملەر ئارىسىدا پات ـ پات بىر نېمىلەر يوقاپ كېتىدۇ، يوقاپ كەتكەن نېمىلەرنىڭ ئورنى بوش قالىدۇ، بوش قالسا ياخشى، ئەمما يامنى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى كۆڭۈلنى ئىلىشتۇرىدىغان بىر نېمىلەر ئىگىلەپ كېتىدىغان بولسا بۇ يامان بولىدۇ. قوي، كالا، تۆگە ياكى شۇنىڭدەك بىر نېمىلەر يوقاپ كەتسە بۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ، تاپالمىساق ئىست دەپلا بولدى قىلىمىز، ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىمىز، ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. ئەمما يوقاپ كەتسە تاپقىلى بولمايدىغان، تاپقاندىمۇ ئەسلىدىكىدەك ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان، ۋاقتى ئۆتكەنسېرى ئەسلىدىكى كاۋاك، كەمتۈك يەرلىرى يوغىناپ زۇلۇم قىلىدىغان نەرسىلەر بار. ئۇ نەرسىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، تۇتقىلى، پۇرىغىلى، سىلىغىلى، ۋاي ئىست، دەپلا ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ.» ئاقىلمىشنىڭ مۇشۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان بىر ئادەم كېيىنكى كۈنلەردە ھەسرەت بىلەن شۇنداق دېگەن: مەن تۇتقىلى، سىلىغىلى، پۇرىغىلى بولمىسا بۇ قانداق نەرسىدۇ؟ بەلكىم ھېچنېمىگە ئەرزىمىسە كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم، ھازىر شۇ خىياللىرىم ئۈچۈن پۇشۇقىنىمەن.

كۆڭۈل تولۇقى.

كۆڭۈلنىڭ يورۇقلۇقى.

ھاياتنىڭ ئۈزۈن دەملىرىدە بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن، جاپاسىز كۈنگە كۆنەلمەيدىغان بىر موماي نەۋرىسىنى تىللاۋېتىپ:

— ئەتىگەندىن كەچكىچە كىرسىنى ئىسراپ قىلىپ كىتابلا ئوقۇمسەن، چىراغ مېيىنىڭ يوقلۇقىدا ساڭا نەدىن چاپلاشتى بۇ جىن! مۇشۇ كىتاب دېگەننى كىم پەيدا قىلغان نەرسە بولغىيدى، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ... — دېگەنىكەن. دۇمچەك موماي ئويلايدۇكى، چىراغ مېيىنى ئالسا پۇل تېجىلىدۇ، چىراغ يېقىپ كىتاب ئوقۇسا پۇلغا زىيان، بۇ نەرسىنى ئوقۇشقا چىراغ كەتمىگەن بولسىمۇ مەيلى ئىدى...

مومايىنىڭ نەۋرىسى: «مومام كىرسىن چىراغ نۇرىنىڭ كىتابتىكى نۇرنى ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئەكىرىدىغانلىقىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلىغان، ئەمما بۇ گەپلەرنى مومىسىغا ياكى باشقا بىرىگە دېمىگەن ئىدى.

زاماندىن پات ـ پات باللىق چاغلىرىنى ئەسلەپ قالىدۇ.

بىر مۇئەللىم تەنەپپۇس ۋاقتىدا قەدىمكى زامان ھەققىدە گەپ قىلىۋېتىپ ئاپپاق خوجىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ خۇددى قەدىمكى مىسىرغا تاجاۋۇز قىلغان قەيسەرنىڭ ئاياسوفىيە كۇتۇپخانىسىنى كۆيدۈرگىنىگە ئوخشايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. مومىسىنىڭ دەشنامىلىرىنى تولا ئاڭلايدىغان ھېلىقى بالا شۇ چاغدا مومىسىنى ئەسلەپ قالغان ئىدى. مۇئەللىمنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا ئاپاق خوجا كۆيدۈرگەن كىتابلار ئىچىدە ئەقىلنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئالاقىدار ئاجايىپ ھېكمەتلەر، قالتىس بىلىملەر بولۇشى مۇمكىنكەن.

ئاقىلمىش ئۆتمۈشنى يادىغا ئېلىشى بىلەن كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ يىغلاشقا ئاران تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ تايىنسىز چوڭ بولغان باللىرى، قوشنىلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ پەس ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇشلىرى، قەلەندەرلەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى دېگەندەك ئىشلارنى ئاشۇ كىتابلارنىڭ كۆيۈپ كېتىشى بىلەن باغلاپ چۈشەنسە كېرەك، دەپ ئويلىدىم. «جاللات خېنىم» دېگەن كىتابلارنى ئوقۇپ ئاپاق خوجىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلگەن ئىدىم. قەشقەرلىك بۇرادەرلەردىن نۇرغۇن كىشىنىڭ ھېلىھەم ئاپاق خوجا قەبرىستانلىقىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيرەت ھەم ھەسرەتتە قالغان ئىدىم.

ئۆلۈككە تاۋاپ قىلىش قورقۇنچلۇق ئىش.

تۈمەن دەرياسى بويىدىكى سۆگەت تاللىرى ئارىسىدا چىرايلىق خاتىرىلىرى قالغان نۇرغۇن باللارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن شۇ كۈنلىرىنى ئەسلەپ ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ ئۇھ تارتتى:

— تۈمەن دەرياسى ئۆستەڭگە ئوخشاپ قالدى.

تۈمەن دەرياسى... مەن ئۇ دەريانى كۆرگەن، يەنە

نۇرغۇن ئادەملەر تۇمەن دەرياسىنى كۆرگەن، كۈنىگە نەچچە مىڭ ئادەم تۇمەن دەرياسىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

قەشقەر بىلەن تۇمەن دەرياسى بىر بولۇپ، ئەسىرلەر بويى دىللارغا ئۇلۇغۋارلىق شاراپىتىدە ئورنىشىپ كەلگەن. ئۆتمۈشۈم توغرۇلۇق خىيال قىلىۋېتىپ قەشقەرنى، تۇمەن دەرياسىنى ئويلاپ قالغىنىم ئەجەب ئەمەس.

— ئىشەنگۈدەك نەرسە بەك ئاز قالدى.

ئىككىيلەن قورۇغان ئۆستەڭنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇشقان ئىدى. ئاپتاپ مېھرىلىك بولۇپ، كۆك قۇم، بوز توپا يۇمشاق بىلىنەتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— سەن زۆرۈرىيەتتىن بىر كىشىگە ئون مىڭ سوم ئۆتنە بەرسەڭ، ئۇ كىشىنىڭ دېگەن مۆھلەتتە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەلەمسەن؟

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزۈڭنىڭ مەزى بېزى كېسىلى بولۇپ قالغىنىڭنى بىرەر دوستۇڭغا مۇشۇ سىرىمنى يېيىۋەتمەيدۇ، دەپ قورقماي ئېيتالامسەن؟

— بۇنى نېمىشقا دېگۈدەكمەن.

— ماڭا سادىق دەپ ئويلايدىغان خوتۇنۇڭنى ئۆمرىدە باشقا ئەرلەرگە دەردىنى تۆكمىگەن، مېنىڭ ئېرىم ئەسلىي بۇ ئەمەس، ئۇ بولغان بولسا كۆڭلۈم ياخشى ئۆتەتتى، دەپ ئويلىمىغان دەپ ئىشەنچ قىلالامسەن.

— تايىنى يوق گەپلەرنى قىلىشمايلى.

— دېمەك ئىش مانا شۇنداق... ئىشەنگۈدەك نەرسە بەك ئاز قالدى. خۇددى قاچىدا تاماقنىڭ يۇقى قالغاندەك.

— بۇنداق ئويلىساڭ جاھاندا ياشىماق تەسلىشىپ كېتىدۇ.

— ئەمما ئىش يۈزىدە ئەھۋال خۇددى مۇشۇنداق.

تامغا باستۇرۇۋېتىلگەن ئازغۇن، تام ئىچىگە بەند قىلىنغان ئاسىيلارنىڭ شۇ ھالغا قېلىشى ئىشەنچكە مۇناسىپ بولالمىغىنىدىن، ئۇلار شۇ گۇناھلىرى ۋەجىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلدى. ئۇلار ئۆزلىرىلا ئۆلۈپ قالماي نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆلتۈردى. ئەڭ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگىنى باينىڭ يۈرىكىدىكى ئىشەنچ. ئىشەنچ ئۆلگەن يەردە ھەممە نەرسە ئۆلىدۇ. بىگۇناھ، بىراۋلاغا غەرەزسىز ياخشىلىق قىلغان باينىڭ ئەقىدىسىنىڭ بەربات بولۇشى مىڭ يىللىق ھەسرەت. ھاقارەتلەنگەن غۇرۇرنىڭ ئۆلۈمى بەتتەر پاجىئە. تامغا باستۇرۇلۇپ، تامغا بەند قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىككى ئادەم ئەمەس كېمىدا ئۈچ. ئۆلگىنى ئۈچلا ئادەم ئەمەس ناھايىتى نۇرغۇن نەرسە.

يىتكەن، يوقاپ كەتكەن، ئاجىزلاپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇھىمراقلىرىنىڭ بىرى ئىككى ئادەم، ئۈچ ئادەم، بىر توپ ئادەم، نەچچە يۈزمىڭ ئادەم، مىليون ئادەم ئارىسىدىكى ئىشەنچ بولۇشى مۇمكىن. گۇمان تۇماندەك تارقىلىپ كەتسە ياخشى بولاتتى. ئەمما ئۇ بىر ياقتىن تارقىلىپ بىر ياقتىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. گۇمان ئىشەنچنىڭ دۈشمىنى. ئىشەنچ بولمىغان يەردە پاجىئە قايىنايدۇ. ئىشەنمەيدىغان ئادەمگە ئىشىنىپ قالسا پاجىئە يەنىمۇ ئۇلغىيىدۇ. ئىشىنىدىغان ئادەمگە ئىشىنەلمىگەندىمۇ ھەم شۇنداق. قانداق قىلىمىز؟ ئۆزىمىزگە مەدەت بېرىپ ياشىمىساق، بىزگە بىر كىم ياشىشىپ بەرمەيدۇ. پەقەت ئۆزىمىزلا ئۆزىمىزنى يۆلەپ ياشىيالايمىز. بىز بىر-بىرىمىزنى ئىشەنچ بىلەن قۇچاقلىيالىساق، سۆيەلىسەك، ئىنسان بالىسى بولغىنىمىزدىن تەڭ سۆيۈنسەك ھاياتنىڭ قىيناقلىرى توزۇپ كېتىدۇ.

— گۇمان بولمىسا بولمايدۇ.

— بۇ گېپىڭ مۇتلەق قاملاشمىدى.

— گۇمان قىلمايدىغان ئادەملەر بىچارە تەقدىرگە قالىدۇ.

— ئىشەنچ يوق يەردە گۇمان بولىدۇ.

— گۇمان بار يەردە ئىشەنچ بولمايدۇ.

— بۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولدى.

بىر مەست يەنە بىر مەستنىڭ بايىقى گەپلىرىگە ئېرەن قىلمىدى. بىر-بىرىگە گېپىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي جىق ھەرەج تارتىپ كەتتى. يامان گەپ قىلىشقا بولمايدۇ، يامانلىق ئادەمنى يامانلىققا، شۇملۇققا جورۇيدۇ. زېمىننىڭ باغرىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك ماھىيىتى بىر، ئادەم ئادەمنى سۆيۈپ ياشىمىسا بولمايدۇ. بولمىسا ھايات باياۋانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، باياۋان بولغاندىمۇ شىۋىرغان ھۇۋلاپ، سوغۇق، قۇم، چاڭ-مانان ئۇچۇپ تۇرىدىغان ۋەھىمىلىك باياۋان. ئىشەنچ بولمىغان يەردە پاجىئە بولىدۇ، بىرى تامغا قوشۇپ لاي ئارىسىغا كۆمۈۋېتىلىدۇ، بىرى ئاشۇ قېلىن، دېرىزىسىز تامنىڭ ئىچىدە ھەسرەت-نادامەت بىلەن جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھاياتنىڭ نۇرغۇن قائىدىلىرى ئاستا-ئاستا شەكىللىنىدۇ، بارا-بارا ھەممە ئادەم جەزمەن بويسۇنۇشى كېرەك بولغان قانۇنغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاش كەتمەيدۇ، بويسۇنمىغانلار تەبىئىي يوسۇندا جاجىسىنى يەيدۇ. بۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن زاماندىن ماڭا مۇنداق خەتلەر يېزىلغان لەۋھە بەرگەن: «خەلق ئۆزىنى تارتقان ئىشتىن سەنمۇ ئۆزۈڭنى تارت، تىنچ، خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ پادىشاھلار بىلەن دوستلاشما، ئۆز

شەخسىيتى ــ نەپسى ئۈچۈن ياشايدىغان كىشىنى تىرىكلەر قاتارىدا كۆرمە، دۈشمەن ئاتىلاپ قالمىسۇن دېسەڭ دوستۇڭغىمۇ سىرىڭنى ئېيتما، زامانىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولاي دېسەڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما.»

زاماندىنىڭ دېيىشىچە بۇ نۇشىرىۋان ئادىل دېگەن زاتنىڭ گېپى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى بۇرۇنلاردا ياشىغان بىر دانا، ئادىل پادىشاھ ئىكەن. ماڭا ئۇنىڭ گەپلىرى ناھايىتى ياقتى، ئەمما ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ تۇيۇلدى. نۇشىرىۋاننىڭ ئۆزى پادىشاھ تۇرۇپ پادىشاھلار بىلەن دوستلاشما، دېگىنى ئەجەب؟ ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېسىل بولسىمۇ، ئەمما ئىش يۈزىدە شۇنداق قىلغىلى بولمايتتى.

سەمەت دۇغدۇينىڭ ئويىچە تامنىڭ ئىگىسىنى تېپىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ دوختۇر ياكى تىككۈچى بولۇشىدا بېشى قېتىپ گاڭگىراپ قالغان ئىدى. مەيلى قايسى ھۈنەرنى ئۆگەنسىمۇ ئىش قاملاشمايدىغاندەك قىلاتتى.

ــ ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ يۈرۈپ، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، نېمە ئۆگەنسە مەيلى، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولىدۇ،ــ خوتۇنى شۇنداق دېگەندە سەمەت دۇغدۇي ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ سەن نېمىنى بىلەتتىڭ! بىر ئىشنى ئوبدان ئويلاپ قىلىش كېرەك.

ــ سىز پات ئويلاپ بولالمايدىغاندەك قىلىسىز.

ــ سەن ئىشىڭنى قىل كالۋا! مەن چوقۇم ئوبدان چارە تاپىمەن، يا بولمىسا بىرەرى ئەقىل كۆرسىتىدۇ.

سەمەت دۇغدۇي ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇپ يەنە جايىغا ئولتۇردى، ئاندىن ئاستا غودۇڭشىدى:

ــ بۇ تامنى جەزمەن ئۆرۈۋەتمىسەك بولمايدۇ. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ شۇ پېتى تۇرۇشىنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟

ــ بۇ گەپنى قويايلى، كەچكىچە تامنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇرغان بىلەن زىيان بىزگە بولىدۇ، ئالتۇن كاننى يالغۇز ئىگىلىمەكچى بولغان گۇيلارنى قانداق قىلىمىز؟ــ دېدى دېدى ئورۇق، تاقىر بېشىغا دوپپا كىيىۋالغان بىرەيلەن چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ.

ــ شۇنى دەيمەن، ئۇلارنىڭ بىزدىن يىرىلىپ شۇ يەرگە بېرىۋېلىشىدا بىر ئىش بار زادى.

دۆڭ باغرىدا ئاپتاپسىنىپ ياتقانلارنى كۆزىگە سىغدۇرالمىغان بىرى شۇنداق دېدى: ھەسەن كانچىنىڭ بالىسى بۇرۇن تاشلىنىپ قالغان كاننىڭ نەدىلىكىنى دادىسىدىن سوراپ بىلىۋالغان بولسا، بۇ بىر نەچچەيلەن شېرىكلىشىپ كان ئېچىپ باي بولۇپ كەتسە... مەھەللە ـ كوي مۇشۇلارنىڭ چاڭگىلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتسە قانداق بوپ كېتەر؟ ناھايىتى ئاددىي، كاننىڭ نەدىلىكىنى بىلسەك، باشلاپ چىقىپ مانا مۇشۇ جايدا ئالتۇن بار، دېسىلا ئۇ خەق تۇتاملاپ پۇلنى بېرىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ، دۆڭگە بېرىۋالغانلار كان ئاچمىغان تەقدىردىمۇ كاننىڭ نەدىلىكىنى بىلسە كان ئاچىدىغانلارغا كۆرسىتىپ بېرىپ پۇل تېپىشنىڭ مەسلىھەتىگە چۈشكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مەن نۇشىرىۋاننىڭ، كان تېپىپ باي بولۇشقا جابدۇنغانلارنىڭ، يەنە بىركىملەرنىڭ خىيالىنى يىغىپ تام توغرۇلۇق ئويلاپ قالدىم، جاھاننىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرسىمۇ ئەمما ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك تولا ھەم ئۇششاق ئىشلار كىشىنى بىئارام قىلىدۇ، ئۇلۇغ ئادەمنى پىت چېقىۋەرسە بىئارام بولۇپ سۈلكىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ــ بۇ ئەسكى تامنىڭ ئىگىسىنى نەدىن تاپىمىز؟

بىر ئادەم تەئەددى بىلەن شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ بىر ئىشلارغا ئاچچىقى كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇششاق ئىشلارغا ئىچ پۇشۇقى تارتىپ يۈرىدىغان ئادەملەر تولا، قىشنىڭ بالدۇر كەلگىنىدىن، بورانىنىڭ تولا چىققىنىدىن، يامغۇر ياغمىغىنىدىن ھەسرەت چەككەن ئادەملەر بىلەن بۇنداق كىشىلەرنى بىر يەرگە قويغىلى بولمايدۇ. تامنىڭ ئىگىسىنى تېپىش مۇھىم ئىش بولۇپ قالسا كېرەك، بەزىدە بىر ئىشلار ئۆزىچىلا مۇھىم بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. سەھرا ـ قىشلاقلارنى ئارىلاشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر بۇرادىرىم كۈلۈپ ھېكايە قىلىدۇ: ئۇنىڭ تاغىسى تۇرۇشلۇق كەنتتە تۇرۇپلا قارا توخۇنىڭ تۇخۇمى جىددىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قاپتۇ، ھەممەيلەن قارا توخۇنىڭ تۇخۇمنى تېپىشنىڭ ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپتۇ، ئەمما بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى سوراشتۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ رەۋىتى يوقكەن، ساق ئىككى ھەپتە ھەممە ئادەم تۇخۇم توغرۇلۇق غەمگە قاپتۇ، ئولتۇرسا ـ قوپسا تۇخۇمنىڭ گېپىنى، غېمىنى قىلىدىكەن. تۇخۇم تېپىشىپتۇ، ئەمما جىق ئادەملەر بۇنىڭ نېمىگە لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، ئاخىرىدا بەزى مىش ـ مىشلاردىن بىلىنىشچە كەنت ئەمەلدارىنىڭ ئوغلىنىڭ خەتنىسىنى قىلىدىغان ئىشنىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىپ قاپتۇ. قارا توخۇنىڭ تۇخۇمى قۇۋۋەتلىك بولغاچقا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىر ـ بىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈشۈپ يۈرۈپ بۇ ئىشنى پەيدا قىلغانىكەن. قارا توخۇ تۇخۇمىنىڭ جىددىيلىكى پەيدا بولۇشىدىكى يەنە بىر گەپتە بۇرۇن مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھازىر چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ناھايىتى يوغان بىر باشلىق بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان بىر كىشى بولۇپ، ئۇ يۇرتىنى كۆرگەچ خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگۈدەك، شۇ

كىشى ھازىرغىچە ئۆز مەھەللىسىنىڭ قارا توخۇسىنىڭ تۇخۇمىنىڭ تەمىنى ئۇنتۇيالماي كەلگەنىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرتۈپ تۇخۇم يىغىش زۆرۈر بولۇپ قالغانىكەن. كېيىن گەپنىڭ ئۆزى مۇنداق بولۇپتۇ. ھېلقى كەنت ئەمەلدارىنىڭ ئوغلى يوق بولۇپ، باللىرى قىز ئىكەن، ھېلقى يوغان باشلىقنىڭ بۇ يەرگە كېلىشمۇ يالغان بولۇپ تۇخۇم غەلۋىسىنىڭ سەۋەبى چۈشىنىكسىز بىر ئىشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئوغلىنىڭ خەتنىسىنى قىلدىغىنى يېزا ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە توشۇپ ئاپارغان نەچچە ھارۋا تۇخۇمنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇمىش. يېزا ئەمەلدارىنىڭ خانىمىنىڭ دېيىشچە خەتنە قىلىنغان بالا تۇخۇم يېسە كېسىلگەن جاي يالىلۇغلىنىپ، قوقاقلاپ ساقايماي جاپا سالغۇدەك... قارا توخۇنىڭ تۇخۇمىنى تېپىشنى يېزا ئەمەلدارىمۇ دېمىگەنىكەن، شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشنىڭ نەدىن چىقىپ، نەدە ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلگىلى بولماپتۇ.

تامنىڭ ئىگىسىنى تېپىشمۇ تۇخۇم غەلۋىسىگە ئوخشاش مۇھىمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئادەتتىكىدەك بىر ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇ ئاددىيلا ئىش، تام خەتەرلىك بولغانىكەن، ئۇنى ئۆرۈۋېتىش ئاددىي قائىدە.

تۇغرا، بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىنى ئالماسلىق بالا ـ قازانىڭ نەق ئۆزى.

ھەتتا بالا ـ قازادىنمۇ يامان.

بۇ گەپلەرنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى دەپ باقمىدى، ھېچكىم دېمەيدىغاندەك قىلاتتى. دېيىشكە تېگىشلىك بەزى گەپلەرنى دەيدىغان ئادەم يوق مەڭگۈ دېيىلمەسلىكمۇ، ھەتتا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەي ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان بەزى گەپلەر ۋاقىتسىز دېيىلىپ قېلىپ بالا ـ قازا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھاياتنىڭ بىز بىلمەيدىغان غارايىپ سىرلىرى ئالدىدا گاڭگىراپ قېلىش بەكمۇ كۆڭۈلسىز.

تام تۇغرۇلۇق، گەپ تۇغرۇلۇق ئاقىلراق ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقسام بولاتتى. دانا ئادەملەرنىڭ كاتتا گەپلىرى كىشىگە ئوزۇق بولىدۇ. ئەمەل قىلساڭ پۇتلاشقۇلۇق ئەمەس. گەپ كىشىنىڭ پۇتلىشىپ كەتمەسلىكىگە ياردىمى تېگىدىغان گەپنى قىلالايدىغان ئادەمنى تېپىشتا. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى چۈشىنىش، ئاندىن شۇ بويىچە ئىش قىلىش.

«بىزنىڭ ھاياتىمىز تام بىلەن گەپكە ناھايىتى چىڭ باغلىنىپ كەتكەن. مەن بۇ گەپلەرنى بۇرۇنمۇ دېگەن. ئادەم تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئاپىرىدە بولۇپ يەنە تۆت تامنىڭ ئىچىدە كۆز يۇمىدۇ، يەنە تۆت تامنىڭ ئىچىدە پانىيغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.» بۇ زامانىدىننىڭ گېپى. ناۋادا زامانىدىن بىلەن ئاقىلمىشنىڭ كۆزى بىلەن دۇنياغا قارىغىلى بولسا جىق نەرسىلەرنى چۈشەنگىلى بولاتتى.

— سەن «دوختۇر ژىۋاگو» دېگەن كىتابنى ئوقۇغانمۇ؟

— ياق.

— ياق دېمە، سەن ئوقۇمساڭ قانداق بولىدۇ.

— راست ئوقۇمىغان، ئۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسى يوق.

— قالتىس كىتاب دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

ئەتىگەنلىك ناشتىغا تۇخۇم يېيىشكە ئادەتلەنگەن، ياڭاق يېسە سەپراغا تېگىدىغان بىركىشى بىلەن ئۇنىڭ ساۋاقدىشى مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشكەندە مەن تام تۇغرۇلۇق ئويلىشىۋاتاتتىم. ئۇلارغا دېيىشكە تېگىشلىك ئەمما دەيدىغان ئادەم يوق دېيىلمىگەن گەپتىن بىر نەچچىنى دېمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدىم.

— يىقىندىن بۇيان كۆرۈنمەيلا كەتتىڭغۇ؟

— خىزمەتلەر ئالدىراش، ئۆي بىلەن ئىشخانا ئارىسىدىن بوشىيالماي كۈن ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ.

— نېمە ئالدىراشلىق ئۇ؟

— ئۇقۇپ بولغىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ ئىشنىڭ تولىلىقىدىن باش كۆتۈرگىلى بولمايدىغۇ تاڭ.

ئۇلار تاماكا سۇنۇشۇپ تۇتاشتۇرۇپ چېكىشتى. بىرىنىڭ بىر كۆزى سەل قىسىقراق كۆرۈنەتتى. مەن تامنى قانداق قىلىپ چېقىۋېتىش كېرەك، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن چىقىرالماي ئۇلاردىن نەچچە قەدەم نېرىدا قاراپ تۇراتتىم. ھەممەيلەننىڭ خىيالى مۇشۇ تامدا ئىدى. تامدىكى دەزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئەمما دەز كەتكەنىكەن تام خەتەرلىك بولۇپ قالدى دېگەن گەپ. مۇشۇنداق ھالدا يەنە ئويلىشىپ تۇرىدىغان نېمە بار؟ ئەمما ئىش قاملاشمايۋاتاتتى. بىر زامانلاردا كەنتكە بوغالتىر بولغان قۇربان چاڭچىنىڭ دېيىشچە بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەسكەن، ئورغۇن قانۇنىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدىكەن، بىرىپلا چېقىۋەتكەن بىلەن كېيىن ساقايتقىلى بولمايدىغان جېدەل، دەۋا ئىشلىرىغا قالىدىغان ئىشكەن. ئۇ قايسىبىر يەردىكى بىر تۈپ قاغا جىگدىسىنىڭ گېپىنى مىسال قىلىپ بەردى، دېيىلىشىچە بىر كىشىنىڭ يېرىنىڭ باش تەرىپىدە بىر تۈپ قاغا جىگدىسى باركەن، بۇ جىگدە بەكلا باراقسانلاپ ئۇنىڭ يېرىگە سايە سېلىپ زىيان كەلتۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىگدىنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپالماي بىر كۈنى ھەرە ـ پالتىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىپلا جىگدىنى كېسىپ تاشلاپتۇ، جىگدىنى كېسىپ ئۈچىنچى كۈنى جېدەل باشلىنىپتۇ، جىگدىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئائىلىقەيەرلەرگە ساياق بولۇپ چىقىپ كەتكەن

ئوغۇللىرى پەيدا بوپتۇ، كەنت كادىرلىرى، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى يەنە بىر قانداق كىشىلەر پەيدا بولۇپ، كېسىلگەن جىگدىنىڭ ئەتراپى بازارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئاخىردا جىگدىنىڭ ئوتتۇز يىللىق مېۋىسى بازار باھاسى بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇلۇپتۇ، كۆتەكلىرى، شاخ-پۇتاقلىرىنىڭ باھاسى چىقىرىلىپ ھېسابلىنىپتىكەن بىر پاتمان بىرنېمە بولۇپ چىقىپتۇ.

— كاللىنى ئىشلەتمەي ھە-ھۇ دەپلا بىر ئىشنى قىلىپ قويغان بىلەن چاتاق چىقىدۇ، — دېدى ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تامنى چېقىشقا جۇرئەت قىلالمىغانلار ئازلاپ كەتتى.

— تامنىمۇ چاقمايلى، باللارمۇ ئۇ يەردە ئوينىمىسۇن، شۇنىڭ بىلەنلا بۇ باش ئاغرىقى ساقىيىپ كەتمىسۇنمۇ؟

— باللار شۇ يەردە ئويناپ كۆنۈپ قالدى، بۇنى توسۇپ بولغىلى بولمايدۇ.

— تامنى چېقىۋەتسەكمۇ بەربىر باللار ئۇ يەردە ئوينىيالمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە باللارنىمۇ بارغىلى قويمايلى، تام بىلەنمۇ كارىمىز بولمىسۇن.

گەپ ئۈزۈلۈپ ئاخىرى بىر قارارغا كەلگىلى بولماي كىشىلەر تارقاپ كېتىشتى.

«بىر-بىرىگە ھۆرمەت، ئىشەنچى قالمىغان ئادەملەر بىلەن ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. تەييار غىزانى يېمەكمۇ تەس...»

ئاقلىمىش ئۇھ تارتىپ قويدى. ئاقلىمىشنىڭ خىيالى زاماندىنغا پالاك باسمايدىغان گەپ بولۇپ تۇيۇلدى.

«بۇ يەردە ھۆرمەت، ئىشەنچنىڭ ئەمەس نىيەت، ئىقبالنىڭ بىردەك تۇرۇپ يەنە قولشالماسلىقنىڭ ئۆزى باشنى قاتۇرىدۇ...»

زاماندىن جىممىدە تۇرۇپ قالدى. زاماندىننىڭ ئويى ئاقلىمىشقا پەقەت ئېتىمىدى.

پاراڭلىشىپ تۇرغان ھېلىقى ئىككىيلەن ئۆز گېپى بىلەن ئىدى.

زاماندىن كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئاقلىمىش كوسا ئىڭەكلىرىنى قامالاپ جىمىپ كېتىشتى.

— ھېلىقى كىتابنى بىر ئوقۇپ باقساق بولاتتى، ئۆتكەندە شەھەردىن كەلگەن بىر مۇئەللىم بەكلا داڭلاپ كەتتى.

— ئۇلار باشقا تىلدىكىسىنى ئوقۇغان گەپ، بىزگە ئامال يوق.

ساقاللىرىنى پاكىز قىرىپ، شىلەپە كىيىۋالغان ئىككىيلەننىڭ كىتاب توغرۇلۇق پاراڭلىرى ئۇزاق داۋام قىلمىدى. ئۇلار قانداقتۇر پات ئارىدا يۆتكىلىپ كەتمەكچى بولغان بىر كىشىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى.

— سىنىڭ ئىدارەڭدىكى شاكىرنى يۆتكىۋەتكۈدەككۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىدىم، بۇ ئاداشىنىڭ خوتۇنى ئىدارىغا ئەرز قىلىپ يۈرۈپ شاكىرنىڭ ئىستىقبالىغا ئولتۇردى.

— نېمە دەپ ئەمدى؟

— شاكىر ئۇ خوتۇنىنى تولا ئۇرغۇدەك، مەست بولۇپ كەلسىلا ئۇرۇپ، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدىكەن.

— بۇرۇنقى خوتۇنى بىلەن ئىدى.

— شۇ، شاكىر كېيىنكى خوتۇنى بىلەن كوچىدا ئىچ پەش تارتىشىپ قېلىپ، ئامال يوق تويى قىلىپ قالغان ئىدى، ئاخىرى يېڭى خوتۇنى بىلەن كېلىشەلمىگەندەك قىلىدۇ.

— تېگىدە ئىش بار، دېمىسىمۇ كوچىدىن تېپىۋالغان بىرنېمىلەر قانچىلىك خوتۇن بولالمىغىدى؟ ئەسلىدە شاكىرنىڭ بۇرۇنقى ئايالنى قويىۋېتىش خىيالى يوق، بالا يېتىم قىلىشنى كىم خالايدۇ؟ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى، ئاخىرى ئىش يوغىناپ ئاجرىشىشقىچە بېرىپ يەتتى، ئەمەلىيەتتە شاكىرنىڭ كۆڭلىدە يەنىلا بۇرۇنقى خوتۇنى بار، ئۇ مەست بولۇپ قالغاندا بۇرۇنقى ئايالىنىڭ گېپىنى قىلىپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى.

— جاھان ئەجەب ھە، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنى بولسۇنمۇ يەنە تالا-تۈزدە ياتباش قىزلار بىلەن سۆرىشىپ يۈرسۇن. باشقىسىمۇ مەيلى، باللىرى تىرىك يېتىم بولۇپ قالدى.

تام، خوتۇن كىشى توغرۇلۇق گەپ بولغاندىمۇ يەنە باللىنىڭ غېمى، بالا بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ مەركىزىدە. ئۇلار ھاياتنىڭ ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى، باللار مۇھەببىتى تەپتىنىڭ كۆچىدىن تاغۇ تاشلارنى ئېرىتىپ، دەريا-دېڭىزلارنى قۇرۇتۇۋېتىشى مۇمكىن.

ئۇ ئىككىيلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشكەچ كېتىپ قېلىشتى. شامال چىقىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ گەپلىرى بىلەن شامالنىڭ شىڭىلداشلىرى ئارىلىشىپ كەتتى. ئادەم گەپتىن ئايرىلالمايدۇ، گەپلىرىمىز خۇدانىڭ كۈنى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە يېڭى گەپ. زاماندىنغا شۇنداق دېيىشىم ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

«ئەمما تارازىغا سالسا جىڭ باسقۇدەكلىرى ئاز. شاكىرنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىنى قويىۋېتىشى، كېيىن كوچىدىن خوتۇن تېپىۋېلىشى مۇلاھىزە قىلىپ كالىلا قاتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشمۇ ئەمەسمۇ، ئويلاپ بېقىش كېرەك» دېدى.

زاماندىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدىم. كۆز

ئالدىمىزدا بولۇۋاتقان بىرقىسما ئىشلارنى سۆزلەپ تۇرۇش، يامانلىرىنى تىللاپ، ياخشىلىرىنى داڭلاش بولىدىغان ئىش ئىدى. ئەمما مەن ئەقىللىك، بىلىدىغانلىرى بەك جىق دەپ ئويلايدىغان زامانىدىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قالدىم. ئاقىلمىشتىن سوراپ باقسام بولاتتى. بۇ ئىككىيلەن مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەقىللىق ھېسابلىنىدىغانلار بولسىمۇ، ئەمما ئىككى كاللىدىكى ئىككى ئەقىلنىڭ قوشۇلالماسلىقى ھەسرەتلىك ئىدى.

ئەتىگەندە شامال چىقىشقا باشلىدى. ۋاقىت ئاستا ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. بىر يىلنىڭ ئون بىر ئاي ياكى ئون ئۈچ ئاي بولۇپ قالمىغىنىدىن ھەيران بولىدىغان، بىر يىل يىگىرمە تۆت ئاي بولغان بولسا قېرىمايتتىم، دەپ ئويلايدىغان زاھىر ماموتنىڭ ھەسرىتىنى مەن ئەبەدىي چۈشەنمەسلىكىم مۇمكىن. قايسىبىر كىتابتا ئادەم چوقۇم ئۆلۈشى كېرەك بولغان جانلىق، دېگەندەك بىر گەپنى قىلىپتۇ. مەن يازغۇچىنىڭ بۇ گېپىنى نېمىشقا دېگەنلىكىنى بىلمىدىم، ئۇ بەلكىم ناۋادا ئادەم ئۆلمەيدىغان بولۇپ يارىتىلسا قەتئىي قاملاشمايدۇ، ئۇ چاغدا ھاياتنىڭ قىممىتى، ئادەمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى بولمايدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. تام توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر ھاشىم چولاققا سوغۇق ھەم بىمەززە بىلىنىپ قالغان شۇ دەمدە دۈمبىسى مۇشەققەتنىڭ تەرلىرىدىن شورلاپ كەتكەن بوۋايلار ھارغىن كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، شاخ-پۇتاقلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى قۇرۇپ كەتكەن سۆگەتنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى:

— بۇرۇنقى جاھانلاردا ئادەمنىڭ ئۆمرى نەچچە مىڭ يىل بولاركەنمىش، بەك قېرىپ ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان بولۇپ قېلىپ، ئاللا تائالا ئۆمۈرنى قىسقارتىۋەتكەن دەيدۇ.

— ئۇ زاماننىڭ ئادەملىرى قېرىلىقتىن بىر يەردە بىر يېتىپ قالسا ئورنىدىن تۇرالماي يىللاپ يېتىپ كېتەركەنمىش، تېگىدىن ئۈنۈپ چىققان قومۇشلار قورساقلىرىدىن تېشىپ چىقىپ كۆكلەپ كېتەرمىشكەن...

— ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ بىرقىسمى قوينىنىڭ، بىرقىسمى ئېشەكنىڭ، بىر قىسمى ئاتنىڭ يەنە كالىنىڭ ئۆمرىدىن ئۆتنە ئالغان ئۆمۈر دېگەن گەپمۇ باركەن.

— شۇنىڭغا قارىغاندا بەك ئۇزۇن ئۆمۈرمۇ ئارتۇقچە.

— قاملاشمىغان گەپ قىلماڭلا سادىق ئاخۇن، ئارتۇقچە بولسا ئۆلۈپ بېقىڭلا ئەمسە.

— بىكاردىن-بىكار ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئادەم سۆزلىشىۋاتقان قېرىلارنىڭ بوغۇق ئاۋازىدىن ئۆمۈرگە قانماسلىق، ھاياتقا چىدىماسلىق، ئۆزلىرىگە يېقىن كېلىپ دېۋەيلەپ تۇرغان ئۆلۈم شەپىسىدىن قورقۇش ھەم بىزار بولۇش ئالامەتلىرىنى سېزىپ قالدى. ئەمما قورققان بىلەنمۇ ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە ئۇنىڭدىن قۇتۇلماق يوق. قېرىلىقنىڭ يېنىدىلا قاراپ تۇرغان كېسەللىك، ئاجىزلىق، غېرىبلىق، تەنھالىق، ئۇنتۇلۇپ كېتىشتەك پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇش، شۇ نەرسىلەرنىڭ كىشى ھاياتىنى مۈشۈكنىڭ چاڭگىلىدىكى چاشقاندەك ئوينىشىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ھەم چىرايلىق ئۇسۇلى ئۆلۈم بولۇشى مۇمكىن. قېرىلارنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەم مۇشۇ توغرۇلۇق جىق ئويلىدى. تام ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئايرىيالمىغان بۇ ئادەمنىڭ كىشىگە سوغۇق قارايدىغان كۆزلىرى قېرىلارنىڭ بايا دېيىشكەنلىرىدىن پەقەت تەسىر ئالالمىغاندەك قىلاتتى. مۇنۇ قېرىلارنىڭ تامنى ئۆرۈۋېتىش ئىشىغا نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى. بۇلار باللارغا ئامراق ئادەملەر، بۇ قېرىلار چۇرۇقلىشىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن باللارنى ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزلىرىدىن ئەمدى كۆكلەپ چىققان شۇخلىرى دەپ ئويلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ باللارنىڭ شادىمانلىقلىرى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىگە باھاردا ئەسكەن شامال كەبى ئارامبەخش تۇيغۇ بېرىدۇ.

— تامغا دەز كېتىپتۇ، چېقىۋېتىشنىڭ گېپى چىققىلى ئۇزۇن بولدى، باللارغا خەۋپ يېتەرمىكى دەپ ئويلاۋاتىمىز.

بوۋايلارنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدە سوغۇق چېقىن پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ قېرىپ كەتكەن ۋۇجۇدى، روھى، تۇيغۇلىرى سىلكىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— بۇنىڭ ئويلىشىپ تۇرىدىغان نېمىسى بار؟

— ئويلاشمىساق بولمايدىكەن، چېقىپ بولغاندىن كېيىن چاتاق چىقىپ قالسا...

— پوق يېگەندەكلا گەپ بوپتۇ بۇ، باللارغا خەۋپى بار نەرسە ھېلىغۇ ئەسكى تامكەن، سەددىچىنىگىنىڭ قەسرى بولسىمۇ ئۆرۈۋېتىش كېرەكقۇ.

— شۇ، باللارغا بىر ئىش بولۇپ قالسا ھەرقايسىڭنى يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە تىقىۋېتىمىز خۇمپەرلەر. نېمە تولا؟ گەپ تولا. نېمە ئاز؟ ئىش ئاز. بۇ نېمىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئويلىسامالا ئىچىم پۇشىدۇ.

— شۇنداقمۇ دەيمىز، ھازىرقى ياشلار بەك ئالدىراش، جاپاسى يامان.

— قويسىلا بۇ گەپنى، ئالدىرىغان بىلەن تايىنى بار ئىشقا ئالدىرىسا بولىدۇ، بولمىسا پوققا ھېساب.

— قېرىغاندا ئاغىزلىرى نېمانچە سەت، ھە دېسە پوقنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنلا.

— مۇشۇ كەمنىڭ باللىرىنىڭ بەزى ئىشلىرى جۇدۇنۇمنى ئۆرلىتىپ قويىدۇچۇ، كىچىككىنە ئىش بولسا

تولا ئويلاپ، تولا خىيال قىلىپ تەمتىرەپ تۇرۇشقان.

— يەتتە ئۆلچەپ بىر كەسكەن ياخشىغۇ.

— بۇلار ئىشنىڭ ئەزمىسىنى ئېزىپ يەتمىش ھەتتا يەتتە يۈز ئۆلچەيدۇ دېسىلە.

قېرىلار ھاسىلىرىغا تايىنىپ بوغۇق ئاۋازلىرى بىلەن خىرىلدىشۋاتقان شۇ دەمدە ھېلىقى تام قۇياش نۇرىدا كۆزگە سەت كۆرۈنۈپ چوقچىيىپ تۇراتتى.

ھېلىقى ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىدىكى شاخلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى قۇرۇپ كەتكەن سۆگەت بىلەن مۇنۇ قېرىلارنىڭ جىق يەرلىرى ئوخشاش دېگەنلەرنى خىيال قىلدى.

مۇشۇ قېرىلارنىڭمۇ ياش ۋاقىتلىرى بولغان، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ياشلىقنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئازناپ، چاپچىپ تۇرغان يىللاردا تامغا قوشۇپ جېنىنى ئالىدىغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ ئىشلار ھازىر مۇنۇ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان، يالغۇزلۇق، تەنھالىق، ئاجىزلىق ۋۇجۇد، روھىنى تامام ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىغان بوۋايلارغا بىمەنە ھەم خۇددى بىلىپ-بىلمەي كۆرۈپ قالغان چۈشتەك مەۋھۇم بىر نېمە بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن.

«تامنىڭ ئېگىسىنى تاپمىساق زادى بولمايدۇ» دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇۋالغان قۇربان چاڭچى ئاچچىق بىلەن يۆتىلىپ قويدى. بۇ كىشى قېرىسا ناھايىتى جۇدۇن، تېرىككەك بولۇپ قالىدىغاندەك قىلاتتى.

— نەدىن بولمىسۇن تاپمىساق بولمايدۇ-دە، — دېدى ئۇ كانىيىنى قىرىپ تۈكۈرۈپ قويۇپ. يېنىدىلا بىرەيلەن تاماكا ئوراپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا تۈكۈردى، دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، چىرايىدا ئوڭايسىزلىق پەيدا بولدى.

— تامنىڭ ئېگىسىنى كىم تاپىدۇ؟!

— كىم بولسىمۇ ئىشقىلىپ بىرەرى تاپسۇندە.

جىملىق ھۆكۈم سۈردى. ئىسسىقنىڭ تەسىرىدىنمۇ يا باشقا سەۋەبتىنمۇ ھەممەيلەننى ئۇيقۇ بېسىپ تۇرغاندەك ئىدى. ھېچكىمگە ئىش خۇشياقمايدىغاندەك قىلاتتى. «شۇ تاپتا بۇ ئادەملەرگە ئۇخلاشمۇ، ئويغاق تۇرۇشمۇ، كۈلۈشمۇ، يىغلاشمۇ ياقمايدۇ. بۇلار مۇشۇ ھالدا زادى نېمە قىلىشنى كېرەكلىكىنى بىلەلمىگەن ئادەملەر. بۇنداق ئادەملەرنىڭ كۈنلىرى تەستە ئۆتىدۇ، تەستە ئۆتكەنسېرى شۇنچە قىينىلىدۇ. قىلىدىغان ئىشنى تاپالمىغان ئادەملەر مۇشۇنداق بولىدۇ...» زاماندىنىڭ خىيالى ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغان ئاقىلمىش زاماندىنىغا تىكىلىپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— قىلىدىغان ئىشنى قىلمىغانلار مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئاقىلمىشنىڭ خىيالىچە قىلىدىغان ئىشنى تاپالمىغانلار بىلەن قىلىدىغان ئىشنى قىلمىغانلار دېگەن ئىككىسى ئىككى گەپ ئىدى. كىچىكىدە «سۇ بويىدا» دېگەن كىتابنىڭ يېغى يېزىقتىكى باسمىسىنى تولا ئوقۇپ يادلاپ بولاي دېگەن بىرىمۇ ئىلگىرى مۇشۇنداق ئويلاپ قالغان ئىدى.

— مۇشۇ ئاقىلمىش بىلەن زاماندىن دېگەنلەر ئاجايىپ ئادەملەركەن دەيمەن. مەن بۇلارغا ھەيران، — دېدى قىرىق تۆت ياشقا كىرگەن ھېلىقى ئادەم ئاستا پىچىرلاپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئىشقىلىپ ماڭا شۇنداق بىلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ گەپ-سۆزلىرى، مېڭىش-تۇرۇشلىرى، سالام-سەھتىدىن تارتىپ ھېچقانداق ئىشى بىزگە ئوخشىمايدۇ.

— ئوخشىمايدۇ دېمەيسەن، پەرق قىلىدۇ دەيسەن.

— شۇنداق بولىدۇ-دە، بۇلار دېگەن بەك چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئادەملەر، — دەپ قوشۇق سالدى يەنە بىرەيلەن.

ئاقىلمىش بىلەن زاماندىنغا ھەيران قالىدىغان قىرىق تۆت ياشلىق ئادەم ئالدىنقى ھەپتە خوتۇنۇمنى قويۇپ بېرىمەن، دەپ نىيەت قىلغىلى يىگىرمە يىلدىن ئاشقانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت ھېس قىلىپ ئۆزىگە ھەيران قالغان ئىدى. «مەن بىر ئىش قىلالمايدىغان ئادەمكەنمەن.» ئۇ دەسلەپ شۇنداق ئويلىدى. بىردەمدىن كېيىن «بۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ئويغا كۆچتى. گەپلىرىنىڭ چاك باسمىغانلىقىنى بىلىپ ئۆزىچە قىزىرىپ كەتتى. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن مىجەزى كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. خوتۇنىمۇ ئاجرىشىپ كەتسەك بولاتتى، دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم دېگەن، ئۇمۇ خوتۇنىغا ئىككىيلەننىڭ ئەمدى بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشىنىڭ پەقەت ھاجىتى قالمىغانلىقىنى نەچچە قېتىم دېگەن ئىدى. ئىككىيلەن مۇشۇنداق دېيىشكەچ يىگىرمە يىلنى بىر ئۆيدە ئۆتكۈزدى.

ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ غودۇڭشىدى:

— نېمانداق تايىنى يوق جاھان بۇ.

ئۇ بىردەمدىن كېيىن تايىنى يوق بولغىنى جاھان ئەمەس، ئۆزىنىڭ تايىنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىنىدە خىجىل بولۇپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. خەقلەر كۆرۈپ قالسا بولمايدىغان ئەيىبلىك بىر ئىشنى بېيىلىپ كەتكەندەك بىر ھالدا بولۇپ قالدى.

ئۇ قاتتىق چۈشكۈرۈپ بۇرنىنى ئېرتىپ قويۇپ خىيالغا كەتتى. ناۋادا ئۇ يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن بولسا يەنە بىر خوتۇن ئالار

ئىدى، كېيىنكى خوتۇنى تۇغۇپ قېلىشى، ئىككى پەرزەنتلىك بولۇشى، بالىلىرىنىڭ ھەر ئىككىسى ئوغۇل ياكى قىز بولۇشمۇ، بىر قىز، بىر ئوغۇل بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مەيلى نېمە بولمىسۇن بالىلىق بولۇپ قالاتتى. ئۇ يىگىرمە يىلنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى ئەسلەپ باقماقچى بولۇپ رايى يېنىپ قالدى. يىگىرمە يىل دېگەن ئاز گەپ ئەمەس، ئەمما ئۇ بۇ يىللارنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تازا ھېس قىلالماي قالدى. ئۆمۈر دېگەن مۇشۇنداق شامالدەكلا نەرسە بولسا كېرەك...

ئۇ ئاقىلمىش بىلەن زاماندىنغا كۆڭلىدىكى گەپلىرنى دېمەكچى بولۇپ دېيەلمەي كېلىۋاتاتتى.

تامنىڭ ئاستىدا، ئارىسىدا ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى تۇزكور بىلەن ئۇنىڭغا ئاشنا بولغان سەتەڭمۇ ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقىنى، كۈنلەرنىڭ مەنىسىزلىكىنى، ھاياتنىڭ شامالدەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولغىيمىدى؟ بىركىم ھېس قىلسۇن، قىلمىسۇن ئۆمۈر دېگەن شۇنداق نەرسە. ئۇنى ئىلكىڭگە ئالغىلى بولمايدۇ، كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، ئۇنى سۇغا، شامالغا يا باشقا بىرنېمىگە ئوخشاتساڭمۇ بەرىبىر. ئۆمۈر دېگەن تەتۈر ساناققا ئوخشايدۇ، بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈن قىسقىراپ ماڭىدۇ. ئۇ مۇشۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، ئاقىلمىشنىڭ: «بىز ئۆلۈمگە قاراپ مېڭىۋاتىمىز» دېگەن گېپىنى يادىغا ئالدى. بۇ سۆز سوغۇق ھەم قاتتىق، تىكەنلىك بولسىمۇ ھەق ئىدى. مۇشۇنداق بىر نېمىلەرنى ئويلايدىغان ئادەملەر تولا، بۇنداقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سۆھبىتىدە بولساڭ جاھان ئەينەكتەك سۈزۈكلىشىپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭلار يورۇپ قالىدۇ. ئەمما بۇنداقلار ھال-مۇڭ بولۇشقىلى ئۇچرىشالمىسا كېرەك، ئۇچراشسىمۇ ئويلىغانلىرىنى بىلىشەلمەي جاھاندىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئون يەتتە ياشلىق قىزىدىن «چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟» دەپ سورىغان سەمەت دۇغدۇي تامنى ئۆرۈۋېتىش ئىشىدا «ھە-ھۇ» دېيىشىپ بېرىش يا كارى بولماي بىر چەتتە تۇرۇشنى بىلەلمەي ئىچى پۇشۇپ كەتتى. بالىلارنى، تامنى شۇ يەرگە سېلىپ قويغان ئادەمنى تىللاپ باقتى. ئىشنى قىلماي تام دەز كېتىپتۇ، دېگەن گەپنى پەيدا قىلغان ئادەمنى ئىچىدە تىللىدى. ئىچى تىتىلداپ «تامنى چېقىۋېتىش كېرەك» دېگەن ئادەمنى ئەيىبلەپ باقتى. ئۇ مۇشۇنداق ئويلىسىمۇ چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. يۈگۈرۈپ قويۇپ ماۋۇ ئۇنداق، ئاۋۇ مۇنداق دېيىشتىن ھەزەر ئەيلىمەي بولمايدۇ. ئۇ قىزىنىڭ چوڭ بولغاندا نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي كاللىسى قېتىپ كەتتى. چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا قىزىنىڭ

نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. يېزا دوختۇرخانىسىدىن ئارامغا چىققان تۇغقىنى دوختۇرلۇقتا ئوقۇتۇڭلار، دېگەن ئىدى، ئۇنىڭ گېپى خېلى ئورۇنلۇق بىلىنىپ، شۇنداق قىلايمىكى دەپ تۇرغاندا شەھەردە ئوقۇپ، شۇ يەردە قالغان ئىنىسى كېلىپ بۇنىڭغا قوشۇلمىدى.

— بولمايدۇ، خىزمەت تاپالمىسا شەخسىي دوختۇرخانىلاردا ئىشلەپ بولسىمۇ جېنىنى باقىدۇ، دەپ ھەممە ئادەم بالىلىرىنى دوختۇرلۇق مەكتەپلىرىگە بەرگىلى تۇردى. بۇ بالا ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان چاغدا ھەممە يەرنى دوختۇر قاپلاپ كېتىدۇ، بۇ جاھاندا ھەممە ئادەم كېسەل ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى باشقا كەسىپكە بېرىڭلار، — دېدى.

— قايسى كەسىپكە بېرىمىز؟

ئىنىسى شالاڭ چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى.

— مەنمۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن، باشقا بىر كەسىپتە ئوقۇپ ئىش تاپالماي قالسا مەندىن كۆرۈپ تاپا-تەنە قىلغىلى تۇرىسىلەر، — دېدى.

— ئەمىسە تىككۈچىلىككە ھۈنەرگە بېرەيلىلا. — دېدى قىزنىڭ ئانىسى ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ.

— بۇمۇ بولمايدۇ، ھازىر بازارنى زاۋۇتنىڭ تەييار كىيىملىرى بېسىپ كەتكەن تۇرسا ئۇنىڭغا كىم كىيىم تىككۈزىدۇ؟

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— مەن بىلمەيمەن.

ئۇ بىرنى، بۇ بىرنى دەپ گەپنىڭ ئاخىرى چىقمىدى. ئىنىسى شەھەرگە كىرىپ كەتتى، زادى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولمىدى.

— ئىشنى قىلسۇنا ئۇ، ئۇنى دېسىمۇ بولمايدۇ، بۇنى دېسىمۇ بولمايدۇ دېگەن... «بولمايدۇ» دېگەن گەپنى قۇۋان ساراڭمۇ دېيەلەيدۇ، مانداق قىلساڭ بولىدۇ، دېيەلىسە ھېساب. ئەمىسە نېمە قىلىدۇ، تىككۈچىلىكنى ئۆگەنسۇن.

سەمەت دۇغدۇي خوتۇنىغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى. خوتۇنىنىڭ ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرى چىرايلىق ھەم مۇلايىم ئىدى. بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئۇ ئۆمرىدە خوتۇنىنى بىرەر قېتىم كۈنلەپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالغان ئىدى. شۇ چاغدا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ئىتنىڭ چېتىشقىنىنى تاماشا قىلىشىپ تۇرۇشقان ئىدى. ئۇ يېنىدىكى ئىككيلەننىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالغان ئىدى:

— ئىت بىلەن بۆرىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، بىر ئەركەك بۆرە بىرمۇنچە چىشى بۆرىنى ئىگىلەيدۇ، ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىرمۇنچە ئەركەك ئىت بىرلا قانجۇقنىڭ كەينىدىن سەكلەپ يۈرىدۇ.

— ھېچبولمىسا ئىتنىڭ پەس يېرى جۈپتىدىن قىزغىنىشنى بىلمەيدۇ.

سەمەت دۇغدۇينىڭ يادىغا بۇرۇنقى ئىشلار يېتىپ، ئۆزىنىڭ باللىقى بىلەن قىزىنىڭ باللىقىنى سېلىشتۇرۇپ تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسىمۇ سەمەت دۇغدۇينىڭ چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكى توغرۇلۇق مۇشۇنداق باش قېتىنچىلىقىغا قالغان بولغىيمىدى؟

— كىيىملەرنىڭ ھەممىسى زاۋۇتتىن تەييار چىقىۋاتىدۇ، دەيدۇ، دوختۇرلۇقنى ئۆگەنسۇن.

— ھەممە ئادەم دوختۇر بولۇپ كەتسە كىم ئۇنىڭغا كېسەلنى داۋالىتىدۇ؟

— شۇ چاغدا بىر گەپ بولىدۇ.

ئەر- خوتۇن ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى. ئۇلار پات- پات ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. جېدەلنى ئېرى پەيدا قىلسا خوتۇنى پاكار قازناق ئۆيگە كىرىپ يېتىۋالاتتى، بەزىدە ئېرى خۇيلىنىۋېلىپ نەچچە ھەپتىلەپ شۇ قازناق ئۆيدىن چىقماي قوياتتى. ئىككىسى بىر- بىرىنى مۇشۇنداق جازالىشاتتى. بۇلارنىڭ مۇشۇ يوسۇندا بىر- بىرىنى قىيناپ جاھاننى ھەيدەپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلارنى سوغۇق تام ئايرىپ تۇرغان ئاشۇ سوغۇق كۈنلەردە بىر- بىرىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىشمەيتتى. تام ئۇلارنى گاھى مۇشۇنداق ئايرىسا گاھى يەنە بىر يەرگە ئەكېلەتتى. ھەپتە- ئون كۈندىن كېيىن ئىككىلىسىنىڭ خۇيى ئۆچۈشلۈپ ئەپلىشىپ قالاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سەتلىشىپ قېلىشقۇچە ئالدىنقى قېتىملىق ئىشنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمەيتتى. بۇ ئىككىيلەن تام توغرىسىدا ئۆمرىدە بىرەر قېتىم ئويلىنىپ باقمىغان بولسا كېرەك. كىشىنى ئەلەمدە قويىدىغان سەۋەبلەر تۆپىلىدىن ئادەمنى تامغا قوشۇپ كۆمۈۋەتكەندەك ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەقەت بىلەلمەسلىكى مۇمكىن.

— ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئىش بولغانىكەن.— دېدى سېمىز بىر ئايال چاچلىرىنى تۈزەپ تۇرۇپ،— بىچارە قىزغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ھېلىقى يىگىتنىڭ تامنىڭ ئارىسىغا كۆمۈۋېتىلگىنىچۇ تېخى...— دېدى يەنە بىر ئايال.

ئۇ ئىككىسىنى شۇنداق جازالىغاننىڭ ھەق ياكى ناھەق بولغانلىقى، ئەيىبىنىڭ ھېلىقى باينىڭ ئاغچىسىدا يا بولمىسا ئىشقىۋاز يىگىتتە ئىكەنلىكىنى تالىشىپ ئۇزاق گەپلەر بولۇندى.

— بۇ چۆچەكتەك بىر گەپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىش بولمىغان،— دېدى بىر كىشى ئۇلارنىڭ گېپىگە قولاق سېلىپ ئاخىرىدا.

— شۇنداق ئىش بولمىسا نېمىشقا كىتابقا باسىدۇ؟— دېدى نان ياققاندا چاچلىرىنىڭ ئالدى كۆيۈپ چاۋىرىپ كەتكەن بىر ئايال كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— كىتاب دېگەنگە خەقنىڭ خىيالىنى يازىدۇ.

— نېمانداق گەپ بۇ، ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ، مەن تېخى راستىمىكى دەپ ئىچىم ئاغرىپ ھالىم قالماپتۇ.

— كىمگە ئىچىڭىز ئاغرىدى؟

— ھەر ئىككىسىگە.

— ھەر ئىككىسىگە خوپ بوپتۇ،— دېدى بىرەيلەن.

— بايا ئۇنداق ئىش بولمىغان دېدىمىغۇ، ئىچ ئاغرىتىپ يۈرمەڭلار.

— نېمىشقا كىتاب دېگەنگە يالغان نەرسىنى يازىدۇ؟

— ئۇنى راست دەپ چۈشەنسەڭمۇ بولىدۇ.

— يالغان بىر نېمىنى نېمىشقا راست دەپ چۈشەنگۈدەكمىز؟

— ئاشۇنداق ئىشلار بولغان بولۇشى مۇمكىن.

— راست، جاھاندا نېملەر بولمايدۇ دەيسەن.

— ياق شۇنداقتىمۇ... ئەمدى... ئىشقىلىپ شۇنداق ئىش بولسۇن، بولمىسۇن ئاڭلىغاندىن كېيىن كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىيدىكەن.

«ئادەم مەڭگۈ يېڭىلگۈچى، ئۇ ھاياتنى ئىلكىگە ئالالمايدۇ. ئالاي دېسىمۇ ئۆمرى، قۇۋۋىتى يار بەرمەيدۇ.»

زاماندىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەن ئاقىلمىش ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن ھومىيىپ قويىدى. بۇنداق گەپنى قىلغان ئادەمنىڭ تىلىنى كېسىش كېرەك ئىدى.

«ئادەم ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ يەر يۈزىدىكى شولىسى، ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا كۈچى يەتمەيدىغان ئىشى يوق. پەقەت بەزى ئىشلارنى ۋاقتىنچە قىلالمايدۇ.»

ئاقىلمىشنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى زاماندىنىڭغا پەلپەتىش بىر نېمە بولۇپ تۇيۇلدى.

دۆڭنىڭ باغرىدا ئاپتاپسىنىپ يېتىشقان بىر نەچچە كىشى تامنى چېقىۋېتىشنىڭ غېمىنى پەقەت يەپ باقمىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ داۋاملىق شۇ يەردە ئاپتاپسىنىپ ياتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ئىچى پۇشۇپ كېتىپ بارغانلار بار ئىدى. ئۇلارنى نەشە چېكىدۇ دېگۈچىلەر، قانداقتۇر بىر يەردە بۇرۇنقىلار ئېچىپ تاشلىۋەتكەن كانىنى ئېچىپ باي بولۇشنىڭ

خىيالىغا چۈشتى دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى.

— ئۇ ئۆلۈمتۈكلەر نەدە ئۇنداق ئىشلارنى خىيال قىلسۇن،— دېدى بىر كىشى.

— ياتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ چوقۇم بىر ئىشنى پىلانلىشىۋاتىدۇ. ھەسەن كانچىنىڭ بالىسى دادىسىغا ئەگىشىپ كانچىلىق قىلىپ يۈرگەن، چوقۇم بىر ئىش قىلىدۇ بۇلار، ھازىر ئالتۇننىڭ ھەر گىرامىنى تۆت يۈز كويدىن ئېشىپ كەتتى دەيدۇ.

— شۇ ئالتۇن دېگەننىڭ نېمىشقا پۇلغا يارايدىغانلىقىنى پەقەت چۈشەنمەيمەن جۇمۇ مەن.

— چۈشەنمىگەچكە سېنىڭ ئالتۇنۇڭ يوق.

— سەن چۈشەنگەنگەندىكىن سېنىڭ ئالتۇنۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟!

— مېنىڭمۇ يوق، ئەمما ئالتۇن دېگەن قىممەتلىك نەرسە.

— قىممەتلىكنى بىلگىنىڭ ھېساب ئەمەس، ئالتۇنۇڭ بولسا ھېساب، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيدىغان ئەخمەق...

— ھازىر ئىشلار بەك ئىختىيارىي بولۇپ كەتتى، بۇرۇنلاردا ئاشۇنداق ئاپتاپتا يېتىپ يامان ئىشلارنى ئويلىغانلارنى تۇتۇپ كېتەتتى،— دېدى بىر بوۋاي چار ساقاللىرىنى تۇتاملاپ.

— خەق ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ ياتسا نېمىشقا تۇتىدۇ بىكاردىن؟ ياتسىمۇ، قوپسىمۇ يەنە بىرىنىڭ نېمە كارى، يامان ئىش قىلمىسىلا بولمىدىمۇ؟

— ئۇنداق دېگەن بىلەن ئىگىسى بار جاھان ماۋۇ.

— بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بىكاردىن بىكار خەقنى تۇتۇپ كەتسە دەپ تىلىگەننىڭ نېمىگە پايدىسى؟

— كىم تۇتۇپ كەتسە دەپتۇ.

— تۇتۇپ كەتسە دېمىگەن بىلەن شۇنداق بولسىكەن دەپ ئويلىغىنىڭنى كىم بىلمەيدۇ.

— مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم.

— سەن چوقۇم شۇنداق ئويلايسەن، ھامان بىر كۈنى قۇلاق تۈۋىڭگە سالىدۇ خەق. نەدە بىر تايىنى يوق گەپنى قىلىپ يۈرمەي ماۋۇ تامنى قانداق قىلىمىز، شۇنىڭ گېپىنى قىلىشساق نېمە بولىدۇ.

— دۆڭدە ياتقانلار چاتاق ئىش تېرىپ قويمىسۇن دەيمەنغۇ مەن شۇ.

— بۇ مۇنداق گەپ، ھەسەن كانچىنىڭ بالىسىنىڭ بەدەن ئەزايىنى تەمرەتكە بېسىپ، ئەسۋە ئۆرلەپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئۇ تېۋىپنىڭ دورىسىنى بەدىنىگە سۈۋاپ ئاپتاپتا ياتقان گەپ.

— ئۇنداق ئىش يوقتۇ؟

— مەن شۇنداق ئاڭلىدىم.

— يالغان گەپ، ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلىپ بولمايدۇ.

— ئۇلار ئالتۇن كانىنىڭ ئەمەس قاشتېشى كانىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

— خەق ئاغرىپ قالسا گەپ تېپىپ يۈرمەي، تامنىڭ غېمىنى قىلىشايلى.

— ناھايىتى شۇ بىر تامكەنغۇ، بۇ جاھاندا نۇرغۇن تاملار ئۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، يەنە نۇرغۇن تاملارنى قوپۇرۇپ تۇرىمىز، مەسىلەن بىزنىڭ ھويلىنىڭ تېمىنى ئۆرۈۋېتىپ قايتا سالدۇق، ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى. قانداق قىلسا قىلمامدۇ.

— بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ بۇرادەر، نېمە ئۇ قانداق قىلسا قىلسۇن دېگەن.

— ئەمىسە نېمە دەيمەن؟

— قانداق قىلىمىز، دەيسەن.

— مەن بۇ خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايمەن.

— بىز ساڭا نېمە قىلغان؟

— ھېچنېمە قىلمىغان.

— ئەمىسە نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— نېمانداق سوراقچىدەك سوتلايسەن ئادەمنى، مېنىڭ بۇنداق تايىنى يوق ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرگۈم يوق.

دۆڭ باغرىدا ئاپتاپسىنىپ ياتقانلار ھەممەيلەننىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى. بىرەرسى ئۇلاردىن شۇ يەردە يېتىشىپ نېمە قىلىدىغانلىقىنى سوراپ باقمىدى. ھەممەيلەننىڭ ئۇلارغا قورساق كۆپۈكى، غۇمى باردەك قىلاتتى. نېمىشقا ئۇلارغا قورساق كۆپۈكى بارلىقىنى ئويلاپ باققان ئادەم يوق بولسا كېرەك. جىمى ئادەم بۇ يەردە ئولتۇرسا ئۇلارنىڭ ئايرىم بولۇۋېلىپ دۆڭگە بېرىۋېلىشى ھەممەيلەننىڭ دېگۈدەك كۆزىگە سىغمايۋاتاتتى.

— ھەسەن كانچىنىڭ ئوغلى بىزنى گەپ سۆزىنىڭ تايىنى يوق، ئايلاپ، يىللاپ كاپىلداشقىنى بىلەن قۇلاقتا توختىغۇدەك بىر ئېغىز گەپ قىلىشمايدۇ، دەپ زاڭلىق قىلىپ يۈرگۈدەك.

— ما گەپنى تېخى، كانچى ئابدالنىڭ بالىسى بىزنى ياراتمامدىكەن تېخى؟!

— ياراتمىسا ياراتمىسۇن، بىزمۇ ئۇلارنى ياراتمايلى.

— توغرا، بىزمۇ ئۇلارنى يارتمىساقلا بولمىدىمۇ؟

— ئاچچىق يۇتۇپ يۈرگىچە شۇنداق قىلايلى.

دەز كەتكەن تام مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تۈزلەڭدە ئىدى. بۇرۇنلاردا باللار بۇ يەردە قىشلىقى ۋاللەي، چوماق ئوينىشاتتى. يازلىقى تامنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭدە سۇغا

چۆمۈلىشەتتى. ھازىر ئۇنداق ئويۇنلار يوقىلىپ كەتتى. تامدا دەز بارلىقىنى كىم بايقىغانلىقىنى مەن بىلمىدىم. ئەمما بۇ تامنى نۇرغۇن يىللار بۇرۇن مۇشۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەن بىر كىشى ياسىغانلىقىنى، كېيىن ئۇ بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىپ مۇشۇ بىر تامنىڭ ساق قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۆيىنىڭ ياغاچ تاش، بورا، قومۇش دېگەندەك نېمىلىرىنى خەقلەر توشۇپ كېتىشكەن بولسا كېرەك، پەقەت شۇ بىر تاملا غېرىبانە چوقچىيىپ تۇراتتى. بىلىشىمچە تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك پەنجىرىنىڭ ئورنىدا قالغان تۆشۈكمۇ بار ئىدى. باللار مۇشۇ تامنىڭ ئەتراپىدا ھەربىي دۈشمەن ئوينايتتى، بۇنىڭدىن زېرىكسە مۆكۈشمەك ئويناشقا چۈشەتتى. ئۇلار بىر بىرىنىڭ نەگە مۆكۈدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشىپ تۇرۇپ يەنە مۆكۈشمەك ئوينايتتى. بۇمۇ ماڭا قىزىق تۇيۇلغان ئىدى. بۇ يەردە مۆكۈۋالغۇدەك يەرمۇ يوق، ئىزدەيدىغانلار تامنىڭ بۇ تەرىپىدە، مۆكۈدىغانلا تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇشاتتى. ئويۇننىڭ قائىدىسى چىڭ، قارشى تەرەپنىڭ مۆككەن يېرىنى ئوغرىلىقچە كۆرۈۋېلىشقا بولمايتتى. ئويۇن باشلانسا تامنىڭ ئۇ تەرپىگە ئۆتسىلا مۆككەنلەرنى تېپىۋالاتتى. ئاندىن يەنە بىر توپ مۆكەتتى. ئويۇن مۇشۇنداق داۋاملىشاتتى. مەن باللارنىڭ بۇ ئويۇننى مۇشۇ جاھاننىڭ قايسىبىر ئىشىغا ئوخشىتىپ بولۇپ يەنە يادىمدىن چىقىرىپ قويغان ئىدىم. تامنىڭ قارشى تەرىپىدە نېمە بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمىگەندەك ھالدا تۇرۇش ھەم ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئاجايىپ بىر ئىش.

— ئىگىسىنى تاپىمىز دەپ يۈرگىچە چېقىۋېرەيلى، تام ئۆرۈلۈپ كەتسە باللارغا خەتەر يېتىپ قېلىشى مۇمكىن، — تامدىكى دەزنىڭ غەلۋىسى ئەۋجىگە چىقىدىغاندەك ئىدى.

— خالىغانچە چاققىلى بولمايدۇ، — دېدى قۇربان چاڭچى چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ، — ئۇنىڭمۇ مۇناسىپ رەسمىيەتلىرى بار، ئۇدۇل كەلگەن ئادەم تام چېقىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟

ئۇنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا كىمىكى تامنى رەسمىيەتسىز چېقىۋەتسە ياقىسىدىن ئالىدىغاندەك قىلاتتى.

— قايسى ئورۇن رەسمىيەت ئۆتەپ بېرىدۇ؟

— ئۆي باشقۇرىدىغان بىر ئىدارە بار.

— مېنىڭچە قۇرۇلۇش قىلىدىغانلار بىر نېمە دېيىشى مۇمكىن...

— ياقەي، بۇنداق ئىشلارغا شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدۇ.

— يېزا مەسئۇل بولارمىكى؟

سەممەت دۇغدۇينىڭ قىزارغان كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. چوڭ بولۇپ قالغان قىزىنىڭ نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بېشى قېتىپ ھالى قالمىغان بۇ كىشىنىڭ شۇ تاپتا بۇ يەردە بولۇۋاتقان گەپلەردىن رايى قايتقان بولسىمۇ، ئەمما كېتىشكە يەنە رايى بارماي زور بىلەن ئولتۇرغاندەك قىلاتتى. ھەممەيلەن مۇشۇ يەرگە كۆنۈپ قالغان بولسا كېرەك، بىر قارىسا خەقنىڭ كۆنۈپ قالغىنى كونا كۆۋرۈك ئەمەس كۆۋرۈك ئەتراپىغا كۈندە يىغىلىپ ئولتۇرىدىغان ئادەملەردەك قىلاتتى، يەنە بىر قارىسا كۆنۈپ قالغىنى بۇ يەرگە كېلىدىغان ئادەملەر ئەمەس مۇشۇ يەردە بولىدىغان پاراڭ بولسا كېرەك... يەنە بىر قارىسا... سەممەت دۇغدۇينىڭ ئىچى تىتىلدايتتى. قىزى دوختۇر بولسا ياخشىمۇ ياكى تىككۈچىمۇ...؟ دوختۇر بولسا ياخشى بولىدۇ، ئەمما دوختۇرلۇقتا ئوقۇپ خىزمەت تاپالمىسا نەچچە يۈزمىڭنى خەجلەپ ئوقۇغىنى تېيىنغا ئەرزىمەيدىغان ئىش بولىدۇ، كانايغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ باش كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. تىككۈچى بولسا تەييار كىيىملەرنىڭ تولۇقىدا يەنە قاملاشمايدۇ. قانداق قىلسا بولاركىن... تامنى ئۆرۈش ھەققىدىكى گەپلەر ئۇنىڭغا يېتىمسىمۇ يەنە ئاڭلىماي بولمايدىغاندەك ئىدى.

— ياق، شەھەر مەسئۇل بولىدۇ، بۇ يەر ئاللىبۇرۇن شەھەر دائىرىسىگە كىرىپ بولغان.

— ئۆي چېقىش شىركىتىنى ئىزدەش مۇۋاپىق.

— ئۇلار بۇنىڭغا مەسئۇل بولمايدۇ، بۇ دېگەن ئۆي ئەمەس، تام.

قۇربان چاڭچى دۈمبىسىنى چىقىرىپ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ھەممەيلەننىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىشلىرى ئۇنى مەيۈسلەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا زادى كىم مەسئۇل بولىدۇ؟

— مېنىڭچە مەھەللە كومىتېتىنى ئىزدەيلى.

زاماندىن بىلەن ئاقىلمىش سۆزلىشىۋاتقانلارغا ئىپادىسىز بىر نەزەردە قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەك تەس ئىدى. مۇشۇ ئوتتۇرادا ئەڭ چوڭ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئەڭ ئەقىللىك ھېسابلىنىدىغان ئىككىيلەن گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. مەن ئىچىمدە «بۇلار شۇنچە بىلىملىك ئادەملەر تۇرۇپ گاڭگىراپ قالسا قانداق بولىدۇ، بۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى» دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ بۇ ئويلىرىمنى ئاڭلىغان بىر ئاغىنەم مەستلىكتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ قولىنى سىلكىپ غودۇڭشىدى:

— ئۇلارنىڭ گاڭگىرىغانلىقى توغرا، ئۇلار ئەقىللىك ئادەملەر، باشقىلار گاڭگىراشنىمۇ بىلمەيدۇ.

— ئۇنداق دېگىلىمۇ بولماس؟



www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە قانداق دەيدۇ، ئازابى يوق ئادەمنى بىنورمال ئادەم دېسە بولىدۇ.

— بىز خۇشال ياشىيالماسلىقنى بىنورماللىق دەيمىز.

— ئازابنى يېڭىپ خۇشال ياشىغان بىلەن ئازابنى سەزمەي خۇشال ياشىغاننىڭ پەرقى ئاسمان-زېمىنچە بار.

ئۇ مەست ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشسام ئاخىرى چىقمايدىغاندەك قىلاتتى. جاھاندا مۇشۇنداق بىركىم بىلەن ئېيتىشىپلا يۈرىدىغان، ھە دېسە ئۆزىنىڭكىنىلا راستقا چىقىرىشقا خۇمار ئادەملەر بار. مۇشۇ گەپلەرنى زاماندىن بىلەن ئاقىلمىش ئاڭلاپ قالمىسا ياخشى، بولمىسا ئۇلار بىزنى مازاق قىلىشى مۇمكىن. ئاقىلمىش تامدەك مەزمۇت، ئېغىر گەپ قىلىدىغان ئادەم، تامدىكى دەزنى ئاقىلمىشمۇ كۆرگەن بولسا كېرەك.

— ئەجەب مەزمۇت تامكەندۇق، كىم سالغان بولغىيدى؟

— بارات ئۇستا دېگەن بىر قۇرۇلۇشچى سالغان دېيىشىدۇ.

— ناتايىن، ئۇ كىشى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ تام يېقىندا سېلىنغان.

— تېگى لاي تاممۇ ياكى پىششىق خىشمۇ بۇ تامنىڭ؟

— پىششىق خىش.

زاماندىن كۇچەپ تاماكا چېكىۋاتقان قۇربان چاڭچىغا، چىرايى ئۆمىسە سەمەت دۇغدۇيىغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئاقىلمىشقا نېمىدۇر بىرنېمىنى دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ توختاپ قالغانلىقىنى ھېچكىم سەزمىدى. ئۇ تامنى چىقىۋېتىش توغرۇلۇق بىر نېمە دېمەكچى بولسا كېرەك. ئەمما ئاقىلمىشنىڭ سوغۇقلۇق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا، كوسا ئېڭەكلىرىنى قاماللاپ تۇرغان ئەپتىگە قاراپ نىيىتىدىن يانغان بولۇشى مۇمكىن. «ئاقىلمىش گېپى سېسىق ئادەم، بىركىمگە قايىل بولمايدۇ، يەنە بىركىمنىمۇ قايىل قىلالمايدۇ. جىق ئادەملەر ئاقىلمىش بىلەن ئىككىمىزنى ئوخشاش ئادەملەر دېيىشىدۇ، ئەمما ئاقىلمىشقا ئوخشاپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن.»

زاماندىن خىيالىنى يىغىپ ئاقىلمىشنىڭ سوغۇقلۇق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قويدى. بۇ ئوتتۇرادا ئاقىلمىشتىن ئۆزگە گەپ چۈشەنگۈدەك ئادەممۇ يوق. ئادەم تولا بولغان بىلەن ئادەمدەكلىرىنى تاپماق تەس. بۇرۇن تۆۋەنگە تارقالاشتۇرۇلغانلار قاتارىدا مۇشۇ مەھەللىگە كېلىپ قالغان بىر كىشى دائىم: ئادەم ئۈچ خىل بولىدۇ، بىرى ئادەم، بىرى ئەدەم، يەنە بىر ئىدەم، بۇ ئۈچ خىل ئادەمنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ، دېگەن گەپلەرنى تولا قىلىدىغان، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى شۇ كۈنلەردە ھېچكىم سوراپ باقمىغان. زاماندىنغا بۇ گەپلەر تايىنسىز بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى، ئاقىلمىش قانداق ئويلىغان ئىدىكىن.

— مېنىڭچە لاي تام بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق تاملارنى ئەنجان تام دەيدۇ.

— بۇ كېسەك تامدەك قىلغان. سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن يەردە كېسەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ياق، سېنىڭ كۆرگىنىڭ رېمونت قىلغاندا ئىشلەتكەن كېسەك.

— بۇ تامنى چېقىشمۇ ئاسان ئەمەس، تام سىغىز توپىدىن ئىكەن، تاشتەك قاتتىق.

— ياقەي، تامنىڭ توپىسى قۇمساڭغۇ توپا، ئۇنچە قاتتىق ئەمەس.

ئاقىلمىش كەيپىياتىنىڭ بەكلا ئوسال لىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ كۆلەي دەپمۇ كۆلەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قېلىۋاتاتتى. چاچ-ساقاللىرى ئاقاردى، ئۆتكەن كۈنلىرى بىر قارىسا پايانى يوق چۆلدەك ئۇزۇن، بىر قارىسا ناھايىتى قىسقىدەك بىلىنىدۇ. ياشىماق ئۇنىڭغا بىردە بەك ئۇلۇغ، بەك سەلتەنەتلىك ئىشتەك، بىردە ھاجەتسىز، بىتايىن ئىشتەك بىلىنىپ قالدى. تامنى چېقىشنىڭ گېپى چىققاندىن بۇيانقى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تېخىمۇ شۇنداق ھېس قىلىپ قالغانلىقىدىن ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى.

— ئىشقىلىپ چاقماق ئاسان ئەمەس.

— زەنجىر تاپان تىراكتور تاپساق بىر دەمدە ئۆرۈۋېتىدۇ.

— ھازىر يوللارنىڭ ھەممىسى قارامايى تۇرسا، زەنجىر تاپان تىراكتورنى ماڭغۇزمايدۇ.

— ماشىنىغا بېسىپ ئەكېلىش كېرەكتە.

— ئۇ نەرسىگە پۇل كېتىدۇ.

زاماندىن ئامال بار ئۆزىنى سەگەك تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك ئىدى. ناھايىتى نۇرغۇن چۈۋۈن، كۇمۇتىلار باش ئۈستىدە ۋىڭىلداپ ھېچ ئارام بەرمەيتتى. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ دېيەلمەيۋاتقاندەك بىر ھالدا قالدى. ئەمما مۇشۇنداق چاغدا نېمە بولسىمۇ بىر نېمە دېيىش كېرەك ئىدى، ئۇ مەيۇسلىنىپ كەتتى، بۇيەردە گەپنى ئاڭلىغۇدەك ھېچكىم يوقتەك ئىدى. توغرا، خاتاسىنىمۇ ئاڭلىمايدىغاندەك قىلاتتى. زاماندىن مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى يېرىم بولۇپ بۇ يەردىن كەتسەم بولغۇدەك، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. دەز كەتكەن تام خەتەرلىك، باللار شۇ يەردە ئويناۋاتىدۇ. بۇ تالاش-تارتىشقىمۇ نەچچە ھەپتە بولدى. بىرەر بالا-قازا يېتىپ قالسا لەۋنى

چىشلەپ قالىمىز.

— پۇلنىڭ گېپىنى قىلىشماي تۇرايلى، مېنىڭچە ئالمانقۇش ئەكېلىپ ئۆرۈۋەتسەك بولارمىكىن.

— ئۇ نەرسىنى ئەكەلسەك ئاۋارىچىلىكى بەك جىق بولۇپ كېتىدۇ.

— مېنىڭچە ئۇ تامنى ئۆرۈۋەتمەي، ئۇلىنى پۇختىلاپ قويساق بولىدۇ، بۇ ئۆرۈگەندىن ياخشى.

— بۇ ئاۋارىچىلىكى جىق ئىش، بۇنىڭغا لاي ئەتكىلى سۇ كېتىدۇ، سۇ نەدە؟

— راست بۇمۇ بىر ئىشكەن، قانداق قىلساق بولار؟

ھېكايىدىكى ساداقەتسىز نانكورنى تامغا قوشۇپ باستۇرۇۋەتكەن ئىشلار كىم بىرىنىڭ يادىغا يېتىپ قالدى. بۇ ئىشنىڭ قىزىقى شۇ يەردىكى، نان بەرگەننىڭ قولىنى چىشلىگەن ھېلىقى ئىشقىۋاز تامنىڭ ئارىسىدا قالدى، ئۇ شۇ يەردە ئۆلدى، شۇ تامنىڭ ئىچىدە ساداقەتسىز خوتۇن قالدى. تام ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ئايرىۋەتتى، ھەتتا قورقۇنچلۇق ھالدا بىر يەرگە ئەكېلىپ، بىر-بىرىدىن قۇتۇلالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ بىرى تامنىڭ ئىچىدە، يەنە بىرى تامنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئۇلارنىڭ جېنى تامنىڭ قىسىشىدا يانجىلىپ، بېسىلىپ مىجىلىپ كەتتى. ئۇ تام بىلەن مۇنۇ ئادەملەر ئۆرۈۋېتىشنىڭ كويىغا كىرگەن تامنىڭ پەرقى بار، پەرقى بولغان بىلەن بىرىيەرلىرىدىن ئوخشاشلا تام.

«ئۆرۈۋېتەيلىلا» بۇ گەپنى سەممەت دۇغدۇي دېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ قىزنىڭ دوختۇرلۇقتا ئوقۇسىمۇ، تىككۈچىلىكنى ئۆگەنسىمۇ قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ غېرىب چىراي بولۇپ قالغان ئىدى. كىم بىرىنىڭ ئۆزىگە تەسەللى بېرىشىنى، يول كۆرسىتىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلاتتى. شەھەردىكى ئىنىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى.

— ياق، رېمونت قىلىپ ساقلاپ قالايلى، شۇنداق قىلساق كېيىنچە ئىگىسى كېلىپ بىزدىن تۆلەم ئالىدىغان خاپىلىقتىنمۇ ساقلىنالايمىز. تېمىڭ مۇشۇ، ئالە بىرنېمەڭنى دەپلا تاشلاپ بەرگىلىمۇ بولىدۇ.

— تامنى ئۆرۈگەننىڭ پايدىسى يوق، — دېدى زاھىر ماموت ئىششىپ چىققان ئېڭەكلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇ ئاغزىنى يۇمالمىغاچقا گەپلىرى كەمتۈك ئىدى، — بۇنى ئۆرۈۋەتسەك باللار يامىشىپ ئوينايدىغانغا يەنە بىڭى تام تاپىدۇ.

— ئەمىسە بايا دېگەندەك تامنى پۇختىلايلى، — دېدى قۇربان چاڭچى ئېھتىيات بىلەن. ئۇ ئاچچىقلىغاننىڭ پايدىسى يوقكەن، دەپ ئويلاپ قالغاندەك قىلاتتى.

— بۇنىڭمۇ پايدىسى يوق.

— نېمىشقا؟

— ئۇ تامмۇ بەرىبىر كونىرايدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— ھېچنېمە قىلمايمىز.

زاماندىن ئاقلىمىشقا، ئاقلىمىش زامانىدىنغا قاراپ قويدى. ئۇلار تام توغرۇلۇق ئەمەس تامدىكى دەز توغرۇلۇق ئويلاۋاتقاندەك ئىدى. ئۇلار گاڭگىراپ، بولۇۋاتقان ئىشلارنى چۈشىنەلمەي، ئاڭقىرالماي تېڭىرقاپ قالغاندەك ئىدى. ئاغىنەم مەست ھالەتتە ئۇلارنىڭ گاڭگىراپ قالغىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق، باشقىلار گاڭگىراشتىن خالىي، ئۇلار ئۈچۈن گاڭگىراش ھەم نېمىدىن گاڭگىراشمۇ يات ئىش، دېگەن ئىدى. ئاقلىمىش بىلەن زامانىدىننى كۆرسەم ئۇنىڭ گېپى يادىمغا يېتىپ قالىدۇ.

جاھاننىڭ ئىشلىرى قىزىق، بىز بىلمەيدىغان قايسى يەرلەردە، قايسىبىر ئادەملەر تامغا باستۇرۇۋېتىلگەن يىگىت بىلەن ھېلىقى ئايالنىڭ ئىشقى-مۇھەببىتىنى كۈيلەپ، مەدھىيەلەپ ئاجايىپ داستان-قىسسەلەرنى پۈتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئوخشاش ئىش ئوخشىمىغان ئادەمنىڭ ئەقىل كۆزىدە، خىيال پايانىدا يەرۇ ئاسمان پەرقلىق بىر نېمە بولۇپ چىقىدۇ. تامغا بەند ھەم تامغا يەم قىلىنغان ئىككىيلەن توغرۇلۇق پۈتۈلگەن قىسسىدە دېيىلىدۇكى، ناتىۋان كەمبەغەلنىڭ ئوغلى بەگنىڭ ئەتىۋارلىق گۈزەل قىزىغا ئاشىق، ئەمما بىرى باي، بىرى كەمبەغەل، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ بولۇپمۇ قىزنىڭ باي ئاتا-ئانىسىنىڭ خىيالى ھەم مۇستەھكەم ئويىچە بۇ دۇنيادا تەڭ ئەمەس نەرسىلەر بىر يەرگە كېلىپ قالسا بولمايدۇ، بىرى ئېگىز، بىرى پەس، ماسلىق بولمايدۇ، كېلىشمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشق بالاسى ئوت بولۇپ كۆيگەن يۈرەكلىرى داغلىنىپ ھېلىقى قىز يىغلاپ، زارلاپ بىر باينىڭ ئەمرىگە ئۆتتى، يىگىت ۋاپاسىز دۇنيانىڭ دەرد-ئەلەمگە چىدىماي سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىپ ھېلىقى باينىڭ شەھىرىگە كېلىپ قالدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە مۈڭلىنىپ ئولتۇرغان قىز سەرسان بولۇپ يۈرگەن يىگىتنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن نېمە بولىدۇ...؟ يىگىت ئۆلۈمنى بېشىغا كېلىدىغان قىسمەت-بالالارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ قىزنىڭ سارىيىغا كىردى، ئۇلار قايتىدىن تېپىشىپ مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتتى، چۆچەك-قىسسىلەردە دېيىلىدىغان مۇراد-مەقسىتىگە يەتتى، دېيىلگىنى ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قۇترىغان تەبىئىي تەلەپ، ئىشق ھايۋانىيلىقىنىڭ قېنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قىسسىنىڭ داۋامىدا بۇ ئىككىسىنىڭ قىلمىشلىرىنى سېزىپ قالغان رەھىمسىز، شەپقەتسىز باي بۇ ئاشىق-مەشۇقلارنى مانا شۇنداق ئىنسان قىلىپىدىن

چىققان ئۇسۇل بىلەن جازالاپ ئۆلتۈردى. قىسسە، چۆچەكلەردە شۇنداق دېيىلىدۇ، ئەمما ھاياتنىڭ قائىدىسىدە ئۆز خوتۇنىغا ئاشىق بولغان ئەرنى كەچۈرگەن، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويغاي، دەيدىغان شەرمەندە مەردانىلىك بولغان ئەمەس، ھەم مەڭگۈ بولمايدۇ، بولسىمۇ بولمايدۇ.

بۇ جاھاندىكى جىق ئىشلارنىڭ تۇرغۇسى يوق. شۇڭا دۇنيادا ئازاب، ھەسرەت تۈگىمەيدۇ. شۇڭا دۇنيا بەزىدە ھەزىلكەشنىڭ چاقچىقىغا، ھەييارنىڭ كۈلكىلىك تۇرقىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

شامال چىقۋاتاتتى. تامنىڭ گېپىدىن زېرىككەن ئادەملەر ھەسەن كانچىنىڭ سېرىق بالىسىنىڭ دوڭگە بېرىۋېلىشى ئالتۇن تېپىپ باي بولۇشنىڭ پىلانىنى سوقۇشمۇ ياكى بەدەن ئەزايىنى قاپلىغان يارنى ئاپتاپقا سېلىشمۇ؟ دېگەن گەپنى تالىشىۋاتقاندا سەممەت دوغدۇينىڭ ئېسەنگىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھوي، ھېلىقى تام ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ.

— قايسى تام؟!

ھەممەيلەن چۆچۈپ كېتىشتى، تۇزلەڭنىڭ نېرىسىدىكى تام كۆرۈنمەيتتى. ھەممەيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى. جىملىق خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى.

— ئاپلا، قېشىدا باللار بار بولغىيمىدى؟

— خۇدايىم ساقلار.

ھەممەيلەن يۈپۈرۈلۈپ تام تەرەپكە يۈگۈرۈشتى، يۈگۈرۈپ بولۇپ توختاپ قالغانلار، يېرىم يولدىن يېنىپ كەلگەنلەر جىق ئىدى. ئاخىردا تامنىڭ تۈۋىگە ئىككىيلەنلا باردى.

— تامنى بىر كىملەر چېقىۋېتىپتۇ.

— كىم قىلغاندۇ؟

— بىلمىدىم، ئۇ تام تېخى ئاخشام بار ئىدى.

ئاقىلمىش بىلەن زاماندىن جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى. جىملىق ئازابلىق بولاتتى، راھەتلىك ئىدى. جىملىقنىڭ ئىچىگە ھەممە نەرسە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى قورۇق ھەم سوغۇق بولاتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مەن ئۇلارنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپمۇ ھېچنېمىنى ھېس قىلالمىدىم.

— زادى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلسەك بولاتتى.

— ئىمىن ساراڭ قىلدىمىكىن؟

— بەلكىم شۇ.

— قالتىس ساراڭ جۇمۇ، نەچچە ھەپتىدىن بۇيان قىلالمىغان ئىشنى بىردەمدە بىر ياقلىق قىلىپ بوپتۇ.

ئاقىلمىشنىڭ كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇششاق، ئۇمۇچۇك توردەك قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. زاماندىننىڭ كۆزلىرى پارقىرىدى. ئىككىيلەن يەر تېگىدىن بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى.

— ئىشقىلىپ ئىمىن ساراڭ قالتىس نەرسە، ساراڭ بولغىنى بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەر قىلالمىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ.

جانىنى سىقىدىغان، جانغا ئېكەك سالىدىغان، جانغا تەھلىكىلىك تۇيۇلىدىغان جىملىق ئۇزاق داۋام قىلمىدى. ئوڭ، سول ياندىن، توپىنىڭ ئارىسىدىن، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. بەك ئىنتىلىك ئۇستىرا بىلەن كىشىنىڭ نازۇك بىر يەرلىرىنى كەسكەندەك ئازابلىق بىر شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. «ئۇستىرا بىلەن كەسكەندەك» دېگەن گەپلەر مېنىڭ گېپىم ئەمەس، مەست ئاغىنەم ماڭا شۇنداق دەپ بەرگەن.

— ئۇ تامنى بىز ئۆرۈسەكمۇ ئۆرۈۋېتەلەيتتۇق.

— شۇنى دەيمەن، بىر كونا تامنى ئۆرۈمەك قانچىلىك ئىش ئىدى.

— لىڭشىپ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان تام تۇرسا ئۇ.

— تېخى ئۆزى ئۆرۈلۈپ كەتتىمۇ؟

زاماندىننىڭ پېشانىسىنىڭ قېنى قېچىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى، ئاقىلمىش قوللىرىنى ئىشقىلاپ تېپىرلىدى.

— مېنىڭچە ئىمىن ساراڭ تامنى تۆلىسۇن.

— ئالدى بىلەن تامنى ئۆرۈگەن ئادەمنى تېپىپ ئاندىن تۆلىتەيلى، راست ئىمىن ساراڭ ئۆرۈدىمۇ يا باشقا بىر ساراڭمۇ... ئېنىقلايلى.

ئادەملەر غاز - غۇژ قىلىشىپ ئەتراپتىن چاڭ كۆتۈرۈشتى.

— ئەمدى باللار قايسى تامغا يامىشىپ ئوينايدۇ؟

— توغرا، بۇمۇ بىر مەسىلىغۇ زادى.

ئادەملەر توپىدىن چاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۆلۈك توپىنىڭ قويۇق چاڭلىرى دەمنى سىقاتتى. مەست ئاغىنەمنىڭ ماڭا دەيدىغان بەك جىق گەپلىرى باردەك قىلاتتى.

— ئىمىن ساراڭ ساراڭ بولغان بىلەن نېمە قىلىشنى بىلىدۇ.


توپ ئارىسىدىن بىرەيلەن شۇنداق دېدى.

— نېمە قىلىشنى بىلگەن ئادەم قالتىس ئادەم.

زاماندىن بىلەن ئاقىلمىش توپ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، يۇمشاق توپىلىق يولدا مەھەللە تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئادەملەر توپى چۆلدەرەپ قالدى.

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

## ئوچۇق خەتلەر



# ئابلەت ئابدۇللاغا خەت

مەخمۇت مۇھەممەت

سىزنىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىلى 4-، 5-، 6-سانلىرىغا ئۇلاپ بېسىلغان «ئۇلۇغ قەرزدار، ئۇلۇغ يازغۇچى — زوردۇن سابىر» ناملىق بىيوگرافىك ئەدەبىي خاتىرىڭىزگە دەررۇ دىققەت قىلغانىدىم، شۇ ئۈچ سان ژۇرنالنى ئىشخانامدا ساقلاپ، جىددىي خىزمەت ئارىلىقلىرىدا ۋە قولۇمدىكى پۈتمىگەن كىتابىمنىڭ سىجىل يېزىشتىن ئۈزۈلگەن چاغلىرىدا ئاز-ئازدىن ئوقۇپ تۈگەتتىم. راستىمنى ئېيتسام بەزى جايلىرىنى قايتۇرۇپ-قايتۇرۇپ ئوقۇدۇم. ئوقۇپ بولۇپ ھەم مۇڭلۇق ھېسلارغا چۆمۈلدۈم ھەم ئەپسۇس ئىلكىدە خىيالغا چۆمدۈم. مۇڭلۇق ھېسلارغا چۆمگىنىم، ئۇستازىمنىڭ ماڭا تونۇش غەيۇر ئوبرازى كۆڭۈل ئېكرانىمدا يەنە بىر قېتىم ئۇزاقتىن-ئۇزاق جانلاندى. ئەپسۇسلۇق خىيالغا چۆمگىنىم، ئەدەبىي خاتىرىڭىزنىڭ بەزى جايلىرى ماڭا ياقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئويلىنا-ئويلىنا مانا يېرىم يىلدىن كېيىن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. كۆڭلۈمنى توغرا چۈشىنەرسىز.

ئەسلىدە بۇ يازمامنى ماقالە سۈپىتىدە بايان قىلماقچى بولغانىدىم، كېيىن بۇنىمۇ يەنە قايتا-قايتا ئويلىنىپ ھاجەتسىز رەسمىيەتچىلىكلەردىن ساقلىنىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز كونا تونۇشلاردىن ھەمدە كۆڭلى يېقىن ئاكا-ئىنىلەردىن بولغاچقا مەكتۇپ سۈپىتىدە يېزىۋېرىشنى لايىق تاپتىم. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، سانى ئاز بولمىغان ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ كۆڭۈل سۆزلىرىمدىن خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى ئىستىگىنىم ئۈچۈن بۇ مەكتۇپنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشنى، يەنە كېلىپ ئەدەبىي خاتىرىڭىزنى زور ئېتىبار بىلەن باسقان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا سۇنۇشنى ئىختىيار قىلدىم.

ئاۋۋالەن شۇنى قەيت قىلىشىم كېرەككى، سىزنىڭ زور ئىشتىياق ۋە ئىزدىنىش بىلەن يازغان ئۇشبۇ چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي خاتىرىڭىز ئۇلۇغ يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر خاتىرىسىگە بېغىشلانغان، سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان ئەسلىمە، مەرسىيە، تەتقىقات ماقالىلىرى ئىچىدە بىر قەدەر چوڭقۇر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەتتا مەن ئۆزۈم ئۇستاز ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ ھەقتە «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر»، «ئابرال ئوغلى» ناملىق ئىككى كىتاب يازغان بولساممۇ، لېكىن سىزنىڭ مەزكۇر خاتىرىڭىزدە مېنىڭ ئىككى كىتابىمدىمۇ تېپىلمايدىغان، ئوت يۈرەك يازغۇچى زوردۇن سابىر ھەققىدىكى يېڭى تەپسىلاتلار، يېڭى بايقاشلار، مۇھاكىمە، سېلىشتۇرۇشلار... تېپىلىدۇ. بۇنىڭدىن پەخىرلىك

يازغۇچىمىزغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىڭىز ۋە سېغىنىشىڭىزنى، شۇنداقلا ئۇشبۇ ئەدەبىي خاتىرىنى يېزىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئويلانغىنىڭىزنى، ئىزدەنگىنىڭىزنى، ئەسىرىڭىزنى باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزگىچەرەك قىلىپ يېزىش نىيىتىدە ھەرەج تارتقىنىڭىزنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە سىزنى بۇ يىرىك ئەمگىكىڭىز ئۈچۈن قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەمدە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئالدى بىلەن ئەدەبىي خاتىرىڭىزنىڭ ماۋزۇسى دىققىتىمنى تارتتى. راستىنى ئېيتسام ماۋزۇدىكى «ئۇلۇغ قەرزدار» دېگەن تەرىپىڭىز دىتىمغا سىغمىدى. ئەجەبا سىز «ئۇلۇغ يازغۇچى» دېگەن تەرىپنىڭ ئالدىغا «ئۇلۇغ قەرزدار» دېگەن تەرىپنى قويۇپسىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ زوردۇن سابىر خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغ قەرزدارلىقى بىلەن ئورۇن ئالغانمىدى ياكى ئۇلۇغ يازغۇچىلىقى بىلەنمۇ؟ سىزنىڭ زوردۇن سابىر ھەققىدە مۇشۇ كەمگىچە يېزىلغان بارلىق ئەسلىمىلەر، ماقالىلەر ئارىسىدا (مېنىڭكىمۇ ھەم شۇنىڭ ئىچىدە) تۇنجى بولۇپ ئۇنى ئۇلۇغ يازغۇچى دەپ تەرىپلىگىنىڭىزگە ئاپىرىن، بىراق بۇ ئۇلۇغلۇقنى ئالدى بىلەن قەرزدارلىققا چېتىپ قويغىنىڭىز قىزىق. يەنە بىر تەرىپىنى مەن ئانچە چۈشىنەلمىدىم، سىز مەرھۇم يازغۇچىمىزنى مەنىۋى قەرزدار دېمەكچىمۇ ياكى ماددىي قەرزدار دېمەكچىمۇ؟ مۇبادا خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ يازغۇچىلىق بۇرچى-قەرزىنى يەنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلالماي كەتكەن «ئۇلۇغ قەرزدار» دېمەكچى بولسىڭىز بۇ باشقا گەپ، لېكىن ئۇنى تۇرمۇشتىكى ئىقتىسادىي ئۆتنە-يېرىمغا باغلاپ قويسىڭىز، ئويلاپ بېقىڭ، سىزنىڭ دىتىڭىزغا سىغقان بىلەن، باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ زوردۇن سابىرنى جان ئوغلۇم دەپ ئەسلەپ يۈرۈۋاتقان ئاتا خەلقىمىز، ئانا خەلقىمىزنىڭ دىتىغا، پىسەنتىگە سىغارمۇ؟ يەنە بىر ھەيران قالغان يېرىم، «ئۇلۇغ قەرزدار» دېگەن تەرىپىڭىز گىراماتىكىغىمۇ ئانچە چۈشمەيدۇغۇ دەيمەن؟ ئۇنداق بولمىغاندا يەنە كىملەردۇر قەلەملىرىنى ئوينىتىپ، ئاللىكىملەر ھەققىدە «داڭلىق ھاجەتمەن»، «كىلاسسىك تىلەمچى» دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دوراپ يازغىلى تۇرسا، ھېلىمۇ بۇزۇلايلا دەپ تۇرغان تىلىمىز تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتەرمىكىن؟

دەرۋەقە، ئەدەبىي خاتىرىڭىزنى يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇپ باقسام، سىز زوردۇن سابىرنى «ئۇلۇغ يازغۇچى ئىدى» دەپ ئىنتايىن كۆپ كۈچەشتىن باشقا، ئۇنى «ئۇلۇغ قەرزدار ئىدى» دەپ ئىسپاتلاشقىمۇ سالماقلىق كۈچەپسىز. توغرىسىنى ئېيتقاندا، «زوردۇن سابىر قەرزدار يازغۇچى» دېگەن ئۇقۇمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن خېلىلا تىرىشىپسىز. قارىغاندا زوردۇن سابىرنىڭ قەرزدارلىقى ۋە ھاياتتىن بەزگەنلىكى ئەسىرىڭىزدىكى ئىككى يېڭى نۇقتىدەك قىلىدۇ. خۇددى ئۆزىڭىز يازغاندەك، يەنى «بىز بۇ ئەسلىمە-مۇھاكىمىمىزدە يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىش ئەمەس، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا بولغان چۈشىنىشىنى مۇددىئا قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، تا ھازىرغا قەدەر، تەتقىقاتچىلار، ئوبزورچىلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ئانچە نەزىرىنى ئاغدۇرمىغان ئايرىم نۇقتىلارنىلا شەرھلەيمىز.» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2011-يىلى 6-سان 20-بەت) دېگەندەك، سىز ئۇشبۇ ئەسىرىڭىزدە بۇ ئىككى ئىشنى يېڭىلىق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا ئېتىپسىز، ھەتتا ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە شۇنى ئېيتايكى، زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتى، كەچمىش-كەچۈرمىشلىرى ھەمدە ئەسەرلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەردىن ئاۋۋاللا، ئەدەبىي خاتىرىڭىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدىلا زوردۇن سابىرنىڭ قەرزدارلىقى ۋە ھاياتتىن بەزگەنلىكىنى تەسۋىرلەپ، كۈچەپ ئىسپاتلاپ چۈشۈپ كېتىپسىز، بۇ يېپيېڭى بىر ماقالىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا، ئوقۇرمەن «ئىشىكنى ئېچىشىغىلا تاغ كۆرۈنىدىغان» قىلىشقا ئالدىرىغىنىڭىزمۇ ياكى بولمىسا بۇ يىرىك ئەسىرىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا مۇشۇ ئىككى ئىش دەپ تونۇغىنىڭىزمۇ؟

يېزىپ بۇ يەرگە كەلگەندە مېنىڭ يەنىلا ئۆز قەلىمىڭىزدىن پۈتكەن ئەدەبىي خاتىرىدىن ئىستاتا ئالغۇم كەلدى... «مەن ھازىرغا قەدەر زوردۇن سابىر ھەققىدىكى خاتىرە-ئەسلىمىلەرنى قالدۇرماي كۆرۈۋاتقان بولساممۇ، ئەمما كۆڭلۈم زادىلا قانائەت تاپمىدى. بۇ يازمىلاردا ئاپتورلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سەمىمىي ھېسسىياتى، سېغىنىشى، قەدىرلىشى تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ئۇنى تولۇق چۈشەنمىگەن ۋە لايىقىدا باھا بېرەلمىگەن...» («تەڭرىتاغ» ژورنىلى 2011-يىلى 6-سان 27-بەت) ھۆرمەتلىك ئابلەتكا، سىز ئاشۇ مۇھەببەتلىك قەلەملىرىنى سۆيۈملۈك يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئەزگۈ روھى، پاك خاتىرىسىگە ئاتىغان مۇئەللىپلەرنى مەن بىلگەنلەرنى بىلمەيتتى دەپ ئويلامسىز؟ ياكى بىلىشىمۇ مەندەك يورۇتۇشقا جۈرئەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلالمىدى دەپ ئەپسۇسلىنىۋاتامسىز؟ سىز مېنىڭ «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر» ناملىق كىتابىمدىكى «ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن زوردۇن سابىرمۇ ئايرىم كەمچىلىك ـ خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى، بۇ يەردە ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ مەرھۇمنىڭ پاك روھىنى قورۇندۇرمايمەن...» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇغانمىدىڭىز؟ بىزدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلغان، خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئېسىل ئەمگەكلىرى تۈپەيلى ئورۇن ئالغان، خوتۇن، بالىۋاقىلىرى ھېلىمۇ ئارىمىزدا ياشاپ تۇرغان تاغدەك ئابىدىمىزنى فرانسوزلارنىڭ بىر قەرزدار يازغۇچىسىغا تەققاسلايمەن دەپلا قەرزدارلىق كوچىسىغا ئىتتىرىپ، ھەتتا قەرز ئىگىلىرىزوردۇن سابىرنى يول ـ يولدا كانىيىدىن سىقىپ قەرز سۈيلىگەن، ئۆيىگىچە كىرىپ سەتلىگەن، بۇ قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بولغان...دەك ئىنچىكە تەپسىلات، «پولاتتەك پاكىت»لارنى ئارقا ـ ئارقىدىن، ھەتتا قايتا ـ قايتىلاپ يېزىپ كەتمىسىڭىز ئەدەبىي خاتىرىڭىز جانلىق، تەسىرلىك، ئۆزگىچە چىقمايتتىمۇ ئاكا؟ قەلەم تۇتقان قولىڭىز تىترىمىدىمۇ؟ مېنىڭ يۈرىكىم تىترەپ كەتتى!

بىر ئىنساننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشقا بىزنىڭ ھەققىمىز يوق، بىر داڭلىق شەخسنىڭكىگىمۇ ھەم شۇنداق. بەلكىم ياۋروپادا باردۇر، لېكىن بىزنىڭ دىيەنەتلىك، ھايالىق، ئەپۇچان مىللىتىمىزدە، خەلقىمىزدە بۇنداق ئادەت يوق. ئەپۇچانلىق ۋە يۈز ـ خاتىرە قىلىش بىزگە ئەنئەنە بولۇپ سىڭىپ كەتكەن. «ئىزايى موئمىن ھارام» دېگەنلىرىمۇ ھەم شۇ نۇقتىدىن... يەنە شۇنىمۇ دەپ ئۆتكۈم كەلدى بىزدە «ئوڭ قولۇڭ بىراۋغا ياخشىلىق قىلسا، سول قولۇڭ ئۇنى يوشۇرسۇن» دەيدىغان دانا بىشارەتمۇ بارىدى...

ئەمدى «زوردۇن سابىر ھاياتتىن بەزگەن يازغۇچى» دېگەن نۇقتىنەزىرىڭىزگە كېلەيلى.

باشتا ئېيتقىنىمدەك مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقىنى، سىزنىڭ بۇ چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي خاتىرىدە ھە دېگەندىلا زوردۇن سابىرنىڭ «ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ قالغانلىقى»دىن گەپ باشلىغىنىڭىز بولدى. خوپ، ئەمدى مەن سىزدىن سوراپ باقاي، بالىلىقىدا نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان، ياشلىقىدا تالاي ناھەقچىلىكلەرگە دۇچ كەلگەن، ئوتتۇرا ياشلىقىدا نۇرغۇن ھەسەت، يالا ـ تۆھمەت ۋە چەتكە قېقىشلارغا ئۇچرىغان بۇ كامالەتلىك يازغۇچى ئاخىرقى كۈنلەردە، ياكى سىز ئېيتقاندەك «ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا» (بۇ ئۇنىڭ تازا «ئانا يۇرت» ئېپوسىنى تاماملاپ، جاپالىق مېھنىتىنىڭ شېرىن مېۋىسىنى تېتىشقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان مەزگىللىرى ئىدى) نېمە ئۈچۈن توساتتىنلا نورمال ئىنسانلارنىڭ پىكرىدىن قېيىپ، بىز زارىقىپ كۈتمىسەكمۇ ھامىنى ئۆزى بىزنى چەنلەپ ئىزدەپ كېلىدىغان ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ قالدى؟ بۇ ھەقتە ئۇ تىرىك چېغىدا سىزگە ئېنىق قىلىپ بىر نېمە دېگەنمىدى؟ بىزگە بولسا ئۇ تامامەن باشقىچە گەپ قىلغان ئىدى. ئۇ «ئانا يۇرت»نى تاماملاپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا ماڭا، مېنىڭ غۇلجا شەھەر ستالىن كوچىسىدىكى ئۆيۈمدە ئۆزىنىڭ ئەمدى بىر مەزگىل ئارام ئالىدىغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن يېڭىدىن ئۈچ كىتاب يېزىش پىلانى بارلىقىنى، بىرىنچى كىتابىنىڭ «ئانا يۇرت»تىن ئايرىپ ئېلىپ قالغان (زوردۇنكام ئەسلىدە «ئانا يۇرت»نى تۆت كىتاب قىلىپ يېزىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغانىدى) قۇمۇل قوزغىلاڭلىرىغا، خوجا نىياز ھاجىغا، شىڭ شىسەيگە ئائىت ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۆمىدىگە ئاساسەن «ئويغانغان زېمىن»نىڭ ئۈچىنچى قىسمى بولىدىغانلىقىنى، ئاندىن «44 ـ نومۇرلۇق ھويلا» ناملىق كىتابىنىمۇ يېزىشقا تەييارلىقى بارلىقى، يەنە باللار ھەققىدە بىر رومان يېزىشنىمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى... شۇلارنى يېزىپ بولسا يېزىقچىلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئارامخۇدا كىتاب ئوقۇپ، شاھمات ئويناپ يۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ھەرگىز ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ئەنە شۇنداق يۈكسەك، قەلبى بۈركۈت قونمىغان چوققىلاردا ئىدى... (قارالسۇن: «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر» 135 ـ 137 ـ بەتلەر) مۇبادا ئابلەت ئابدۇللا ئاكا، بۇ گەپلەر ئۆزىڭىزنىڭ ئويىڭىز، قىياسىڭىز بولسا، ۋە ياكى باشقىلارنىڭ پاراڭ، يازمىلىرىغا ئاساسەن شۇنداق پەرەز، خۇلاسىغا كەلگەن بولسىڭىز، تولىمۇ چولتىلىق ۋە يەڭگىلتەكلىك قىلىپ قويۇپسىز. پەيتى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەي، سىز زوردۇنكامنىڭ ھاياتتىن بەزگەنلىكىگە دائىر «ئىسپات»لار قاتارىدا، باشقىلارنىڭكىگە قوشۇپ مېنىڭ «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر» ناملىق كىتابىمدىنمۇ بىر نەچچە نەقىل ئاپسىز. (نەقىللەرگە قويۇلغان ئىزاھ بەلگىلىرى خاتا بولۇپ قاپتۇ) گەرچە مەن زوردۇن سابىرنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۆزۈم يازغان پاراڭلىرىنى ھەرخىل سورۇن، ھەرخىل شارائىتلاردا مەرھۇمنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىغان بولساممۇ،

بىراق ئۇنىڭ ئۇ گەپلەرنى قانداقتۇر ئۇمىدسىز كەيپىياتتا دېگىنىنى كۆرمىگەنمەن ھەمدە تاكى ھازىرغىچە ئاشۇ پاراڭلىرى تۈپەيلى ئۇنى ھاياتتىن بىزىپتۇ دەپ خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنمەن. شەخسەن مەن، زوردۇن سابىر ھايات چېغىدا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەن يازغۇچى، ھاياتتىن بەزگەن يازغۇچى دېگەن قاراشقا ھەرگىز قوشۇلمايمەن. بىر ئادەم ھايات چېغىدا ئۆلۈم ھەققىدە ئۇنداق-مۇنداق گەپلەرنى (گاھىدا ھاياجانلىنىپ، گاھىدا قىزىقچىلىق قىلىپ، گاھىدا ھەتتا ئۆزىگە تەققاسلاپ) دەپ قويسىلا بۇ شۇ ئادەمنىڭ ھاياتتىن بەزگەنلىكىدىن، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. پات-پات ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلىپ تۇرۇش، ئۆلۈمگە تەييار تۇرۇش ئاقىل ئىنسانىنىڭ ئىشى، قەلب نورماللىقىنىڭ بەلگىسى. ئەمەلىيەتتە ھاياتتا بۇنداق ئىشلار ۋە ئادەملەر ئۇرغۇن. باشقىسىنى دېمەي، ئۆزىڭىزگە تازا تونۇشلۇق مەرھۇم يازغۇچى، تەرجىمان، خۇشخۇي ئۆلپەت ئىسھاق باستىنلا مىسالغا ئالاي، شۇ مەرھۇم ھايات چېغىدا ھە دېسىلا سورۇنلاردا چاقچاق قىلىپ (تونۇمىغانلار ئۇنى ھەرگىز چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دېمەيتتى) «كۆنىلىرىم توشۇپ قالدى، مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغا بارمايمەن» ياكى بولمىسا «يامان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتىمەن، رازىلىق بېرىشىسلە» دېگەندەك چاقچاقلارنى قىلىپ بەندىچىلىك قىلاتتى. بىراق ئۆزى ئىنتايىن ئۇمىدۋار، خۇش چاقچاق، تىرىشچان ئادەم ئىدى، تېنىمۇ ساغلام ئىدى. ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت ۋاپاتىدىن ھەممە ئادەم ھەيرەتتە قالدى ۋە قايغۇردى.

ئابلەتكا، سىزنىڭ ئەدەبىي خاتىرىڭىزنى ئوقۇۋېتىپ، ئارىلىقتا مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلى زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ بىر نەچچە ھېكايىسىنى، شۇ قاتاردا «ئىھ، تويلۇق يول» دېگەن ئاجايىپ چىرايلىق ھېكايىسىنىمۇ قايتا ئوقۇدۇم. بۇ ھېكايىنى قايتا ئوقۇپ، مەن زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدىكى ئۆپتىمىستىك روھنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇ بىر نەپىس مۇھەببەت ھېكايىسى، ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا تەققاسلاشتۇرۇلغان مۇھەببەت ھېكايىسىدۇر. بالزاك ئۇنى بۇنداق يازمايتتى ۋە يازالمايتتى. مۇھەببەت ھاياتنى، تۇرمۇشنى... ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىدۇ، خۇش، ئاشۇ ھەممە نەرسىنى، ھەتتا بېخىللىق، قاششاقلىقتىن چىرايىمۇ، قەلبىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن روزەك بەزنىمۇ ئۆزگەرتەلىگەن قەلەم نېمىشقا ئارا يولدا سۇنماقنى ئىستىگۈدەك؟ شۇڭا ئېيتىمەنكى، زوردۇنكام ھەرگىز سىز سۈرەتلىگەندەك ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەن يازغۇچى ئەمەس، بەلكى ھاياتقا تويىماي ئۆتكەن، ھاياتلىقنىڭ راھىتىنىلا ئەمەس، بەلكى غەنىيمەت جاپالىرىنىمۇ قىزغىن سۆيگەن، ئىرادىلىك، بەردەم يازغۇچى، سوقما تامدەك يازغۇچى ئىدى. بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيكى، ھاياتقا شۇ قەدەر قىزغىن مۇھەببىتى، ئىخلاسى، ياشاشقا ئىرادىسى بولمىغان يازغۇچى، ئوقۇپ بولغان كىشىلەرنى مىسلىسىز ئارمانلىق،جۇشقۇن ھېسسىياتقا ۋە غايىۋانە زور كۈچ-جاسارەتكە بۆلەيدىغان «ئانا يۇرت» كەبى جەڭگىۋار ئېپوسنى يېزىپ چىقالمىغان بولاتتى!

ئەمدى تۆۋەندىكى سەترىلەرگە قۇلاق سېلىڭ:

# ئۆلۈغ ئىشقا بەل باغلىغان ئادەم تەلەپچان ۋە قەتئىي بولمىسا، ھەرقانچە ئەقىللىك بولغىنى بىلەنمۇ يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ، ئەقىل سىنى غايە يولىدا ئۇچۇرىدىغان قانات. تەلەپچانلىق بىلەن قەتئىيلىك شۇ قاناتقا ھەرىكەت بېرىدىغان كۈچنىڭ مەنبەسى.

# تۇرمۇش جەڭگىۋار ھاياتنىڭ بىر قايىنىمى بولسۇنكى، ئۇ ھەرگىزمۇ ھېچكىم قىيا كۆزىنى سالمايدىغان شۇۋاق باسقان بىر چۆل بولۇپ قالمىسۇن.

# ساپ مۇھەببەت ھاياتنى سۆيگەنلىكنىڭ ئالامىتى.

# ئىزناسىز تويغا ئايلىنىش—ئۆز قەدرىنى بىلگەن ئىنسان ئۈچۈن پاجىئە. ئىنسان پاجىئەدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىشى لازىم. سېنىڭ ھىمايىچىڭ—ھالال ئەمگەك ۋە تەرىڭ.

# قىينچىلىق ھەممىلا ئادەمدە بولىدۇ، بەزىلىرى پايدا-زىياننى ئويلايدۇ، قىينچىلىق ئالدىدا ئۈمىدسىز، چۈشكۈن، بىچارە بولىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئەجدادلارنى، ۋەتىنىنى، خەلقىنى ئويلايدۇ، ئۇنداقلار ئۇمىدۋار، جەسۇر، قەيسەر ۋە شاد-خۇرام بولىدۇ.

# ھايات چەكسىز گۈزەل، بۇ گۈزەللىك بارلىق بەختلىك ۋە بەختسىزلەرنىڭ بەھرىمان بولۇشىغا يېتىپ ئاشىدۇ.

# بۋاپا ئادەملەر ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ بەختسىز قىلىدۇ.

# بىر ئۆلۈغ ئارماننى ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە تاپشۇرۇشمۇ يېرىم بەخت.

# ھايات مېنى ئالدىدى، خورلىدى، ئاخىرىدا

بەزلىدى. لېكىن مەن ھاياتنى ئالدىمايمەن، خورلىمايمەن، ئۇنىڭغا ساداقىتىم، ساپ قەلبىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن.

# ناچار تۇرمۇش ئىچىدە راھەتلىنىشنى بىلىشمۇ بىر ئىنسانىي پەزىلەت.

# ئۇلۇغ مەقسەتنى كۆزلىگەن ئادەم ئۇچۇن ھېسسىياتقا، شەخسىي ھەۋەسكە بېرىلىش ئىرادىسىزلىك سانىلىدۇ.

# خەلقىنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتىن ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك.

......................

مۇشۇنداق مەردانە سۆزلەرنى قىلالىغان ئادەممۇ ھاياتتىن بېزىپ، ئۆلۈمنى تىلەمدۇ ئابلەتكا؟! (قارالسۇن: «ئابرال ئوغلى» ناملىق كىتاب ــ «زوردۇن سابىرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى» 315 ـ 319 ـ بەتلەر.)

سىزنىڭ بۇ ئۇزۇن ئەدەبىي خاتىرىڭىزدىكى باشقا تامانلار ھەققىدە ئارتۇق توختالمايمەن ئابلەت ئابدۇللا ئاكا، توختالغۇم بار ئىدى، يالتايدىم. پەقەت بىر پىكرىمنىلا قەيت قىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم. سىز ئۇشبۇ خاتىرىڭىزدە مەرھۇم زوردۇن سابىر ھەققىدىكى «1968 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا ئۇلارنىڭ تۇنجى بالىسى مەلىكە ئاي دۇنياغا كەلدى...» دېگەن قۇرلاردىن كېيىنكى ئابزاسلارنى ياخشى يازمىغانسىز! («تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» 2011 ـ يىلى 5 ـ سان 29 ـ بەت) ئەگەردە مەن مۇشۇ ئەسىرىڭىزنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ياكى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىسى بولغان بولسام شۇ بىر بەتنى (ھەرقانچە چىن تەپسىلات بولۇپ كەتسىمۇ) قىيىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىغان بولاتتىم. بىزنىڭ تىكلەيدىغان تاغلىرىمىز بار، ئۆرۈيدىغان قاقشال تېرەكلىرىمىز بار... بۇ ئىشىڭىز بىلەن ئاق كۆڭۈل، غەمگۇزار خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قويىسىز ئاكا، چۈنكى خەلقىمىز «تۇرمۇشتا نۇرغۇن سىرلىق ئىشلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆمۈر بويى بىرىگە تىنماي يۈرىكىدە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ» (زوردۇن سابىر) دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ.

ھاياتلىقتا بەزىلىرىمىز گاھىدا ئىنسانچىلىق قىلىپ باشقىلار توغرىسىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويۇشتىن خالىي بولالمايمىز. لېكىن ئارىمىزدىن كەتكەن مەرھۇملار بىزنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ئاۋايلاپ، ئاسراپ تۇرۇپ سۆز قىلىشىمىزغا، چىرايلىق يادلىشىمىزغا موھتاج. يەنە بىر جەھەتتىن بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ياۋروپا ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە تېخى يەتكىنى يوق، بۇنىڭدىن ئون ئۈچ يىل ئىلگىرى، ھازىر ئۆزىمۇ مەرھۇملار قاتارىغا ئۆتكەن بىر ئىنسان مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيېف ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ «خەلق شائىرى خەلق كۆڭلىدە» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ، سۆز ئارىسىدا شائىرنىڭ «ئىچىمدە ھەسرىتىم كۆپ» دېگەن شېئىرىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك مىسرالارنى يۇلۇپ ئېلىپ ئوقۇپ، شېئىردا تەسۋىرلەنگەن، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بىر ئايالنىڭ قىلمىشلىرىنى تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ سەۋەنلىكلىرى قىلىپ ئارتىپ، ئارقىدىنلا «تېيىپجان بۇ شېئىرنى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلىش يۈزىسىدىن يازغان...» دەپ يەكۈن چىقارغان. 2007 ـ يىلى مەن شۇ ماقالە كىرگۈزۈلگەن «شېئىر ۋە شائىر» ناملىق كىتابنى تاساددىپەن كۆرۈپ قېلىپ، ماقالە ئاپتورىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلانغانىدىم. شۇ ئەپسۇسۇم ئاخىرى مېنى قولۇمغا قەلەم ئېلىپ (2007 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر كۈنى) «يولدىن ئازغان ئايالنىڭ ھەسرىتىمۇ ياكى تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ تەۋبىنامىسىمۇ؟» (قارالسۇن: «كۆڭۈل ئىزھارىم» ماخمۇت مۇھەممەت، پوبلىستىك ماقالىلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 2010 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 203 ـ 210 ـ بەتلەر) سەرلەۋھىلىك ماقالىنى يېزىشقا مەجبۇرلىغان ئىدى... ئابلەتكا، بۇ قېتىم سىزنىڭ ئەدەبىي خاتىرىڭىزنى ئوقۇپمۇ، نۇرغۇن جايلىرىنى زادىلا قوبۇل قىلالمىدىم ۋە ئىككىنچى قېتىم ئەپسۇسلاندىم... تىلىمنى تىيالماي ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغان بولسام كەچۈرۈڭ!

ئابلەتكا، مەن سىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى (2012 ـ يىلى 2 ـ سان) «‹چىدىساڭ ياشا›نىڭ ھېكايىسى» ناملىق ئەسىرىڭىزنى ئوقۇدۇم. سىز ئۇ شېئىرنى ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسىگە تۇغ قىلىپ تىكلەپسىز. سىز بىلەن بىز «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيەسىنى ئاللىقاچان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تۇغ قىلىپ تىكلىگەن ئىدۇق، بۇ تۇغنىڭ سېپىنى بەكىدە يونۇمايلى.

ھەممىمىزگە ياخشى نام، ياخشى كەچمىشلەر نېسىپ بولسۇن.

2012 ـ يىلى 29 ـ ماي

**مۇھەررىرى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت**

# ئانامنىڭ قازىنى



ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران

**تۇغۇلغان كۇنۇمگە كىرىش**

مەھەللىنىڭ قىرىدا تۇرۇپ
تۇغۇلغان كۇنۇمگە نەچچە دوققۇرۇپ
مەڭدەپ قالدى پۇتۇم:
ئۆڭگەن رەسىمدەك قەدىمىي ئۇدۇم
ئىچىدە مەرۋايىت، تېشىدا قورۇم.
تىكلەنگەن مۇمىيادەك يۇمدۇم كۆزۇمنى
مەن ئۇدۇمنىڭ قېشىدا تۇردۇم...

مەن تۇغۇلغان ئۆي
قىرىق سەككىز يىلدىن كېيىن
ئېتىز بولۇپ ياشاۋېتىپتۇ.
نەچچە ئىشتىنىمنى تالاشقان ئۇجمە شېخى
كۆتەك بولۇپ قىر بېشىدا
يېڭى نوتا ياساۋېتىپتۇ.

ئۆلۇپ قاپتۇ قوي باققان توقاي
كۆچۇپ كېتىپتۇ يۇلغۇنلۇق ساي...

جىرىمىلىقتىكى قېرىم، ئېرىقلار قېنى؟
ياتار ئاپتاپىسىنىپ ئۇۋۇلۇپ ئاپپاق
ساي بويىدا ئۆستەڭنىڭ تېنى...

سېرىق سۆگەتكە سېھىر بەرگەن كۆل
تىنىپ قاپتۇ ئاڭا نۆل

كۆرۇنمەيدۇ ھاڭۋاقتى تارىخ
مۆكۇۋاپتۇ تۇپراق ئاستىغا
توشقانلارنى ئەركىلەتكەن چىغ

ئاتىلدىم ئىككىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۇنىدىن
جاۋا گىلەملىك سۇپىدا
كۆرۇندى شۇمەك، كۆرۇندى بۆشۇك.
بىقىنىدا دەرۋازىنىڭ
ئارقا پۇتلىرىدا تىزلانغىنىچە
قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ غىڭشىدى كۇچۇك.
چىقتى ئالدىمغا مياڭلاپ تاتلىق
كەينىدە ئاسلانلىرى تاغىل مۇشۇك.
بىردەمدىن سوڭ باغ شورىسىدىن
بوينۇمغا ئېسىلدى بىر شېرىن كۆيۇك...

تۇغۇلغان كۇنۇم،
سەن ئىلاھىي باغسەن ماڭا
نەزمىلىرىم يۆگىشەر ساڭا.

**شېئىرىيەت ئۇپۇقى**

كىرىمەن قوينۇڭغا ھەر يىلى بىر رەت
ئەگىشەر كەينىمدىن
مىڭ پاتمان مۇھەببەت، مىڭ پاتمان ھەسرەت...

## ئانامنىڭ قازىنى

مومىسىدىن تەۋەررۇك مىراس
ئانامنىڭ چويۈن قازىنى.
خەزىنىدۇر جەمەت ئۈچۈن خورىماس
ئانامنىڭ چويۈن قازىنى.

يۈزى يوروپ قارايغىچە شەرقنىڭ
يۈرىكىدەك ئاشىقنىڭ
پۇرۇق-پۇرۇق قايناپ تۇرىدۇ،
قايىنىشىدا غەمنى چايناپ تۇرىدۇ؛
ئىچىلغاندا تۇۋاق ھەر داۋام،
ئۇنەر شىرەگە ئىچىل سۇپرام.
ئۇلۇغ-ئۇششاق جەم بولۇپ
ئانامنىڭ غېرىبلىقىغا ئەم بولۇپ
مەززە قىلىشاق دورا چېيىنى،
بىچارىنىڭ شادلىقى
كېسەر ئىدى تەنھالىقنىڭ پېيىنى...
تېرىسىگە سىغمايتتى ئۆيدىكى ئالەم
ئەبەدىلىك قىشلاتقاندەك ئايەم ئىپىنى...

قازاننىڭ تېگىدە قۇرۇم
ئۇ بار، گالغا ئاغرىق سالالماس زۇلۇم،
ئىش تامام، تامغاقنى كۆتۈرسە قولى...
بىلمەيتتىڭ، بىلمەيتتۇق دوختۇر، دورىنى،
جانغا خىرىس ئاغرىقلار
كەلگىنىدە ئالدىغا ئۇنىڭ
ئۆزى بوپ قالاتتى ئاغرىق بىر يولى...

قازاننىڭ تېگىدە شور ئوچاق
ئوچاقتا نان، سامسا ئىپتىدۇ قوشاق.
قانغا يازنى باشلار ۋىلىلدىغان چوغ
كۆمەچكە ۋەتەندۇر قوقاسلىق كۇلۇڭ.
يوروپ كېتەر كۆمگەن تۇخۇمدىن
ئىچىڭدىكى ئەڭ تېرەن بۇلۇڭ...
تالاغا چىقساڭ، زەبەردەس قەدەم
كۆرۈنەر يارىڭ تۇگۈل قىر-چۆلمۇ سەنەم
ئوخشىماس تۇنۇگۈنگە بۈگۈن پۈت-قولۇڭ...

ئانامنىڭ چويۈن قازىنى
مەككە ئىدى بىز ئۈچۈن
«ھەج» قىلدۇراتتى چاقىرىپ دائىم،
باللار پات-پاتلا بولاتتۇق «ھاجىم»،
نە شەيتانغا تاش ئاتار ئىدۇق
گۆررىدە تەييارغا قاش ئاتار ئىدۇق
يەنە دۇئاسىنى ئېلىپ قايتاتتۇق جىم-جىم...

ئانام يوق بۈگۈن
كۆزلىرىدەك قارا قازىنى
قايناپ تۇرار ھېلىمۇ ئۆيىمىزدە
بىراق
ئوتتۇننىڭ يالقۇنىدا ئەمەس
گازنىڭ يالقۇنىدا

ئەمدى ئۇنداق ئىپتىلماس تۇخۇم
ئەمدى ئۇنداق پىشمايدۇ كۆمەچ.
قىشقا گۈل تېرىغان كۆلۈگلار يوقتۇر
ئەمدى ئۆيدە كۆيمەيدۇ تەمەچ...

## ئۈجمە ۋە كۆكۈل

**1**

تۇغقان كېلمەدىكەن
ئۆيغۇر بار يەردە ئۈجمە بار
مەيلى بارغىن باغ يا توقايغا.
ئېرىق-ئۆستەڭ، يولنىڭ قىرىدا
دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىدا
شىرنىسىنى تىلغا بايان قىلىدۇ
باش يازنىڭ كىملىكىنى ئايان قىلىدۇ
ئەر-ئايالغا، گادايغا، بايغا...

ھەئە، ھەر يىلى
مەھەللىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە
شېكەرگە دەرس ئۆتۈپ
بالغا تۇمار پۈتۈپ
ئۈجمە پىشىدۇ مايدا.
تەن سۇلالىسىدا ئالمىشىدۇ شاھ
قاقاس جان كۆلگە ئۇلىشىدۇ سايدا...

ئۈجمە پىشسا جايىدا تۇرمايدۇ
كۆكۈلدەك بىرسىگىلا سۆھبەت قۇرمايدۇ
تۆكۈلۈپ كېتىدۇ
قولنىڭ ئۇچى تېگىپ بولغىچە
شاخلىرىنى ئىگىپ بولغىچە

**2**

كۆكۈل دېگەن
تاللىمايدۇ پەسىل، كۈننى
نەدە بولسا پىشۇۋېرىدۇ
دېمەي دېكابىردا ۋە مەيلى مايدا
مەي باغلاپ كېتىدۇ شۇنداق ئەسەبىي
ئۆزىگە ئەڭ ئىسسىق ئۈتكەن جايىدا.



www.uyghurkitap.com

كۆزى ئېتىلدۇ
ئالدىدا ھەر نە تىتىلدۇ
ئاشىقلىقتىن ئۆزگە تېپىلماس ئۇندىن
ئاڭا بەربىردۇر زىيانۇ پايدا...

كۆڭۈل دېگەن پىشقاندا
يوچۇن قولغا تۆكۈلمەي تۇرۇۋالدۇ
غەلەت بىر قىنتەدە سۆھبەت قۇرۇۋالدۇ
يەنە بىر كۆڭۈلنى پىشۇرمىغىچە

3

كۆز ئالدىمدا ئۆجمە ۋە كۆڭۈل
ئۇيغۇر ماقالىدا ياشاپ تۇرىدۇ
شېرىنلىكى ئوخشىغان بىلەن
پىشقاندا بىر يەرگە توختىغان بىلەن
ئىككىسى ئىككى جۈملە ياساپ تۇرىدۇ...

## تاڭ، يار

تاڭ كۆرۈنمەس قولدا
قايرىدى كىرپىكلىرىمنى تۇتماي تۇرۇپ.
ئۇيقۇ كۈندىكىدەك جۆندى يەنە
كۆرپە-يوتقان جىلغىسى ئىچرە
مېنى بەش سائەتمۇ ئۇتماي تۇرۇپ.

باقتىم ئون بەشىنچى قەۋەتتىن شەرققە:
ئۇپۇق بۈگۈن ھالرەڭ قوپۇپتۇ،
كېچىچە ھۈنەر ئۆگەندىمۇ لېۋىڭدىن؟
دەم ئۆتمەي قىزىرىپ كەتتى كۈن كۆكتە
تۈننى چاچلىرىڭغا ماكانلاشتۇرۇپ
قېچىپ چىقتىمۇ ئۇ يۈرىكىڭدىن؟
يۈزۈمنى سىلىدى يۇمشاق بىر شامال
خۇي تىلىدىمۇ ئۇ قول-بىلىكىڭدىن؟
شامالغا ئەركىلەپ كەلگەن بىر پۇراق
جېنىمنى جاڭگالىڭدا قويدى مەست قىلىپ

دەرس ئاڭلىدىمۇ ئۇ ئالتۇن بويۇڭدىن؟
سەندەكلا پورەكلەپتۇ باغچىدا گۈللەر
قەرز ئالدىمۇ، ھە، رەڭگىرويۇڭدىن؟...

چولپان كۆزۈڭ ئاسمىنىمدا چېچەكلەپ
شۇررىدە قىلىپ قالدى بىر يېرىم
شۇئان يۈرىكىمدە ئۈندۈڭ غۇچچىدە.
ۋەسلىڭ ئازابلارنى تۈگەتتى يۇيۇپ
بايرام قىلدى تېنىمدە تويۇپ
جېنىم مېنىڭ جېنىڭ ئىچىدە...

ئويۇمدىن يېنىپ چىقتىم ئۆزۈمگە
قالدى تۈنۈگۈنكى تۈن ئۇخلاپ ئۆيۈمدە
سەھەر قوللىرىمدىن ماڭدى يېتىلەپ.
باقتىم يېنىمدىكى دەرياغا مەيۇس
ئۇمۇ ئۇخلىماپتۇ تۈزۈك مەندەكلا
يېتىپ كەپتۇ تاغدىن بۇندا كېچىلەپ...

پۇررىدە قىلىپ قۇشقاچ
ئۇچۇپ ئۆتتى يېنىمدىن
سەندەكلا بىلىندى ئۇنىڭ ئۇچۇشى
يىراقلاپ بەك ئېگىز كۆكنى قۇچۇشى
بىلسەڭ، شامالدىكى ئاجىز گىياھتۇر
شۇتاپ مىدىرىغان تېنىم، چۈنكى سەن —
بىر پارچە ئېلىپ كەتكەن ئىدىڭ جېنىمدىن...

چىرايىڭنى ئوقۇيالمايمەن
سەن شۇتاپ مەن ئۈچۈن ئورخۇن يېزىقى
بۈگۈنكى يېزىقىمنى بىلمەيدىغان بوۋام قولىدا
مەڭگۈ تاشقا ئويۇلغان...
مەيلى يېتىپ باراي يا بارماي
مەن بىر دەريا ئاققان، ئاھ، ھارماي
دەردىم ئىشقىڭ دېڭىزىغا قۇيۇلغان...

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

# قوشنىسى يوق ئادەم

زىيتۇنەم مەمتىمىن

مەڭزى لىق چاڭ پېتى تۇرغان ئىشىككە،
ئارىلاپ مېھىرلىك قارايدۇ تۇيغۇم.
يۇمۇلغان كۆزلەردىن مەنە ئىزدەشنى،
ئېسىگە ئەكەلدى بۇ يالغۇزلۇقۇم.

باشپىياز ئۆتنىگە سورالمىسىمۇ،
بىر قاچا ئېشنى سۇنالمىسىمۇ.
ئېچىلىپ، يېپىلىپ تۇرسىدى ئىشىك،
كۈيىدە كۆڭلۈم توق، يوقاپ تۇرسىمۇ.

ئۇقۇشماي چېكىلىپ قالسا بىر نۆرى،
مەڭزىمدىن ياش يۇقى قۇرۇيتتى بىردىن.
تاراقلاپ قەلبىمگە چۈشكەن تىۋىشى،
باغلايتتى ھاياتقا مېنى قايتىدىن.

ھىم ئىشىك شۇ قەدەر سوغۇق چەكچىيىپ،

تۈيغۇمنى بىر ـ بىرلەپ قىلماقتا يەكسان.
بوسۇغامغىچە پېتىشماي كەلگەن،
چېپىدە توختىدى تەلۋە ھاياجان.

ھەر تېۋىش مېھرىڭنى ئەسلىتىپ قالسا،
يالغۇزلۇق يىڭىلىپ قالاتتى جەزمەن.
شۇ قەدەر مەنىگە تولدۇ ھايات،

ناتونۇش قوي كۆزلەر كۆلۈمسىرىگەن دەم.

قوشنىسى يوق ئادەم شۇنداق بىچارە،
يەتتە باش يالماۋۇز ئېيتقان كىنايە.
قورققۇم كەلگىنى يالغۇزلۇق ئەمەس،
رەھىمسىز ياشاشنى ئىستىگەن چارە.

## ئوخشىغىن سەن ئۆزۈڭگە ئەبەد

### ئىدرىس رۇسۇل تەمكىن

**ئوخشىغىن سەن ئۆزۈڭگە ئەبەد**

گۈلگە مىسال ئەتسەم يار سېنى،
تۇزارسەنمۇ بىر كۈن ئەي نىگار؟
گەر بولاققا ئوخشاتسام سېنى،
شوخ ئېقىنىڭ قىشتا مۇز تۇتار.

ئايغا تەڭداش قىلسام مۇبادا،
بۇلۇتلاردىن كىيەمسەن نىقاب؟
ياكى ئوتتۇز كۈننى پارچىلاپ،
يېرىمىدا كېتەمسەن يوقاپ؟

بۇلبۇل بولۇپ تۇرەلسە جىسمىڭ،
مۇڭ قاپلىغان قەلبىم كۆكىدە.
ئۇچارسەنمۇ كۆرسەڭ بىر چىمەن،
ئۇپۇقۇمنىڭ قارشى بېتىدە.

ئەنسىرەيمەن سېنى ئامرىقىم،
ئوخشىتىشتىن ھەممە ـ ھەممىگە.
ئەمىن تېپىپ توختايدۇ قەلبىم،
ئوخشىساڭلا پەقەت ئۆزۈڭگە.

**بەخت**

1

بەخت زىيا، بەخت دېگەن گۈل،
بوشلۇق ئارا تۇرغان ئېچىلىپ.
بەخت ئەسلى يىگانە توغراق،
يوقلىمىغان ھېچكىشى كېلىپ.

بەخت دېگەن بىر يېتىم بالا،
بوسۇغاڭغا تۇرغان بۆلىنىپ.
ۋە بەلكىم ئۇ بىر ساھىبجامال،
سۆيۈشۈڭگە تۇرغان ئۈمتۈلۈپ.

2

بەخت
شائىرلار ئىنتىلگەن گۈزەل بىر مىسرا،
ۋەياكى مىليونېر قەلبىدىكى پۇل.
بويتاقنىڭ ياستۇقى ئاستىدا تۇرغان،
خاتىرە بېتىدىن يىتىپ كەتكەن گۈل.

**ئۆزۈمگە**

قويۇۋەت يىغلىغان بۇرادىرىڭنى،
كۆز ياش ئۇ ئازابقا قويۇلغان سوراق.
كۆلگەننى بەختلىك دەپمۇ سانىما،
كۆلدۈرەر گۈلنىمۇ تىكەنلىك شىۋاق.

قويۇپ بەر يىغلىسۇن بىردەمگىنە ئۇ،
كۆز ياشلار ئىچىدىن تېپىلىدۇ يول.
ياماشسا ھاياتقا بىغەم كۈلكىلەر،
باشلايدۇ ھالاكەت يولىغا ئۇدۇل.

مۇھەررىرى: **ئەكبەر سالىھ**

## رۇبائىيلار

### ئابلىمىت مۇھەممەت ئەمىن

1

نى تەختى قەسىرلەر تامدەكلا قالدى،
نى ئارزۇ ـ ئارمانلار خامدەكلا قالدى.
دۇنياسى تەل دېگەن كۆزى ئاچنىڭمۇ،
ھېساباتا تاپقىنى كەمدەكلا قالدى.

2

بىر قوۋۇز نىڭىمۇ گاھى يوقتىن خوپ،
شۇكرىدە يۈرمەكلىك نەپسى چوغدىن خوپ.
گەر ئەما بولسىمۇ دىلكەش ئۆلپىتىڭ،
بىئەدەپ، بىھايا گېپى سوغدىن خوپ.

3

بارچىدىن ئىنساننى دېسەكمۇ ئۇلۇغ،
ئۇلۇغلۇق بابىدا كىم بوپتۇ تولۇق؟
گەر قۇياش بولسىمۇ ئالەمنىڭ شاھى،
ئۇمۇ ھەم تۇشلۇقلا بېرىدۇ يورۇق.

4

يەتكىچە بىر كۈننىڭ سائىتى ئارامى،
كېلىدۇ ھەر ياقتىن غەمنىڭ قىيانى.
ھاياتتا بىرىنى ئىككى قىلغىچە،
ئاھ، كۆيۈپ تۈگەيدۇ ئۆمۈرنىڭ شامى.

5

ئەي پەلەك، رەھىمىڭدىن قىلىپ راپاۋەت،
دىل رىزا بولغىدەك كۈننى راۋا ئەت.
ئۆزلۈك بوپ بۇ كۆللى ئالەمگە ھەكىم،
ناتىۋان دەردىگە مەلھەم ـ داۋا ئەت.

6

گاھ، كۈنلەر قۇيارمىش غۇربەتتە مېنى،
گاھ قىيناپ ئۆتەرمىش كۈلپەتتە مېنى.
كەچمىشتە نە كۆرەي بۇنىسى چاغلىق،
بەس، يېتەر قويمىسا لەنەتتە مېنى.

7

ھەر نۆۋەت يورۇسا ئالەمنىڭ تېڭى،
ھەر كىمگە بىلىنەر بەلكى ئۇ يېڭى.
بىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلماس،
جانلىنىپ تۇرمىسا تەپەككۇر ـ ئېڭى.

8

ئۆزۈڭنى بۇ دەۋرنىڭ مېھمىنى دەپ بىل،
بىر كېچە بولسىمۇ ھىممىتى دەپ بىل.
چۈشەنگىن ھاياتنى تۇرمۇش بابىدىن،
ئىنساننىڭ مېھنەتتە قىممىتى دەپ بىل.

9

نام ـ نەسەب كىملىكتىن ئۆچمىمىز ئاخىر،
مەنزىلى دەرگاھقا كۆچمىمىز ئاخىر.
نى بالا ـ ئاپەتتىن قۇتۇلغان بىلەن،
ئۆلۈمنىڭ قوينىغا چۆكمىمىز ئاخىر.

10

تەقدىرنىڭ ھەققىدە قىلىپ تۇر پىكىر،
يىقىلىپ قوپماقنىڭ ئۆزى نە بىر سىر.
پېشكەللىك يەتسە گەر ئۆزگىگە ئارتما،
ئەقىلنىڭ ئاچقۇچى پەقەتلا تەدبىر.

11

مۇمكىن بار سىرىڭنى تۇتقىنكى پىنھان،
نە ئىش قىل پەش قىلما، ئۆتكىنكى پىنھان.
تېشىڭدا كۈلۈپ گاھ، ئىچىڭدە يىغلا،
گەر ئوغا بولسىمۇ يۇتقىنكى پىنھان.

12

ساخاۋەت ئولىغا تامنى سالغان كىم،
مىسكىننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈپ ئالغان كىم؟
بىر يېتىم يىغلىسا پەلەكنى قۇچۇپ،
ئاھ، ئۇنىڭ زارىغا داپنى چالغان كىم؟

13

مۇمكىنمۇ قولۇڭدىن يىتكەننى تاپماق،
مۇمكىنمۇ كەملىرى پۈتكەننى تاپماق.
جاھانغا كەلمەكنىڭ نۆۋىتى بىرلا،
مۇمكىنمۇ قايتىلاپ ئۆتكەننى تاپماق.

14

شاھ دېگىن، يا گاداي ھەممىسى ئىنسان،
ئۆتەڭدە بىر قونۇپ كېتىدۇ ھامان.
كەمستمە بىراۋنى كۆڭلىگە تېگىپ،
ھەر كىمگە باراۋەر ئەسلي بۇ جاھان.

15

ئەسلىمىز نە ئىدى، تېنىپ يۈرگەن بىز،
ئات مىنسە بەزىلەر چېنىپ يۈرگەن بىز.
مىڭ ئىغۋا، پىتنىنى ھەسەتكە جۇغلاپ،
قىسمەتنى پاتقاققا پېتىپ يۈرگەن بىز.


16

ھەركىمنىڭ كۆڭلىدە بار نىسپىي تىلەك،
ۋەلېكىن يولى بىر، رىسقىدۇر بۆلەك.
مەيلى سەن نېمە تاپ، ئەجىر بىلەن تاپ،
ۋە لېكىن تاپقاننى قىلمىغىن كۆرەك.

17

يا رەببىم، سەۋر بەر، بەرمە تەرسالىق،
پېقىرغا ئەمەستۇر بۇ رەھنەمالىق.
مەنسەپ ۋە تۆرلەردىن تامايىم يوقتۇر،
ياشىسام شۇ ئەلا ئۆزۈمگە لايىق.

مۇھەررىرى: **ھەبىبۇللا مۇھەممەت**



# قەلب خاتىرەمنى ۋاراقلاپ

## (ئەبجەش يازمىلار)

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

### كەچمىشلىرىم ۋە ھەۋەسلىرىم

ئىنسان ياشانغاندا بولۇپ قالىدۇ،
بالىلىق دەۋرىنى كۆپ ئويلايدىغان.
ئويلايدۇ ئۇ چاغنى سېغىنىش بىلەن،
چەكمەيدۇ ھېچ قايغۇ، تارتمايدۇ پىغان.
......................

— قۇربان بارات: «تەبىئەتكە قايتىش...»

ئادەم بالىسى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىنلا ھاياتلىقنىڭ داش قازاندەك ۋاراقشىپ قايناپ تۇرىدىغان ئازمىلىرىغا تاشلىنىدىكەن، شۇ قايىنامنىڭ گاھ چۆكۈرۈپ، گاھ لەيلىتىپ پىرقىرىتىشلىرىغا ئۇسسۇل ئويناپ، خۇددى دامغا چۈشكەن قۇشتەك يۇلقۇنىدىكەن، داۋاملىق ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىدىكەن. بۇ قايىنام بىر جەڭگاھ بولۇپ، بۇ جەڭگاھتا دولقۇنلار بىلەن ئېلىشمايدىغان، ئوڭ-تەتۈر قىسمەتلەر بىلەن چېلىشمايدىغان؛ ئۆز بېشىغا چۈشكەن ئاشۇ ئېغىر قىسمەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن يۇلقۇنمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك.

پەلەك چاقىنىڭ ئۈزۈكسىز ئايلىنىشى بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئۆزگىرىشلەر روي بېرىپ، يەنە باشقا بىر قايىنامغا ئاتىدىكەن. شۇڭا، ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئالنى تاشلاپ، ئاشۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ باققۇسى كېلىدىكەن. ئىزدىگەنسېرى تېخىمۇ تەگسىز خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولىدىكەن. شۇ خىياللار دېڭىزىدىن ئۈزۈپ ئۆتكىنىدە، قايناملاردىن لەيلەپ چىققىنىدا يولمۇ تېپىلىپ قالىدىكەن. گەپنىڭ ھەممىسى ئىزدىنىش-ئىزدەنمەسلىكتە باغلىق ئىكەن...

مۆھتەرەم ئوقۇرمەن، سىزنىڭمۇ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگەن ئىسسىق-سوغۇقلىرىڭىز، يەنى كۆڭۈل ئەينىكىڭىزدىن سۇدەك سىيرىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئاچچىق كەچۈرمىشلىرىڭىز، مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان تاتلىق-تاتلىق ئەسلىمىلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن.

ھاياتلىقتا ھەربىر كىشىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە كەچمىش-كەچۈرمىشلىرى تامامەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما، دېمەتلىكلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مېنىڭ ئەھۋالىم بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ قېلىشى تۇرغان گەپ.

راست ئىشلار خاتىرىسى

شۇڭا، بۇ يازمام مېنىڭ نۇرغۇن قازانلاردا قايناپ، تالاي پىچ ـ ئوچاقلاردا تاۋلىنىپ بۇگۈنكىدەك ئادەم بولۇشۇمنىڭ كىچىككىنە كارتىنىسى بولۇپ، سىزنىمۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىڭىزنى كۆڭۈل ئېكرانىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ، «ئايىغىمدىن گۈل ئۈندىمۇ ياكى تىكەنمۇ» دېگەن نۇقتىدا تارىخىي ئىزلىرىڭىزنى ئىزلاپ بېقىشىڭىزغا دالالەت قىلىپ، توغرا يولغا، تىرىشچانلىق بىلەن ياشاشنىڭ داغدام يولىغا باشلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ھاياتىڭىزنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدا دوپپىڭىزنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ قويۇپ ئاپتاپسىنغاچ ياكى مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوتسىنغاچ كۆڭۈل خاتىرىڭىزنى ۋاراقلاپ، دىل بايانىڭىزنى بالىلىرىڭىز ياكى نەۋرە ـ چەۋرىلىرىڭىزگە سۆزلەپ بېرىپ كۆڭۈل ئاۋۇندۇرۇشىڭىزغا ئاساس يارىتىلىپ قېلىشى مۇمكىن. نېمىلا بولسۇن، بۇ مېنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ھاياتىمنىڭ يالدامىلىرى، ئىز ـ تامغىلىرى ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان كەلگەن ئادەتلىرىمنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بىر قېتىم ئوقۇپ قويۇشىڭىزغا، ھېچ بولمىسا، «ھەققىي قەلب دەپتىرىڭىزنى ۋاراقلاپ چىقىشىڭىزغا تۈرتكە بولۇپ قالار» دېگەن نىيەتتە سىزگە سۇندۇم...

ئەقلىمگە كەلسەم، ئانام، ئەڭ كىچىك ئاكام ئۈچىمىز بىر ئۆيدە ياشايدىكەنمىز. باشقا ئاكىلىرىم ۋە ئاچام ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ بىزدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنىكەن. مەھەللىمىزدىكى قىزىقچى ـ چاقچاقخۇمار كىشىلەر مېنى نەدە كۆرسە: «كەنجىتاي، تاغار قېقىندىسى» دەپ «قېقىتاتتى». ئۇ چاغلاردا بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەچكە، بۇ گەپلەرگە بەك تېرىكەتتىم ۋە شۇنداق دېگەنلەرگە زەردە بىلەن: «ئۆزۈڭ كەنجىتاي، ئۆزۈڭ تاغار قېقىندىسى» دەپ ئاچچىقلاپ كېتەتتىم. شۇنداق چاغلاردا: «باشقىلارنىڭ دادىسى بار ئىكەن، لېكىن مېنىڭ دادام يوق، دادىسى يوق بالىلارنى ئاشۇنداق دەيدىغان ئوخشايدۇ...» دەپ ئويلاپ قالاتتىم. كېيىن بىلدىمكى، ئانام رەھمەتلىك ئالتە ئوغۇل، بىر قىز تۇغقانىكەن. مەن ئائىلىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، يەنى 7 ـ پەرزەنتى ئىكەنمەن.

ئائىلىمىز «يەر ئىسلاھاتى ۋە ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتى» مەزگىللىرىدە نەچچە يۈز تۇياق چوڭ ـ كىچىك چارۋا، نەچچە مىڭ تۈپ دەل ـ دەرەخ، 76 مو يېرى بار ئائىلە بولسىمۇ، «ئادەملەرنى ھاقارەتلىمىگەن، ئەزمىگەن، ئۇرۇپ ـ سوقمىغان، بەلكى ئاجىز ـ ئورۇق، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قىلغان» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، «ئۆز يېرىنى ئۆزى ئىدارە قىلغۇچى» دېگەن غەيرىي بىر تەركىبكە ئايرىپ قويغانىكەن. ئەمما، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەن تەڭ، ئائىلىمىزنى «توردىن چۈشۈپ قالغان پومېشچىك ئائىلىسى» دېيىلىپ، ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇپ، تېپىۋالغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى دادامنىڭ بويىنىغا ئېسىپ، تولا سازايى، كۈرەش ـ پىپەن قىلىپ، ئۇرۇپ ـ سوقۇپ قىينايدىكەن، ھەتتا بويىندىن باغلاپ ئۆملىتىپ كۈرەش مەيدانىغا ئېلىپ بارىدىكەن... رەھمەتلىك دادام بۇ ئەلەم، خورلۇققا چىدىماي قالغان بولسا كېرەك. 1966 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىر قەي قىلىش بىلەن قان ياندۇرۇپ، بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقانىكەن...

بۇ ئىش دادام بىلەن تۈگىمەي، بىزمۇ ئۇنىڭ «شالتىقىغا تېيىلىپ» كەتكەچكە، «پومېشچىك ئائىلىسى» بولۇپ قالدۇق. كوممۇنا باشلىقلىرى رەھمەتلىك ئانامنى ئەڭ ئېغىر ئىشلارغا سالاتتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تورغاي چۇچۇلىماستا ئورنىدىن قوپۇپ «دولقۇن»غا چىقىپ كېتەتتى، ئاكام مەكتەپكە ماڭاتتى. مەن ئۇيقۇمغا قانغاندا ئويغىنىپ، يېگۈدەك نەرسىلەرنى تېپىپ يەيتتىم. ئاكام ئىككىمىز كىچىك، ئەمگەك ئىقتىدارىمىز بولمىغاچقا، ئانام يالغۇز ئىشلەپ نومۇر ئالاتتى. ئۇنىڭ ئالغان نومۇرى بىلەن ئۈچ جاننى بېقىش تەس بولغاچقا، ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا كوممۇناغا قەرزدار بولۇپ قالاتتۇق. قەرزلىرىمىز يىلدىن ـ يىلغا ئاۋۇپ ـ كۆپىيىپ كەتكەن بولسا كېرەك. بىر يىلى كۈزدە كەنت شۇجىسى بىلەن كەنت باشلىقى ئادەم باشلاپ كېلىپ، ئۆيدىكى كىگىز ـ كېچەك، چىچقاق پاقلان دېگەندەك نەرسىلىرىمىزنى، ھەتتا ئىشكىمىز ئالدىدىكى نەچچە ئەۋلادنى ئۇ دۇنياغا ئۇزاتقان، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئاپپاق، بودەك مېۋىسى بىلەن بېقىپ ئەتىيازنىڭ «سېرىقتال» مەزگىلىدىن ئۆتكۈزىدىغان ئۈجمە دەرەخلىرىمىزنى كېسىپ قەرزگە ھېسابلاپ ئېلىپ كېتىشتى. ئەسلىدىنلا قاتتىقچىلىق، نامراتلىق ئىچىدە تەستە ئۆتۈۋاتقان سېرىقتال كۈنلىرىمىز گۆرىستان قاراڭغۇلۇقىدا قىلىپ، تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى...

شۇ كۈنلەردە، خېلى بۇرۇنلا ئاتا ـ ئانىمىزدىن ئۆي، چەك ـ چېگرا ئايرىغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، «ئىلغار تەشۋىقاتچى» دەپ نام ئالغان ئاچام ناھىيە بويىچە ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، مەھەللىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر ئايدا 30 يۈەن مائاش ئالاتتى ۋە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن 15 كىلو ئاشلىق (ئاق ئۇن، گۈرۈچ ۋە قوناق ئۇنى

دېگەندەكلەر)، نەچچە سىر سۇ يېغى بىلەن تەمىنلىنەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆنلىرى بىزنىڭكىدىن ياخشىراق ئىدى، شۇڭا ئانچە-مۇنچە ئوغرىلىقچە ياردەم قىلىپ تۇراتتى.

مەنمۇ مەكتەپ يېشىغا يەتتىم ۋە مەكتەپكە كىردىم. بۇ چاغدا كىچىك ئاكام ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ كەتكەنىدى (ئۇ مەندىن ئاز كەم ئالتە ياش چوڭ). ئۇ مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيتتى. شۇڭا، يەكشەنبىدە بىر كۈن ئۆيدە بولاتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇدۇل قوشنىمىز، مەھەللە باشلىقى — جۇمە نامان دېگەن كىشى ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى ۋە ئانامغا:

— سىلىنىڭ بۇ كەنجتايلىرى ناھايىتى چېچەن ھەم چاققان بالا بولدى. كىچىك بولغاچقا، باشقا ئەمگەككە يارىمايدۇ. شۇڭا، ئەتىگەن-ئاخشامدا ۋە تەتىل مەزگىللىرىدە ئەترەتنىڭ مال-چارۋىلىرىنى بېقىشىپ بېرىپ، ئازراق نومۇر ئالسا قانداق بولا، دەپ مەسلىھەتكە كىردىم، — دېدى، ئانام:

— بالا تېخى كىچىك، قانداق بولا، — دەپ ئارىسالدى بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئانام مۇشۇ كۈنلەردە ئىشتىن بەك كەچ كېلەتتى ۋە ئەپلەپ-سەپلەپ قورساقنى ئەستەرلەپ بولۇپ، ئاكام ئىككىمىزنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمىزنىڭ يىرتىلغانلىرىنى ياماش، كونا كىيىملەرنى چۇۋۇپ، يۇيۇپ، ئەپلەپ-ئەپلەش، توخۇ-كەپتەرلەرگە سۇ، دان بېرىش... دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بەك كەچ ياتىسمۇ، يەنە سەھەر تۇرۇپ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، جاينامازدا ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ، يىغلايتتى. ئۇنىڭ يىغىسى كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ بېرىۋاتاتتى. باشتا: «دادامنىڭ ئۆلۈمىگە چىدىماي يىغلىسا كېرەك...» دەپ ئويلايتتىم. كېيىنچە، ئۇنىڭ ئېغىر ئەمگەك، دەرد-ئەلەم، دەككە-دەشنام ۋە بىزنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرەلمىگىنىگە ئېچىنىپ يىغلايدىغانلىقىنى پەملىدىم. بۇ چاغدا مەن توققۇز ياشقا كىرگەن — غەرەز ئاڭقىرغۇدەك بولۇپ قالغانىدىم. شۇڭا، كېسىپلا:

— بولىدۇ، مەن مال بېقىپ نومۇر ئالاي، — دېدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئەترىتىمىزنىڭ ماللىرىنى باقىدىغان، ئابدەك رېھىم (ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇرېھىم رېھىم بولۇپ، ئۇ باشقا يۇرتتىن بىزنىڭ يۇرتقا ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كەلگەچكە، كىشىلەر كەمسىتىپ شۇنداق ئاتايتتى) مالچى ئىسىملىك جىمغۇر، ياۋاش، خۇداقول، گەپنى ناھايىتى ئاز قىلىدىغان ئادەمنىڭ شاگىرتى — پادىچى بولۇپ قالدىم. مېنىڭ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكى ئاساسلىق ۋەزىپەم: ئەتىگەندە قوي-ئۆچكىلەرنى «ئاياغجاڭگال» ياكى «ساي» دەپ ئاتىلىدىغان جايلارغا ئاپىرىشىپ بېرىپ، مەكتەپكە بېرىش؛ كەچتە مەكتەپتىن قايتىپ، ئالدىغا بېرىپ ئەكېلىشىپ بېرىش ۋە قوي-ئۆچكىلەرنى ساناپ قوتانغا سولاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا شال پاخلى، قوناق شاخلىرى... دېگەندەك نەرسىلەرنى تاشلاپ بېرىش ئىدى. يەكشەنبە كۈنى بولسا، پۈتۈن كۈن مال باقاتتىم. بۇ ئىش 4-ئاينىڭ باشلىرىدىن 6-ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئىككى ئاي داۋاملىشاتتى (باش ئەتىياز ۋە قىش كۈنلىرى مالنى ئاساسەن قوتاندا باقاتتۇق). بۇنداق چاغلاردا قىش-ياز سۈيى ئۆكسۈمەيدىغان پاراچ ئۆستەڭگە كۆندە بىر قېتىم ئاپىرىپ سۇغىرىپ كېلەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن مالنى 8-ئاينىڭ 20-، 25-كۈنلىرىگىچە تاغدا باقاتتى. ئەمما، تاغقا مالنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىشقا بولمايتتى. يەنى، ئورۇق، توكۇر بولۇپ قالغان چوڭ قوي-ئۆچكىلەر بىلەن كېيىنرەك تۇغۇلۇپ قالغان قوزا-ئوغلاقلار ئانىسى بىلەن قالدۇرۇپ قويۇلاتتى. بۇلارغا ئادەتتىكى چاغلاردا ئەمتىكام دېگەن ئادەم قارايتتى. ئۇ كىشىنىڭ پۇتى مېيىپ بولۇپ، بۇ جانۋارلارنى تالا-تۈزگە ئېلىپ چىقالمايتتى، بۇنداق ۋاقىتتا، ئەتىگەن-كەچتە يەنىلا مەن ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ بويلىرى ۋە كوممۇنانىڭ ئورمانلىقلىرىدا باقاتتىم. تەتىلدە بولسا، مەھەللىمىزدىن 9-10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «پاقىلىقنىڭ جاڭگىلى» دېگەن جاڭگالدا مۇھەممەتئىمىن سالاھىدىن ئىسىملىك (مەندىن بىر نەچچە ياش چوڭ ئىدى، كېيىن ئۇرۇمچىگە چىقىپ كېتىپ، ئۆكتەبىر تىراكتور زاۋۇتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلەپ، شۇ يەردىن دەم ئېلىشقا چىقتى) بىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ باقاتتۇق. تاغقا ئاچىقىپ كەتكەن مال تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن يەنە بۇ چوڭ مال توپىنى بېقىشقا تۇتۇلاتتىم... بۇ ئىش تاكى 11-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە — ئېتىز-ئېرىقلاردا غازاڭ-غۇزۇڭ، كېۋەزلىكلەرنىڭ شادىسى، ھەتتا قوناقلارنىڭ كۆتىچەكلىرىمۇ پاكىز تۈگەپ قوي-ئۆچكىلەرنىڭ ئېغىزىغا چىققۇدەك ھېچنەرسە قالمىغۇچە داۋاملىشاتتى.

كەنتىمىزنىڭ كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسى بىلەن تېرىم يېزىسىنىڭ ئايرىلىقىدىكى ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا «جىغانلىق» دېگەن بوستانلىقتا 200 مو ئەتراپىدا يېرىمىز بولۇپ، بىرىنچىدىن، قىغ چۈشۈرۈپ، يەرلەرنى ئوغۇتلاش ئۈچۈن؛ ئىككىنچىدىن، مالنىڭ گېلىنى بېقىش ئۈچۈن كۈز كۈنلىرى مالنى ئاساسەن شۇ يەردە غازاڭ-غۇزۇڭ ۋە شۇ يەردىن چىققان ئوت-

خەسلەر بىلەن باقاتتۇق. ئۇ يەردە ئازغان، جىغان، جىگدە دەرەخلىرى بولغاندىن باشقا، ئاساسەن بۈك-باراقسان توغراقلىق ئىدى. ئۇ يەرنىڭ ئەتراپى غىلتاڭ ساي بولۇپ، قوي-ئۆچكىلەر ئاساسەن باشقا جايلارغا كېتەلمەيتتى. كەتكەن تەقدىردىمۇ چوڭراق توغراقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسىلا، ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى... ئۇ يەر بىلەن مەھەللىمىزنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى، بۇ يەردە ئىككىلا ئائىلىلىك بار ئىدى. دەم ئېلىش، ھېيت-بايرام ۋە تەتىل كۈنلىرى شۇ يەردە قونۇپ مال باقاتتىم. كۈنلىرىم بەك زېرىكىشلىك بولغاچقا، كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دەسلەپتە بىر دانە نەي سېتىۋېلىپ چېلىپ يۈردۈم، ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن دۇتار، راۋاب، داپ... قاتارلىق سازلارنى تىرىڭشىتىپ، گۇمباڭلىتىپ چېلىپ يۈردۈم...

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارا-بارا «قۇرۇق گەپتىن جىگدە ياخشى» دېگەن نىيەتكە كەلدىم-دە، ئازراق بولسىمۇ پۇل تېپىش مەقسىتىدە چاقپەلەك ياساپ قوي يۇڭىنى ئېشىپ قۇۋ (ئىشتانباغ) توقۇشنى ئۆگىنىپ، توقۇپ ساتتىم، قۇۋنىڭ تۆت قىرلىق ۋە يىسسىماق ئىككى خىل شەكلى بولۇپ، ھەر ئىككى خىل شەكلىنى شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە پىششىق توقۇيتتىم. كېيىنچە سېۋەت توقۇشنى ئۆگىنىۋالدىم. يۇرتىمىزدا يەرلىك تىل بىلەن توغراقلارنى «تالتوغراق»، «قاپاق توغراق» دەپ ئايرىپ ئاتايتتۇق، ئۇ يەردە تالتوغراق ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ تېلى سېۋەت توقۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەپلىك ماتېرىيالى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنىڭ بىر تەرىپىدە بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ 1-، 2-كەنتىدىكى 10 نەچچە مىڭ نوپۇسنىڭ يېرىنى سۇغىرىدىغان «يېڭىچكى ئۆستىڭى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆستەڭ، يەنە بىر تەرىپىدە ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ دوندۇرا، پىلال قاتارلىق يېزىلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان «گەز دەريا» دەپ بىر دەريا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككى قېشىدا بۈك-باراقسان يۇلغۇنلار ئۆسۈپ چېچەكلەپ كېتەتتى. بۇ مەن ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت ئىدى. شۇڭا، سېۋەت توقۇپ، بىر موچەندىن بىر كويغىچە ساتاتتىم. كېيىن چويلا توقۇشنى ئۆگىنىۋالدىم ھەم ئەتىياز مەزگىلىدە سۆگەتلەر يېڭىدىن كۆكلەپ بوستان بولغاندا سۆگەت تېلىنىڭ قوۋزىقىنى سويۇپ—ئاقلاپ چويلا توقۇپ ساتاتتىم. ئاندىن زەمبىلنىڭ بەك ئەتىۋار ئىكەنلىكىنى، بىر زەمبىلنى بىر كويغا ئالىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، زەمبىل توقۇپ ساتتىم (ئەلۋەتتە، ئاشكارا پۇل تېپىش، سودا-سېتىق قىلىش چەكلىنەتتى، لېكىن بۇنداق ئۇششاق-چۈشەك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بازار باشقۇرۇشتىكىلەر ئانچە چەكلەپ كەتمەيتتى ھەم بۇ نەرسىلەر ئاساسەن مەھەللىدىلا سېتىلىپ تۈگەيتتى، پەقەت ئېشىپ قالغانلىرىنى بازارغا ئېلىپ باراتتىم). گەرچە تاپقان پۇلۇم ھازىرقى پۇل ئۆلچىمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئۇ زاماندا پۇلنىڭ كۈچى خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ ئوقۇش راسخوتۇم ئۈچۈن يېتەتتى. يەنە كېيىنرەك قوشۇق، چۆمۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى قىرىش ئۈچۈن كاشكات قاتارلىق كېتەرلىك سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، ئالدى بىلەن تېرەكنىڭ ھۆل ياغىچىدا قوشۇق، چۆمۈچلەرنى قىرىپ سىناق قىلىپ باقتىم، تاكى ئۆلچەملىك ۋە چىرايلىق چىققانغا قەدەر مەشىق قىلىپ، ئاخىرىدا ئۈجمە، ئامۇت، ئالما ۋە ئۆرۈكنىڭ ياغىچىدا قوشۇق، چۆمۈچ قىرىپ ساتتىم. قوشۇقلارنى بىر موچەن، چۆمۈچنى بەش موچەندىن ساتاتتىم. كېيىنچە بۇ ھۈنەرلەر ئازلىق قىلىپ، سۈپۈرگە بوغۇشنى ئۆگىنىپ، باشقىلارنىڭ ئېتىز قىرلىرىغا ۋە ھويلا-ئارانلىرىغا تېرىپ قويغان لەيلەك (سۈپۈرگە قوناق)لىرىنىڭ بېشى تەرىپىنى سېتىۋېلىپ، سۈپۈرگە بوغۇپ ساتتىم. كېيىن بۇ ئىشنى ئاكام بىلەن بىرلىشىپ قىلدۇق.

ئاكام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەھەر سائەت بەشلەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىگە ۋېلىسىپىت بىلەن كىرىپ «ھېلىلە ياغلىق» دەپ ئاتىلىدىغان ياغلىق، پايپاق، ئىشتانلارنى ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئەرزان باھادا ئېلىپ، يېزىمىزنىڭ بازىرىدا تەڭگە تەڭ باھا قوشۇپ ساتىدىغان بولدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ نەرسىلەرنى ئاشكارا ساتالمايتتۇق، مەن ئارقا بۇلۇڭلاردا سومكا بىلەن بۇ نەرسىلەرنى تۇتۇپ ئولتۇراتتىم. ئاكام بىردىن، ئىككىدىن قوينىغا تىقىپ بازارغا كىرەتتى-دە، سېتىپ بولۇپ، قايتىپ كېلىپ يەنە ئېلىپ باراتتى. ئەگەر كۆپرەك ئالىدىغان خېرىدار بولۇپ قالسا ۋە ئۇ خېرىدارنىڭ «قىزىل قوغدىغۇچى ياكى بازار باشقۇرغۇچى» ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلالىسا، مېنىڭ قېشىمغا باشلاپ كېلەتتى. پۇلغا ئالغان نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق ئوغرىلىقچە ساتاتتۇق...

مەن يەنە ھەرخىل كۆچەتلەرنى ئۇلاش ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالغان بولغاچقا، ئۆزىمىزنىڭ سەككىز پۈڭ يەردىكى بېغىمىزدا ئۆستۈرگەن كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلاپ، سورتىنى ياخشىلاپ چىققانلىقىم ئۈچۈن، مەھەللىدىكى كىشىلەر ھەۋەس قىلىپ، كۆچەتلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلتاتتى ۋە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھەق بېرەتتى...

1976 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىمۇ بۇ ئىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، پۇل تېپىپ خەجلىدىم. ھەتتا 1977 ـ يىلى كۈزدە ئۆزۈم ئاشۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن تاپقان تاتلىق پۇلۇمغا شۇ ۋاقىتتا بەزى مائاشلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭمۇ ئېلىپ مىنىشكە قۇربى يەتمەيدىغان «قىزىلبايراق» ماركىلىق بىر دانە ۋېلسىپىتنى 176 يۈەنگە سېتىۋېلىپ، بەك سوغۇق بولۇپ كەتمىگەن ۋاقىتلاردا مەكتەپكە ئالتە كىلومېتىر يولنى شۇ «جانىۋار» بىلەن بېسىپ ـ بېرىپ ـ كېلىپ ئوقۇدۇم (سوغۇق بولۇپ كەتكەن قارا قىشتا مەكتەپنىڭ ياتىقىدا ياتاتتىم). بىر يەرلىرى بۇزۇلۇپ قالسا، ياكى كامېرى تېشىلىپ كەتسە، رېمونتچىغا بېرىدىغان پۇلنى ۋە ۋاقىتنى تېجەش، ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن، كېتەرلىك سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، ئۆزۈم رېمونت قىلدىم، يەملىدىم. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا 18 كىلومېتىر يولنى ھەپتىدە بىر قېتىم بېرىپ ـ كېلىشكە ئىشلەتتىم. پەقەت 1981 ـ يىلى ئالىي مەكتەپكە كەتكەن ۋاقتىمدا مېنى بەش يىل كۆتۈرۈپ يۈرگەن بۇ سۆيۈملۈك «تۆمۈر ئېشىكىم» بىلەن خوشلاشتىم.

تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى، ھاياتنىڭ سىناقلىرى كىشىگە نېمىلەرنى ئۆگەتمەيدۇ دەيسىز؟ مەن ئاشۇنداق قاتتىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن، ھاياتنىڭ قىسىلچاقلىرىدا سىقىلىپ يوقسۇزلۇقنىڭ تەمىنى تازا تېتىغاچقا، تۇرمۇشۇمنى ياخشىراق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن باشلاپ تەتىل مەزگىللىرىدە ياغاچچى، تامچى... قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەرگە شاگىرت بولۇپ، بىر تەرەپتىن ھۈنەر ئۆگەنسەم، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ خەجلەيتتىم.

تامچىلىق ناھايىتى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر ئەمگەك بولۇپ، شاگىرتلارنىڭ ئاساسلىق قىلىدىغان ئىشىمىز: تام قوپۇرۇلۇپ، قارا سۇۋاق چاپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سىلىق سۇۋاق ئۈچۈن كېتىدىغان كاكىل لاينى مىجىپ، ئارىسىدىكى مونەك ـ چۆنەك ۋە لايغا ئىلىشتۇرغان سامانىنىڭ ئارىسىدىكى يىرىك بوغۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئايرىپ تاشلاپ يۇمشىتىش ئىدى. يەنە بىر ئىشىمىز: ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك كىران بولمىغاچقا، ئىش تەرتىپىمىز سىلىق سۇۋاق باسقۇچىغا ئۆتكىچە ئۆگزىلەرگە توپا، لاي ...دېگەندەك كېرەكلىك نەرسىلەرنى چېلەك ياكى زەمبىل بىلەن كۆتۈرۈپ ئاچىقاتتۇق. يەپ ـ ئىچىدىغىنىمىز ئۆزىمىز ئۆيدىن ئېلىپ كەلگەن قۇرۇق زاغرا بىلەن ئېرىق ياكى كۆل سۈيى ئىدى. شۇنداقتىمۇ چىدايتتىم... شۇ ھۈنەرنىڭ شاراپىتىدىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ ئۆي، ھويلىلىرىنىڭ تاملىرىنىڭ ئۆرۈلگەن، بۇزۇلغان جايلىرىنى ئېتىپ، ئوڭشاپ بېرىپ، ھويلىلىرىغا تونۇر سېلىپ بېرىپ خۇش قىلدىم ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشىغان، مەززىلىك ئۆي تاماقلىرىغا داخىل بولدۇم...

خىزمەتكە چىققان، ئۆي تۇتقاندىن كېيىن ياغاچ سۇپا (بەنچاڭ) ياسايدىغان، ئىشىكلەرگە بىخەتەرلىك قۇلۇپى ئورنىتىدىغان، دېرىزىلەرگە گۈل تەشتىكى قويۇش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسىلەرنى ئۆزۈم ياسىۋېلىپ، ئادەم ئىزدەپ ئاۋارە بولىدىغان، پۇل خەجلەيدىغان ئىشلاردىن خالىي بولدۇم...

كىچىك ۋاقىتلىرىمدا دەرسلىك كىتابلارنى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات كىتابىنى تولا ئوقۇپ تىتىۋېتەتتىم. ھەتتا دورىپۇرۇش ۋە ھەر خىل كۆكتات ئۇرۇقى ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر دورا، ئۇرۇق ئوراپ ساتقان ئەسكى قەغەزلەرنىڭ پارچىلىرىنىمۇ تېرىۋېلىپ ئوقۇغىلى بولىدىغان يەرلىرىنى تېپىپ ئوقۇيتتىم. بۇ ئىشىمنى كۆرگەن كىچىك ئاكام ئەڭ دەسلەپ «گاۋيۇباۋ»، «قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە» دېگەندەك بىر قىسىم كىتابلارنى تېپىپ بەرگەنىدى. بۇ كىتابلارنى نەچچە ئون قېتىم ياندۇرۇپ ئوقۇغىنىم ھېلىقىدەك ئېسىمدە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ياكى باشقا سەۋەبىمۇ كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇش ۋە ساقلاشقا ئىشتىياقىم ئىنتايىن كۈچلۈك. كىتاب ئىشكاپى ياسىتىش ۋە سېتىۋېلىشتا پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايمەن. ئۇنى ئەڭ چوڭ بايلىق ھېسابلايمەن. شۇڭا، يېڭى كىتاب نەشر قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىسام ئولتۇرالماي قالىمەن ھەم ئۇچرىتقان جايدىلا سېتىۋالىمەن. 1982 ـ، 1983 ـ يىللىرى ھازىرقى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ دەسلەپكى ئانا سانى بولغان «كوئېنلۇن ئەدەبىياتى» ۋە مەن خوتەنگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا چىققان سانلىرىنىڭ ھەممىسىنى كىتابپۇرۇش ۋە پۇتۇكچىلەردىن ئىزدەپ ـ سوراپ سېتىۋالغىنىم ۋە «مېھرابتىن چايان»، «چالىقۇشى»...قاتارلىق رومانلارنى دەرس تاشلاپ، شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدا كۈنلەپ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ سېتىۋالغىنىم ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە. ئۇ چاغلاردا خوتەندە شەخسىي كىتابخانىلار بولمىغانىڭ ئۈستىگە، شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىن كىتاب تېپىش ناھايىتى تەس ئىدى. شۇڭا، ھەر تەتىلدە قەشقەرگە بارسام، قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم: كىتاب يايمىچىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ،

كىتاب، ژۇرنال تاللاش بولاتتى. مانا ھازىر كىتاب-ژۇرناللار شۇنچىلىك كەڭرى بولغاچقا، ھەممىنى ئوقۇپ بولالمىساممۇ، كۆزۈم ئاچلىق قىلىپ شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنىۋاتقان بارلىق ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك مۇشتەرى بولۇپ يىغىمەن. ھەتتا «شىنجاڭ گېزىتى» دېگەندەك باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى بىر قىسىم گېزىتلەرگىمۇ مۇشتەرى بولۇپ، ئۆزۈمگە ياققان بەتلەرنى يىغىپ ساقلايمەن، ياكى شۇ مەزمۇننى قىيىۋالىمەن. ئازراقلا ۋاقىت تاپسام كىتاب، گېزىت-ژۇرنال كۆرىمەن. خىيالىمغا كەلگەن بىر نەرسىلەرنى يېزىپ باقىمەن...

مېنىڭ يەنە گۈل بېقىشقا ئاجايىپ ھەۋىسىم بولۇپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغاندىن بۇيانقى 25 يىلدا ئۆيىمىز دېرىزە تەكچىلىرىدىن ھەر خىل تۈر ۋە ھەر خىل رەڭدىكى 30، 40 تەشتەك گۈل ئۈزۈلمەي كەلدى. بۇ گۈللەرنى ئۆزۈم بىر قوللۇق پەرۋىش قىلىپ، ئوغۇتلاپ، سۇغىرىپ، پۇتاپ باقىمەن. مۇشۇ جەرياندا قايسى تۈردىكى گۈللەر سۇ خالايدۇ، قايسى تۈردىكى گۈللەر سۇنى ئانچە خالىمايدۇ؛ قايسى تۈردىكى گۈللەرگە قانداق ئوغۇت ماس كېلىدۇ، قايسىلىرىغا ماس كەلمەيدۇ... دېگەندەك ئاددىي بولغان پەرۋىش ۋە تېخنىكىلىق ساۋاتلارنى ئىگىلەپ، شۇ خىل قانۇنىيەت بويىچە بېقىپ كېلىۋاتىمەن.

مەن خىزمەتكە چىققان 28 يىل جەريانىدا 7-8 قېتىم ئۆي كۆچتۈم. ھەر قېتىم ئۆي كۆچۈشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئۆيگە كىتاب ئىشكاپى، دېرىزىلەرگە گۈل تاشتىكى تىزىدىغان ئورۇنلارنى لايىھەلەپ زىننەتلەيمەن. چۈنكى ئۆيدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسەم، كىتاب بىلەن گۈل بولۇپ، ھەر قېتىم ئۆي كۆچكەندە ئالدى بىلەن كىتابلىرىمنى مەزمۇن تۈرى ۋە كەسلەم ئالاھىدىلىكى بويىچە بېشكىلەرگە قاچىلاپ، ياكى چىرايلىق تىزىپ، تېڭىپ ئۆزۈم ئېرىنمەي يۆتكەپ بولۇپ، ئاندىن گۈللەرنى بىر تاشتەك، بىر تاشتەكتىن يۆتكەيمەن. قالغان «بايلىقلار»نى ئادەم سېلىپ يۆتكەيمەن ياكى خوتۇن-باللارغا تاشلاپ بېرىمەن.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمدەك، كىچىك ۋاقتلىرىمدا قوي پادىلىرىنى بېقىپ چوڭ بولغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبىمۇ بىلمەيمەن. ئىش قىلىپ، ھايۋانلارغا بىر خىل مېھرىم بار. ئېگىز بىنالاردا قوي قاتارلىق ھايۋانلارنى باققىلى بولمىغاچقا، توخۇ-كەپتەر، ئىت-مۈشۈك، قاراغوجا، ھەرخىل رەڭلىك قۇشقاچ... قاتارلىقلارنى بېقىشنى، زەخىملەنگەن بولسا «داۋالاپ» قويۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

2002-يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، بىر كۈنى كىچىك ئوغلۇم بىلەن سىرتتىن بىنانىڭ ئالدىغا كېلىۋېدۇق، چىملىقتا بىر قاراغوجا تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ. ئوغلۇم يۈگۈرۈپ بېرىپ قولىغا ئېلىۋېدى، ئۇنىڭ بىر پۇتى يوتىسىدىن سۇنۇپ كەتكەنىكەن بولۇپ چىقتى. ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ، بىر نەچچە سەرەڭگە تېلىنى سۇنغان يەرگە تىزىپ، پىلاستىر بىلەن تېڭىپ قويۇپ باقتۇق. ئارىدىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندە، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تاڭغان يېرىنى يېشىپ بېقىۋېدىم، ئۇ تاڭغان چاغدىكىدەك يۇلقۇنۇپ كەتمىدى، بەلكى ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ساقايغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم ۋە تېڭىقنى يېشىۋەتتىم. ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك تۈز مېڭىپ كەتتى. ئۇنى ئاساسەن تاماقنىڭ گۆشى بىلەن باققاندۇق. ئۆي ئىچى ئۇنىڭ گۈل بېغى، شادلىق باغچىسى بولۇپ، ئۆيدىن ئۆيگە ئۇچۇپ، باشلىرىمغا قونۇپ، خۇشى كەلسە، قۇلاقلىرىمنى چوقۇپ قوياتتى. دېرىزىدىن ئانچە-مۇنچە سىرتلارغىمۇ چىقىپ-كىرەتتى. ھەتتا تالادا مېنى كۆرۈپ قالغىدەك بولسا، ئۇچۇپ كېلىپ بېشىمغا قوناتتى. ياز ئۆتۈپ، كۈز كەلدى، كۈز ئۆتۈپ، قىش كەلدى. قىش كۈنلىرى دېرىزە تاقىۋېتىلىدىغان بولغاچقا، ئىشىكتىن چىقىپ-كىرەتتى. بىر كۈنى بىر چىقىپ كەتكەنچە يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ «ئۆيى» ھېسابلانغان قەپەسكە ھەر قېتىم كۆزۈم چۈشكەندە، ھەسرەت چېكەتتىم. ئۇنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بېرىش نېسىپ بولۇپ قالدى-دە، ئۈرۈمچىدىن ئىككى خىل رەڭدىكى «شاتۇتى ئائىلىسى»گە تەۋە قۇشقاچتىن بىر جۈپتىن ئەكېلىپ باقتىم. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، 2007-يىلى 2-ئايلارغا كەلگەندە، مەرھۇم خوتۇنۇمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاچقا، ئۆي، دوختۇرخانا، ئىشخانا ۋە سىنىپ ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈپ، ئوبدان قارىيالمىغاچقا، بىرسى دېرىزىدىن چىقىپ كېتىپ يوقالدى. ئۈچىنى بېقىپ يۈرەتتۇق. شۇ يىلى 22-ماي كۈنى خوتۇنۇم كۆز يۇمدى. مەن شۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ، چوڭ ئۆيدە يۈرۈپ، ھېلىقى 3 قۇشقاچ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالدى...

ئۇزۇن ئۆتمەي بىر مۈشۈك بېقىۋالدىم. مانا ھازىر ئۇ مۈشۈك ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە بىز بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنچىلىك ئالدىراش ئىشلىرىم بولسىمۇ قويۇپ قويۇپ، كۈندە ئۈچ ۋاق ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسە-كېرەكلەرنى بېرىمەن... مانا بۇ مەن ۋە مېنىڭ تۇرمۇشۇم.

www.uyghurkitap.com


نېمە ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى يېزىپ چىقتىم؟ ئادەمدە بىر خىل قىزىقىش، ئىنتىلىش، ئېتىقاد، تىرىشچانلىق ۋە ئىقتىسادچانلىق بولمايدىكەن، تۇرمۇشنى تەرتىپلىك، ياخشى ئورۇنلاشتۇرغىلى، كۈنلىرىنى مەنىلىك ۋە خۇشال ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ...

## ئۇستازلىرىمدىن پەخىرلىنىمەن

مەلۇم بىر ئادەمنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىدىن باشقا، ئۇنى تەربىيەلىگەن ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلىرى بىلەن مەلۇم جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى ئۆگەنگۈچىنىڭ ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلماسلىقى، ئۇلاردىن ئۈلگە-ئۆرنەك ئالماسلىقى، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەسلىكى ۋە ئۇلارنى دورىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن ۋە ئۇستازلىرىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن...

ئويلاپ كۆرسەم، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن ۋاقتىم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن مەكتەپلەردە دەرسلەر ئاساسەن ئۆتۈلمەيۋاتقان، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار كۈرەش-پىپەن ۋە ئەمگەك قىلىش بىلەن يۈرىدىغان زامان بولسىمۇ، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن: مەريەم ياسىن، مارىيە زۇنۇن (ئاچام)، نۇسرەت بارات، روزى تۇردىباقى قاتارلىقلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغۇم كېلىدۇ. چۈنكى بۇلار مەكتەپتىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتتىمۇ بەلگىلىك ئابرۇي ۋە ئىناۋەتكە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇشى ۋە دەرسلەرنى ئەستايىدىل تەييارلاپ، ياخشى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە (شۇ چاغدا ئىگىلىگەن بىلىملىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە تاشقا مۆھۈر ئويغاندەك تۇرۇپتۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدا ئۇلار ھېلىھەم ئەسقېتىپ كېلىۋېتىپتۇ)، يىلمۇ يىل ئىلگىرىلەپ، 1976-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتىم...

شۇ يىلى 15 كەنتتىن باشلانغۇچ مەكتەپنى لاياقەتلىك پۈتكۈزۈپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان 200دەك ئوقۇغۇچىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بۈك-باراقسان قاپاق تېرەكلەر ئەتراپقا تولۇق سايە تاشلاپ تۇرىدىغان مەيدانىغا يىغىپ، مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرېھىم قادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۆت رەت قىلىپ، ساناق سانىتىپ، تاق، جۈپ ساناق بويىچە ئايرىپ تۆتكە بۆلدى ۋە نەق مەيداندا سىنىپ مۇدىرلىرىمىزنى ئېلان قىلىپ، شۇلارغا ئەگەشتۈرۈپ قويدى. مەن شۇ چاغدا يېزىمىز تەۋەسىدە مەتبۇئاتلاردا بىردىنبىر ئانچە-مۇنچە ئەدەبىي ئەسەر ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان نۇر مۇللاق مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم. ئۇ كىشى مۇئامىلىسى سوغۇقراق، ئاچچىقى يامان، قاتتىق قول ئادەم بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتا تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ئابرۇيى ئەڭ يۇقىرى بولغاچقا، ھېچكىم گېپىنى يىرالمايتتى. ئۇ دەرسلىك كىتابتىكى مەزمۇنلارنى تولۇق يەتكۈزۈپ، لېكسىيە يازدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋاقىت ئاشۇرۇپ، ئانچە-مۇنچە يېزىقچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارنى قوشۇپ سۆزلەش بىلەن ئۆزىنىڭ سابىق «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «ئاممىۋى مەدەنىيەت» (ھازىرقى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى») قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا يېقىندىن ئېلان قىلىنغان ئەسەر (شېئىرمۇ، ھېكايىمۇ يازاتتى)لىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، بىزنى ئىجادىيەتكە يېتەكلەيتتى ۋە ئەدەبىياتتىن بېرىلىدىغان تاپشۇرۇقلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئاساسەن يېزىش تاپشۇرۇقى بېرەتتى ھەم تاپشۇرۇقلىرىمىزنى تەكشۈرگەندە، ئېرىنمەي قاملاشمىغان جۈملىلىرىمىزنىڭ ئاستىغا سىزىپ چىقسا، سەل ئوبرازلىقراق تۈزۈلگەن جۈملىلىرىمىزنى ھەرخىل سۆزلەر بىلەن ماختاپ قوياتتى...

مەن سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى ئىدىم ھەم تاپشۇرۇق ئۈچۈن يازغانلىرىم ئۇ كىشىگە خېلىلا يارايتتى. شۇڭا، بىكار ۋاقىت تاپسىلا ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ئاچىقىپ، سىنىپىنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى. تاپشۇرۇقلىرىمغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە يېزىقچىلىق ھەققىدىكى بىلىملەردىن ساۋات سۆزلەپ بېرەتتى...

ئۇ زاماندا مەكتىپىمىزنىڭ نەچچە يۈز مو كېلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئۇ يەرلەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تېرىپ، ھوسۇلىنى يىغىۋالاتتى. شۇ يەردىن چىققان ئاشلىق ئارقىلىق ھەر كۈنى چۈشتە بىر ۋاق ھەقسىز تاماق ئېتىپ بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ يەرلەرنى ئوغۇتلاش ئۈچۈن چارۋا بېقىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى ئوغۇت ئېلىپ كېلەتتۇق ۋە پات-پات يىللىقلار بويىچە، گاھىدا مەكتەپ بويىچە بۇيا يۇلۇش، ئوت-چۆپ ئورۇش، ئوغۇت توپلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باراتتۇق. بۇنداق ۋاقىتتا، ئەمگەكنىڭ خاراكتېرى، ئۇسۇلى بويىچە سىنىپ باشلىقى ۋە تۇرمۇش باشلىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،

ساۋاقداشلىرىمىزغا ۋەزىپە بېرەتتۇق. بۇنداق ۋاقىتلاردىمۇ مۇئەللىم ئۆزى ئولتۇرغان دەرەخ سايىسىغا مېنى چاقىرىۋالاتتى ـ دە، يەنە ھېلىقى بىلىملەردىن ئايانماي ساۋات سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، نەزەرىيەدىن ئانچە ـ مۇنچە خەۋەردار بولۇپ قالغاچقا، تاپشۇرۇقلارنى تەلەپكە يېقىنلاشتۇرالايتتىم. يەنە بىكار بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ، مۇئەللىمگە كۆرسىتىدىغان بولدۇم. ئۇ ياخشىراق چىقىپ قالغانلىرىنى دەرس باشلاشتىن ئىلگىرى ئوقۇتۇپ، مېنى «ئۇچۇرۇپ» قوياتتى. ھەتتا ئۆزى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان باشقا سىنىپلارغا باشلاپ چىقىپ ئوقۇتاتتى. بۇ ماڭا ناھايىتى زور ئىلھام بولاتتى...

1979 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن بىر تۇركۇم ئادەم مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئىمتىھان ئېلىپ، نەتىجىمىزگە ئاساسەن، مەن قاتارلىق سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىپ بەردى ۋە نەتىجىسى بىزدىن كېيىنرەك تۇرىدىغان 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر تولۇق سىنىپ تەسىس قىلدى. شۇنداق قىلىپ 9 ـ ئايدا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە تىزىملىتىپ ئوقۇدۇم. بىزنىڭ پەرقىمىز شۇ ئىدىكى، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكەن سەككىزىمىزنىڭ ئاشلىق تەمىناتىمىزنى بىۋاستە مەكتەپكە يۆتكەپ ئەكەتكەن بولۇپ، ئۈچ ۋاقلىق تامىقىمىز كاپالەتكە ئىگە ئىدى ــ قولىمىزغا بېلەت تارقىتىپ بېرەتتى، شۇ ئارقىلىق تاماق يەيتتۇق، مەكتەپ ئېتىپ بېرەتتى. مەكتەپنىڭ ياتاقلىرىدا ياتاتتۇق، كەچتە ئىككى سائەت مۇزاكىرىمىز بار ئىدى. پەقەت ھەپتىدە بىر كۈن، يەنى شەنبە كۈنى دەرستىن چۈشۈپ ئۆيلىرىمىزگە بېرىپ، يەكشەنبە كۈنى كەچتە مۇزاكىرىگە ئۈلگۈرۈپ كېلىپ بولاتتۇق. قاتناش قورالىمىز ئاساسەن ۋېلىسىپىت ئىدى، ۋېلىسىپىتى يوقلار تىراكتورلارغا ئېسىلىپ ياكى مېڭىپ بېرىپ ـ كېلەتتى...

بۇ يەردە مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئالىي مەكتەپلەردىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن تۈرمىلەرگە كىرىپ چىققان نۇرغۇن داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. مەن شۇلارنىڭ ئىچىدىكى شائىر، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئەسقەر ھۇسەيىن (1980 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كەتكەن، شۇ يەردىن دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئۈرۈمچىدە تۈگەپ كەتتى) مۇئەللىم بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان نۇر موللاق مۇئەللىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشقانىدىم. بىر نەرسە يازسام‍لا شۇ كىشىگە كۆرسىتىپ، پىكىر ئالاتتىم. بۇ كىشى گەرچە ماڭا بىۋاستە دەرس بەرمىگەن بولسىمۇ، بىر نەچچە قېتىم تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسلىرىدىن كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بەرگەن بولۇپ، تىل ۋە ئەدەبىيات بىلىمىنىڭ ناھايىتى مول ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدىن رازى بولمىغان يەرلىرىم ۋە ئوقۇغان شېئىرلاردىن چۈشىنەلمىگەن بەزى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئاشۇ كىشىدىن سوراپ بىلىۋالاتتىم...

1981 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قىشلىق تەتىل پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان بىر نەچچە پارچە شېئىر ۋە نەسرىمنى ئەسقەر مۇئەللىمگە كۆرسەتتىم. ئۇ بىر پارچە نەسرىمنى «قەشقەر گېزىتى»گە، يەنە بىر پارچە شېئىرىمنى «كونىشەھەر ئەدەبىياتى»غا بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. شۇ تەۋسىيە بويىچە نەسرنى پوچتا ئارقىلىق سېلىۋەتتىم، شېئىرنى بولسا، ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدىغان ئىسمائىل ئىبراھىم دېگەن كىشىگە يەتكۈزۈپ بەردىم... بىز بۇ مەۋسۇم ناھايىتى ئالدىراش ئىدۇق. چۈنكى 5 ـ ئايدا تاللاش ئىمتىھانىغا، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىغا قاتنىشاتتۇق. شۇڭا، بۇ ئەسەرلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. تاللاش ئىمتىھانىغا 1 ـ ئوتتۇرا، بۇلاقسۇ، ئوپال، سەمەن قاتارلىق مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى پۈتكۈزگەن ۋە ئالدىنقى يىللىرى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەنلەر، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىن ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ 584 نەپەر ئوقۇغۇچى قاتناشتى. ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىنغان بۇ ئىمتىھاندا 100 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە كونسۇلتاتسىيە باشلاندى...

شۇ جىددىيچىلىك ئىچىدە يۈرگەن كۈنلەردە بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى. ئۆيگە بارسام، ئەڭ كىچىك ئاكام قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

ــ مۇبارەك بولسۇن!ــ دېدى. مەن گاڭگىراپ:

ــ نېمىگە؟ــ دېدىم. ئۇ خۇددى ماڭا بىرەر كاللەك ئالتۇن بېرىدىغاندەك قىياپەت بىلەن بىرمۇنچە گېزىتلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچە گېزىتنى تاللاپ ئېلىپ:

ــ «قەشقەر گېزىتى»گە نەسرىڭ بىلەن شېئىرىڭ چىقىپتىكەن، كەنت كادىرلىرى ئوقۇدۇق، سېنى ماختاشتۇق، ئاندىن گېزىتنى ئېلىپ كېلىپ ساقلاپ

قويدۇم،— دېگەچ، ماڭا ئۇزاتتى. ئۇ «باھار» ماۋزۇسىدىكى نەسر ئىدى. بۇ نەسردە باھارنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەپ، ئاخىرىنى بەش بېيىت غەزەل بىلەن چۈشۈرگەنىدىم. قاتتىق ھاياجان ئىچىدە گېزىتنى قۇچاقلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم...

ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىمىز ناھىيەلىك 2-ئوتتۇرا (خەنزۇ) مەكتەپتە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك ھالەتتە ئېلىندى. يەنى مەكتەپنىڭ ئەتراپى بىرەر كىلومېتىر يىراقتىن قورساق دائىرىسىگە ئېلىنغاندىن باشقا، دەرۋازىنىڭ ئالدى ۋە كارىدورلارنىڭ ئىشىكى دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەسكەرلەر قاتمۇ قات پوستتا تۇرغاندى.

ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەممىمىز ئائىلىمىزگە قايتىپ كەتتۇق. بۇ چاغدىكى ئىشىمىز ئالغان نومۇرىمىزنى ئۇققۇش ئۈچۈن پات-پات ناھىيەگە كېلىپ-كېتىش ئىدى... نومۇرنىمۇ ئۇقتۇق، مەن 374.5 نومۇر ئالغانىدىم. بۇ خېلىلا يۇقىرى نومۇر ئىدى. شۇڭا، خاتىرجەم بولۇپ قايتىپ كەتتىم ۋە ئاكامنىڭ خامان ئېلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ، چاقىرىق كۈتۈپ، 3-4 كۈندە بىر قېتىم مائارىپ ئىدارىسىگە كېلىپ، ئۇقۇشۇش بىلەن ئۆتتۈم. 8-ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ مەن بىلەن تەڭ ياكى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان نومۇر ئالغان خېلى كۆپ ساۋاقداشلىرىمىزغا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى... قاتارلىق مەكتەپلەردىن چاقىرىق كەلدى، ئەمما ماڭا يوق ئىدى. بىر تەرەپتىن ئەنسىرەيتتىم... 8-ئاينىڭ 17-كۈنى مائارىپ ئىدارىسىغا يەنە بىر نۆۋەت كېلىپ، كەكە-پالتامنى «قاقتۇرۇپ» قايتىپ كەتتىم.. . پۈتى كۆيگەن توخۇدەك توختىماي ئۇياق-بۇياققا ماڭاتتىم، قولۇم ئىشقا بارمايتتى... تېخىمۇ ئەندىشىگە چۈشتۈم... 21-كۈنى يەنە كەلدىم. ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى قورۇسغا كىرىشىمگە دادىسى مۇشۇ ئىدارىدا ئىشلەيدىغان، ئىدارىنىڭ قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق پاتىگۈل ئىسىملىك بىر قىز ساۋاقدىشىم ئۇچراپ:

— «كونىشەھەر ئەدەبىياتى»نىڭ 1981-يىللىق 3-سانىغا شېئىرىڭ چىقىپتۇ، ئاخشام دادام ئەكەپتىكەن، كۆردۈق، سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشتۇق،— دېدى. ئىچىمنى بىر خىل خۇشاللىق يورۇتقاندەك بولدى. لېكىن يەنىلا ھېلىقى ئەندىشە ھۆكۈمران ئورۇندا بولغاچقا، ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيلا، ئىدارىنىڭ خەت-چەك بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتىم. ماڭىمۇ چاقىرىق كەلگەنىدى. ئېلىپ قارىسام: «خوتەن سېچۇەننىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىدىڭىز، 9-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن بۇرۇن كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇڭ...» دېگەن خەتلەر تۇراتتى...

راستىمنى ئېيتقاندا، ئۇ چاغدا «خوتەن» دېگەن سۆزنىڭ ھازىر مەن بىلىدىغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە «سېچۇەن» دېگەن گەپ غەلىتە تۇيۇلۇپ، «ماڭا ئىچكىرىدىن چاقىرىق كەپتۇ، قانداق تېپىپ بارارمەن، ئانام قېرىپ قالغان تۇرسا، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەرمەي قالارمەنمۇ... مەن سېچۇەن دېگەن يەرنى تاللىمىسام، بەلكى ئوقۇش مۇددىتى قىسقىراق مەكتەپلەردە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغان تۇرسام، نېمە بولۇپ بۇ يەردىن چاقىرىق كېلىپ قالار...» دېگەندەك ئەندىشىلەر چىرمىۋالغان بولغاچقا، روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بېشىمنى سالغىنىمچە كېتىپ باراتتىم:

— نېمە بولدۇڭ ھوي، ئۆتتۈرۈۋەتكەن قىمارۋازدەك مېڭىپسەنغۇ،— دېگەن بىر تونۇش ئاۋاز قۇلىقىمغا ئۇرۇلدى. ئېتىك بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئەسقەر ھۇسەيىن مۇئەللىم ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا چاقىرىقنى كۆرسەتكەچ، دەردىمنى تۆكتۈم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— ساڭا كەلگەن بۇ چاقىرىق ئىچكىرىدىن ئەمەس، خوتەندىن كەپتۇ، ئۇ يەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر ئالىي مەكتەپ بار، ئۇ ئالىي تېخنىكوم مەكتەپ، ماۋۇ خەتنى «شىجۇەن» دەپ يازسا توغرا بولاتتى...— دەپ بولۇپ،— سېنىڭ نەتىجەڭ شۇنداق يۇقىرى تۇرسا نېمە بولۇپ بۇ يەردىن كەلگەندۇ، چوقۇم بىر ئويۇن بولۇشى مۇمكىن،— دەپ، بىردەم خىيالغا چۆككەندىن كېيىن، قوشۇپ قويدى،— سەن ئوقۇيدىغان ئۇ مەكتەپتە قەشقەر بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە ئىشلەپ قايتىپ كەتكەن مامۇت زايىت، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئىشلەپ يۆتكىلىپ كەتكەن ئابدۇللا سۇلايمان دەيدىغان داڭلىق شائىرلار بار. بىر ھېسابتا سېنىڭ ئىجادىيەتتە ئىلگىرىلىشىڭگە زور ياردىمى بولىدۇ، شۇلارنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوبدان ئۆگەن،— دېدى...

بىز خوشلاشتۇق. مەن ئۇدۇل مەدەنىيەت يۇرتىغا قاراپ يول ئالدىم... تەلىيىم كاجمۇ، ياكى شۇنداق توغرا كېلىپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىسمائىل ئىبراھىم يوق بولۇپ چىقتى، ئىچىمدە چاشقانلار يۈگۈرۈپ يۈرگەندەك بىر سېزىم پەيدا بولدى. ئىشخانىمۇ ئىشخانا كىرىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم، ئاخىرى ئۇ كىشى بەشكېرەمگە

كەتكەن بولۇپ چىقتى. مېنى يەنە غەم باستى، ھېلىقى شېئىرىم چىققان ژۇرنالنى تېزرەك كۆرۈش ئىستىكى ئارام بەرمەيتتى. شۇڭا، ئىختىيارسىز ھالدا «ۋاي ئىسىت» دەۋەتتىم، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ. مېنىڭ ئىسمائىل ئىبراھىمنى سۇرۇشتۇرۇپ يۈرگىنىمگە زەن قويۇپ قاراپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق، تەنتەربىيە كىيىمى كىيىۋالغان بىر ئادەم:

— ئىسمايىلكامدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى، — دەپ سوراپ قالدى. مەن بۇرۇلۇپ ئۇ تەرەپكە سىلجىدىم ۋە:

— «كونىشەھەر ئەدەبىياتى»غا بىر پارچە شېئىرىم بېسىلىپتىكەن، شۇنى ئالغاچ كېتەي دەپ، — دېدىم مەن تارتىنىپ تۇرۇپ. ئۇ:

— نەدىن كەلدىڭ؟ — دېدى ياندۇرۇپ سوراپ:

— بۇلاقسۇدىن...

— بۇلاقسۇنىڭ نەدىن، — دېدى ئۇ ئاساقچىلاپ:

— يېڭىچەكدىن، — دېدىم مەن.

— مەنمۇ بۇلاقسۇدىن، جۆر، مەندە بىر تال بار، ئەپ بېرەي. مەن ئىسمايىلكام كەلگەندە ئېلىۋالارمەن...

شۇنداق قىلىپ شېئىرىم چىققان ژۇرنالنىمۇ قولۇمغا چۈشۈردۇم-دە، ھېلىقى يىرىقمىنى يىقىن، ھاجىتىمنى راۋا قىلىپ بەرگەن ئاكامغا رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، خۇشاللىق ئىلكىدە يۈرۈپ كەتتىم...

چاقىرىقنى قولۇمغا ئېلىپ 4-5 كۈن ئۆتكەن بىر يەكشەنبە كۈنى بازاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە باشقا-باشقا سىنىپقا ئايرىلىپ كەتكەن ساۋاقدىشىم مەممەتتۇرسۇن نىزامىدىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىلدىمكى، ئۇنىڭغىمۇ ماڭا چاقىرىق كەلگەن «خوتەن سىچۇەن»دىن چاقىرىق كەپتۇ. بىز مەسلىھەتلىشىپ بىللە ماڭىدىغانغا كېلىشتۇق. 1981-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنى قەشقەر شەھرىدىن يولغا چىقىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام قاتارلىق ناھىيەلىرىنى بېسىپ، قاغىلىقتا كېلىپ قوندۇق؛ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەش بىلەن يولغا چىقىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما، قاراقاش ناھىيەلىرىنى بېسىپ، 9-ئاينىڭ 17-كۈنى كەچ سائەت بەش ئەتراپىدا خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ھازىرقى يېڭى يول تۈز سودا بازىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كۆكتات بازىرىنىڭ ئورنىدىكى «ئۆزۈن يوللۇق بېكەت»كە چۈشتۇق. رەھمەتلىك ئادىل زاكىر بىر نەچچە ئوقۇغۇچىنى ئېلىپ تورپاق قوشۇلغان ھارۋا بىلەن ئالدىمىزغا چىققان ئىكەن، بىز كەلگەن ماشىنىدا بىزدىن باشقا ئوقۇغۇچى بولمىغاچقا، لاقا-لۇققىلىرىمىزنى قولمۇقول ھارۋىغا باستۇق-تە، تۆپىگە چىقىپ «سىچۇەن»گە ئاتلاندۇق. گۈلباغدىكى مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئالدىمىزغا چىققان ئەركىن ئىسمائىل (ئۇ ئۆزىنى يېڭىشەھەردىن دەپ تونۇشتۇرغاندى) ئىسىملىك فاكۇلتېتدىشىمىزدىن سورىدىم:

— شەھەرگە يەنە قانچىلىك ماڭىمىز؟

ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— شەھەرنىڭ مەركىزى مۇشۇ، بۇ يەرنى گۈلباغ دەيدۇ...

ماڭا يىغا ياماشقاندەك بولدى. چۈنكى مېنىڭ ئېڭىمدا شەھەر دېگەن قەشقەردەك بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ يەردىن بولسا، توپا ئۇچۇپ تۇراتتى... قىسقىسى، ھېچبىر يېرى شەھەرگە ئوخشىمايتتى.

گۈلباغدىن ئۆتۈپلا، چوڭ-چوڭ تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان، تار يولدا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، تېخىمۇ تار، ئوڭغۇل-دوڭغۇل شېغىللىق يولغا چۈشۈپ، ئىرغاڭلاپ، چايقىلىپ يۈرۈپ بىر ئالا يارلىق قومۇشلۇقلاردىن ئۆتۈپ، ھازىرقى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىغا يېتىپ كەلدۇق. دەرۋازا ئالدىغا كېلىپلا بىزنى مېھمانلاپ كەلگەن ئادىل زاكىر:

— ئەمدى ھارۋىدىن چۈشۈڭلار، مەكتەپكە مانداق كىيىمەك شوجاڭ ئاچچىغلايدۇ...— دەپ لاقا شامبۇل بولۇپ كەتكەن ئەبجەق ھارۋىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئەگۈن دەرۋازىسى بەئەينى ئەترەتنىڭ ئات ئېغىلىنىڭ دەرۋازىسىغا ئوخشايتتى. ئىچىگىمۇ كىردۇق، ھەممە يەردە توپا-تۇمان ئۇچۇپ تۇرغاندىن باشقا ئايغىمىزدا تىزغا چىققۇدەك توپا سۇدەك ئاقاتتى. ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى ئېرىقتىن ئاتلىغاندەك توپىسى ئازراق كۆرۈنگەن جايلارغا سەكرەپ، تاقلاپ، خوتەندە بىردىنبىر ھېسابلىنىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك، سېرىق رەڭدە سىرلانغان بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ بىزنىڭ ياتاق بىناسى ئىكەن. مەممەتتۇرسۇننى ماتېماتىكىلەر 3-قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىز ئايرىلدۇق. مېنىمۇ كېلىپ ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ بولغان ساۋاقداشلىرىم ئايرىۋېلىپ:

— نەدىن كەلدىڭىز، ئىسمىڭىز نېمە، — دەپ سوراپ بولغاندىن كېيىن:

— ئابلا مۇئەللىم سىزنى كەلسە، ماۋۇ ياتاققا ئورۇنلاشسۇن، دەپ قويۇپ ساي كەتكەن، — دەپ 2-قەۋەت، پەشتاقتىن چىقىپ، ئوڭغا قايرىلغاندىكى 1-ياتاقنى كۆرسىتىپ قويۇشتى. بۇلارنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، خوتەنلىك باللار ئىدى... ياتاققا كىردىم،

چىراغنىڭ پىلىكىنى تارتىۋېدىم، پېقىلمىدى. يەنە بىر رەت يىغا تۇتتى... شۇ ئارىدا ئېگىز بويلۇق، ئات يۈز، ئورۇققا مايىل، بېشىغا قەشقەرنىڭ چىمەن دوپپىسى كىيىۋالغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى ۋە:

— نەدىن كەلدىڭىز، ئىسمىڭىز نېمە، — دەپ سورىدى. ئۆزۈمنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇم. ئۇ:

— مەن سىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىڭىز بولىمەن، — دەپلا، دېرىزە تېمىغا يۆلەكلىك ئۇستەلنى تارتىپ چىراغقا ئۇدۇللاپ توختاتتى-دە، ئۇستىگە چىقىپ، ئەسلىدىكى لامپۇچكىنى ئېلىپ ماڭا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن لامپۇچكىنى سېلىۋېدى چىراغ ياندى. شۇ چاغدا كۆڭلۈم يورۇغاندەك، مۇزلاشقا باشلىغان ۋۇجۇدۇم ئىللىغاندەك بولدى. ئۇ كىشى مەن بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى... بۇ ياتاققا تېخى مەندىن باشقا ئادەم كىرمىگەنىدى، ئۆزۈم خالاپ ئىشىكتىن كىرىشتىكى سول تەرەپنىڭ دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتنى تاللاپ، ئېلىپ كەلگەن كىگىز-كېچەك، يوتقان-كۆرپىلىرىمنى سېلىپ جايلىشىۋالدىم. بۇ چاغدا قورساقلار ئېچىپ، ئۈچەيلەر تارتىششقا باشلىغانىدى. سىرتقا تاماققا چىقاي دېسەم، ھېچ يەرنى بىلمەيتتىم ۋە ئەتراپنى سۈس گۈگۈم پەردىسى قاپلاپمۇ بولغانىدى. شۇڭا يولدا يەپ، ئېشىپ قالغان قاتتىق-قۇرۇق نانلىرىم بىلەن قورساقنى ئازراق ئەستەرلەپ يېتىپ قالدىم...

ئەتىسى بىردىن، ئىككىدىن كېلىپ ساۋاقداشلىرىمىز ئاساسەن يىغىلىپ بولدى، ئاخشام چىرىغىمنى ئوڭشاپ بەرگەن ھېلىقى مۇئەللىم بىزنى ئەگەشتۈرۈپ، يېڭى كەلگەنلەرنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاشخانا، ناۋايخانا، ھاجەتخانا ۋە ئەتراپنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى. بىلدىمكى، بۇ كىشى ئەسقەر ھۇسەيىن مۇئەللىم تىلغا ئالغان شائىر ئابدۇللا سۇلايمان مۇئەللىم ئىدى. مەن 1977-، 1978-يىللاردا بۇ كىشىنىڭ «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردىن شېئىرلىرىنى ئوقۇغانىدىم. شۇنداق كاتتا بىر شائىرنىڭ سىنىپىدا ئوقۇيدىغانلىقىمنى ئويلىساملا ئىچ-ئىچىمدىن خۇش بولاتتىم...

يۇرت-يۇرتلاردىن كەلگەن ساۋاقداشلىرىم يۇرتداشلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئەمما، مەن بولسام، يەككە-يېگانە ئىدىم. تەلىيىمگە شۇ كۈنى كەچتە كونىشەھەر 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە كونسۇلتاتسىيەنى بىللە ئاڭلاپ ئىچەكىشىپ قالغان ئوپاللىق مەمەتجان ئوسمان ۋە پاتىگۈل تۇرسۇن يېتىپ كەلدى. بىز بىرلىكتە سىرتلارغا چىقىپ تاماق يېيىشتۇق. قايتىپ كىرگەندىن كېيىن يەنە ئايرىلدۇق، چۈنكى مەمەتجان ئوسمان باشقا ياتاقتا ئىدى. ياتاققا كىرىپ كۆردۈمكى، ئالتە كارىۋاتقا ئادەم ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، ھېچكىم يوق ئىدى. يالغۇزچىلىقتا ئۇيان-بۇيان ئويلاپ ئۇستەلنى تارتىپ، كارىۋىتىمنى ئورۇندۇق قىلىپ شېئىر يېزىشقا باشلىدىم...

شېئىر توققۇز بېيىت بىلەن ئاخىرلاشتى، «كەلدىم» دېگەن رادىپنى ماۋزۇ قىلىپ قويدۇم-دە، بىر نۆۋەت ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىۋېتىپ، ئۆزۈمدىن ئۆزۈم مەمنۇن بولغان ھالدا مەغرۇر بىر كېرىلىۋېلىپ يېتىپ قالدىم... بىر چاغدا ياتاقداشلىرىم بىردىن، ئىككىدىن پەيدا بولۇشتى. مەلۇم بولدىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گويا ناھىيەسىدىن كەلگەن ئەنۋەر مەخمۇت ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىمىز بولۇپ، خوتەننىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى تولۇق بىلىدىكەن، ئۇ باشقىلارنى باشلاپ بېرىپ كىنو كۆرۈپ كېلىشىپتۇ. مەن ئۇن چىقارماي يېتىپ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىغاچ، ئۇيقۇغا كەتتىم...

9-ئاينىڭ 19-كۈنى تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، خىمىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان 120 نەچچە نەپەر يېڭى ئوقۇغۇچىنى يىغىپ، مەكتەپ رەھبەرلىرى مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۈچ كۈن مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى تارقاتقان بىر ھۆججەت بولۇپ، شۇنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، رەسمىي دەرس ئوقۇيدىكەنمىز... چۈشتىن كېيىن سىنىپقا يىغىلدۇق. ھېلىقى ھۆججەت بىر كىتاب بولۇپ، ھازىر قوللىنىۋاتقان يېزىقتا ئىدى، بۇ يېزىقنى ئۇ چاغدا «كونا يېزىق» دەپ ئاتايتتۇق. بىز لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا ئوقۇپ ساۋاتىمىزنى چىقارغانلار بولغاچقا، بۇ يېزىقنى ئاساسەن بىلمەيتتۇق. بىز ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشتىن 4-5 ئاي ئىلگىرى «يېڭى يېزىق ئەمەلدىن قالارمىش، بۇندىن كېيىن كونا يېزىق ئەسلىگە كېلەرمىش» دېگەندەك مىش-مىش پاراڭلار بولۇنغان ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئىمتىھاندا سوئاللارغا مۇشۇ يېزىق بىلەن جاۋاب يازساق نومۇر قوشۇپ بېرىدىغانلىقنى ئۇقتۇرغاچقا، مەن ئاكىلىرىمدىن سوراپ يۈرۈپ، ئۆگىنىۋالغانىدىم ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا تىل-ئەدەبىياتنىڭ ئىمتىھان سوئاللىرىغا مۇشۇ يېزىقتا جاۋاب يازغانىدىم ھەم «شېئىرلىرىم»نى مۇشۇ يېزىقتا يېزىپ مەشىق قىلاتتىم.

ئابدۇللا سۇلايمان مۇئەللىم بىر نەچچە بەت ئوقۇپ بولۇپ، ھېرىپ قالدى بولغاي:

— بۇ يېزىقنى قايسىڭلار تونۇيسىلەر، — دەپ سورىدى. ھەممىمىز بىردەم جىم ئولتۇردۇق. گەرچە ئوقۇش سۈرئىتىم ھازىرقىدەك تېز بولمىسىمۇ، ئوقۇيالايتتىم. نېمىشقىدۇر مەنمۇ بىردەم جىم ئولتۇرۇپ، ھېچكىمدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، قولۇمنى كۆتۈرۈپ:

— مەن ئوقۇيالايمەن، — دېدىم.

مۇئەللىم مېنى مۇنبەرگە چىقىرىپ ھۆججەتنى بەردى ۋە ساۋاقداشلىرىمغا يۈزلىنىپ:

— ھۆججەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاخىرقى كۈنلەردە ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەيسىلەر، بولسا خاتىرىلەپ ماڭساڭلار تېخىمۇ ياخشى، — دېدى-دە، ماڭا قاراپ:

— سىز باللارنى باشقۇرغاچ، ئوقۇپ بېرىڭ! — دەپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى...

ھۆججەت ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بىلەن ئوقۇلۇپ تۈگىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆزىمىزنىڭ تەسىراتىنى سۆزلىدۇق...

مەن ھېلىقى شېئىرىمنى مۇئەللىمگە كۆرسىتىپ بېقىش ئىستىكىدە كۆتۈرۈپ يۈرسەممۇ، نېمىشقىدۇر كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. ئۈچ كۈن ئارىلىشىش جەريانىدا بۇ كىشى ماڭا بىر خىل يېقىشلىق تۇيغۇ بەردى، شۇڭا ئاخىرقى كۈنى ئۆگىنىشنى خۇلاسىلەپ، ئىشخانىسىغا ماڭغاندا كەينىدىن ئاستا ئەگىشىپ بېرىپ:

— بۇنى يازغانتىم، كۆرۈپ باققان بولسىلا، بىر نەرسىگە ئوخشىدىمۇ يوق، بىلمىدىم، — دەپ ئۇزاتتىم...

ئەتىسى 1-، 2-سائەتتىكى دەرسىمىز «يېزىقچىلىق» ئىدى، مۇئەللىم دەرسكە كىردى، بىر سائەت دەرس ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىنكى دەم ئېلىشتا ئىسمىمنى چاقىرىپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقتىم. بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى-دە، كىتابىنىڭ قېتىدىن ھېلىقى «شېئىرىم»نى چىقىرىپ:

— قولىڭىز خېلى كېلىدىكەن، بۇرۇن ئەسەر ئېلان قىلدۇرۇپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— «كونىشەھەر ئەدەبىياتى»دا بىر پارچە شېئىرىم ئېلان قىلىنغان، يازغانلىرىم خېلى كۆپ، — دېدىم، قىزىرىپ تۇرۇپ.

— تېخىمۇ تىرىشىڭ، يېزىقچىلىقتا ئۇزۇپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن! — دېدى ئۇ. دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى، سىنىپقا كىرىپ كەتتۇق...

2-، 3-سائەتلىك دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشىمىز 20 مىنۇت ئىدى. قوڭغۇراق چېلىنىش بىلەن تەڭ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدىم: ئىككى بېيىتنى سىزىپ يۇملاقنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قويۇپتۇ، قالغان بېيىتلارنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىدىكى سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ، بەزى سۆزلەرنى يەڭگۈشلەپ تۈزىتىپ، ئاخىرىغا: «شېئىرىڭىز بولىدىكەن، چىرايلىق ئاققا كۆچۈرۈپ ‹يېڭى قاشتېشى›غا ئەكىرىپ بېرىڭ!» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. ھاياجاندىن ياپراقتەك تىترەپ كەتتىم...

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا ھەرپلەرنى ياساپ—بىر تال-بىر تالدىن يېزىپ كۆچۈرۈپ قويدۇم. ئەمما، «يېڭى قاشتېشى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئاپىرىپ بېرەلمەي، تىتىلداپ يۈردۈم. بىر كۈنى يەنە دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا سوراپ قالدى:

— ھېلىقى شېئىرىڭىزنى ئاپىرىپ بەردىڭىزمۇ؟

— ياق، «يېڭى قاشتېشى»نىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەچكە، ئاپىرىپ بېرەلمىدىم، — دېدىم مەن يەرگە قاراپ.

— گۈلباغدا ئىككى قەۋەت بىر بىنا بار، شۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ، سولغا بۇرۇلۇپ ماڭسىڭىز، ئىشىكىگە «يېڭى قاشتېشى» تەھرىر بۆلۈمى دەپ يېزىقلىق ئىشخانا شۇ، — دېدى ئۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ.

بىر كۈنى ئىزدەپ-سوراپ يۈرۈپ ئاپىرىپ بەردىم. خەۋەر كۈتۈپ، بۇ مەۋسۇممۇ توشۇپ، تەتىل قىلىپ كەتتۇق. تەتىلدىن يىغىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر كۈنى مامۇت زايىت مۇئەللىم ئىزدەپ كېلىپ:

— ماۋۇ سانغا شېئىرىڭىز چىقىپتىكەن، «سېتىپ قەلەم ھەققى قىلىۋالسۇن» دەپ بۇ ژۇرنالنى بەردى، — دەپ بىر باغلام ژۇرنالنى تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇ «يېڭى قاشتېشى»نىڭ 1982-يىللىق 1-سانى ئىدى، ساناپ باقسام 10 تال ئىكەن، ئېچىپ قارىسام، 33-بەتتە «كەلدىم» ماۋزۇلۇق ھېلىقى شېئىرىم بار ئىكەن. قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە بىرنى ئېلىپ قېلىپ قالغان توققۇز ژۇرنالنى شۇ كۈنى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا ئەدەبىيات كەسپىنىڭ 2-، 3-يىللىق سىنىپلىرىغا ئەكىرىپ ساتتىم. شېئىر مۇنداق ئىدى:

ئېقىپ پۈتمەس بۇلاقىڭدىن ئىچىپ سۇ، قانغىلى كەلدىم،
ئىلىم-پەن ئىشقىدا مىسلى بولۇپ چوغ، يانغىلى كەلدىم.
دىلىمنىڭ رىشتىسى مەھكەم چىگىلدى بۇ قەدىم يۇرتقا،
ئىجادكارلار ئىزى بويلاپ، يۈرۈشكە ماڭغىلى كەلدىم.
— مۇبارەك، ئەي يىگىت كەلگىن، — دېدى ناخشا-ئۇسسۇل يۇرتى،
بۇدەم بەزمە تۈزۈپ ياڭراق دۇتارىم چالغىلى كەلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هۇنەر ـ سەنئەت بىلەن بۇ يۇرت قازانغان كاتتا شان ـ شۆھرەت،
شۇ شۆھرەت كانىدىن ئالتۇن ـ گۆھەرلەر قازغىلى كەلدىم.
ئەمەس سەيياھ كۆرۈپلا مەن كېتەرگە بۇ گۈزەل يۇرتنى،
يېڭىش تۇلپارىنى ئۆتكەل ـ داۋانغا سالغىلى كەلدىم.
سۈزۈك قاشتاشقا گەر قىلسام قىياس ياشلىق بۇ دەۋرىمنى،
شۇ ياشلىق تارىخىنى شان ـ ئۇتۇقتىن يازغىلى كەلدىم.

بۇ شېئىرنى ھازىرقى شېئىرىيەتنىڭ سەۋىيەسى بىلەن ئۆلچىگەندە، ھېچقانچە قىممەتكە ئىگە بولالمىسىمۇ، ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا خېلى يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىناتتى... بۇ شېئىرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن «سۆي»، «ھېيت كۈنى»، «خەلقىم»، «بولمىسا»، «ۋەتەن مېھرى»، «باشقىچە» دېگەندەك شېئىرلارنى يېزىپ، ھەرقايسى مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتتىم. «سۆي» سەرلەۋھىلىك شېئىرىم «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 11 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىپ، ماڭا ناھايىتى زور ئىلھام بېغىشلىغانىدى. شۇندىن كېيىن يۇقىرى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مېنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىدىغان، ھەۋەس بىلەن قارايدىغان بولۇشتى، دوستلىرىممۇ، يازغان نەرسىلىرىنى ماڭا كۆرسىتىپ پىكىر ئالىدىغانلارمۇ بولدى... مەنمۇ تىل ـ ئەدەبىيات 80 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ــ مۇھەممەتتۇردى مىرزائەھمەد، مەتكېرىم ئىسمائىللار بىلەن دوستلىشىپ، ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىپ تۇرىدىغان بولدۇم. فاكۇلتېتىمىزدا بۇ ئىككىيلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوبدانلا خەۋەردار بولغاندىن باشقا، ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ، خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان بالىلار ئىكەن...

ئابدۇللا سۇلايمان مۇئەللىم يېزىش تاپشۇرۇقىنى كۆپ بېرەتتى ۋە يازغانلىرىمىغا ئىبرىنىمەي باھا سۆزى يېزىپ چىقاتتى. مەنمۇ تاپشۇرۇقنى ئەستايىدىل، تەلەپكە لايىق يېزىشقا تىرىشاتتىم، نومۇرلارمۇ يۇقىرى بېرىلەتتى. ياخشىراق چىققان ئەسەرلىرىمنى مەتبۇئاتقا بېرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ھەتتا قايسى گېزىت ـ ژۇرنالغا، قانداق ئۇسۇل ۋە قانداق يول بىلەن ئېۋەرتىشىمگىچە كۆرسەتمە بېرەتتى. مەنمۇ بىر تەرەپتىن، يېزىقچىلىقنىڭ نەزەرىيەلىرى بىلەن تونۇشسام؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتتە پىشىپ چىقىشقا تىرىشاتتىم...

1 ـ يىلى ۋە كېيىنكى يىللاردا شېرىپجان قاسىم مۇئەللىم ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئىمىن راشىدىن مۇئەللىم (فاكۇلتېت مۇدىرى) چەت ئەل ئەدەبىياتى، ماموت زايىت مۇئەللىم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دەرسلىرىنى ئۆتۈش ئارقىلىق ھەر قايسى تەرەپلەردىكى بىلىمىمنى تولۇقلاشقا ھەسسە قوشتى ۋە ئوقۇش پۈتكۈزگەندە مەكتەپتە ئېلىپ قېلىش نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قېلىشىمغا ئاساس سالغانىدى. شۇڭا، بۇ ئۇستازلىرىمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ئاقلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدىم ۋە كېلىۋاتىمەن...

خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۇستازلىرىمنىڭ ۋە مەكتەپنىڭ ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولسام كېرەك، تۆرلۈك پائالىيەتلەردە لېكسىيە سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياتتى. مەنمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۈمىدىنى ئاقلاشقا تىرىشاتتىم... شۇڭا، خىزمەتكە چىقىپ 4 ـ يىلىلا بۆلۈم باشلىقى قىلىپ «ئۆستۈرۈلدۈم».

1990 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە ئىككى يىللىق تولۇق كۇرسقا بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ئىلتىماس قىلىپ تەستىقلاتتىم ۋە 5 ـ ئايدا ئاقسۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىمتىھان بەردىم. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قوبۇل قىلغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم ـ دە، 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ، 9 ـ كۈنى يېتىپ باردىم. فاكۇلتېت مۇدىرىمىز توختىھاجى روزى، سىنىپ مۇدىرىمىز ئابدۇقادىر جالالىدىن بولۇپ چىقتى. يەنە بىر نۆۋەت خۇشال بولدۇم. بۇ چاغ جەمئىيەتتە ئانچە ـ مۇنچە تونۇلۇپ قالغان ۋاقتلىرىم بولغاچقا، فاكۇلتېت ئويلىشىپ سىنىپ باشلىقى ۋە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىلىق ۋەزىپىسىنى يۈكلەپ قويدى. ئۇلارغا ياردەملىشىپ بۇ ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغاچ، ئۆگەندىم، يازدىم ۋە ئابدۇقادىر مۇئەللىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر قىسىم يازغۇچى ـ شائىرلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن تونۇشتۇم. مەتبۇئاتلارغا بەرگەن ئەسەرلىرىم تولۇق ئېلان قىلىنىپ تۇردى. ھەتتا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللار بۇيرۇتۇپ مەخسۇس سەھىپىلەرگە ماقالە يازدۇردى. شۇنىڭ بىلەن قەلىمىم تېخىمۇ تېزلەشتى. ئەڭ مۇھىمى ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىم ئۆتكەن «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، «ئېستېتىكا»، ئازاد مىرقاسىم مۇئەللىم ئۆتكەن «يېزىقچىلىق» قاتارلىق دەرسلەردىن ناھايىتى زور نەپ ئالدىم...

بولۇپمۇ ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىمنىڭ دەرس سۆزلىگەن چاغدا ئالىدىغان مىساللىرى ناھايىتى ئەتراپلىق، جانلىق ئىدى. ئېغىزىدىن ھېكمەتلىك سۆز،

شېئىرىي پارچىلار دۇردانىلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شۇڭا، سىنىپ بەئەينى بىر ھېكمەتلىك سۆزلەر مۇزېيىغا ئوخشايتتى. بىر قانچىمىز مەخسۇس خاتىرە تۇتۇپ، مۇئەللىمىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەيتتۇق... بۇنىڭ ماقالە يازغاندا نەقىل ئېلىشقا بولغان ياردىمى مەن ئۈچۈن بەك چوڭ بولدى...

ئابدۇقادىر مۇئەللىم بىلەن كېلىشىپ، ئۇرۇمچىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلەيدىغان داڭلىق يازغۇچى-شائىرلارنى تەزىملاپ چىقىپ، تۇختىھاجى روزى ئاكىمىزنى ئارىغا سېلىپ مەكتەپ پارتكومىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئاڭلاشتەك بىر خىل ۋەزىيەت يارىتىپ بەك كۆپ نەپ ئالغانىدۇق. شۇ كۈنلەردە خۇددى قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرغاندەك، ئىچىم بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولۇۋاتاتتى...

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئىككى يىللىق ئوقۇشىمىزمۇ تۈگەپ قېلىۋاتاتتى. بىز تولۇق كۇرس «قالپىقى» كىيگەن بىلەن ئوقۇغان بۇ مەكتەپنىڭ باكالاۋۇرلىق ئۇنۋانى بېرىش سالاھىيىتى يوق ئىدى. بۇ ئۇنۋاننى ئالمساق، ئۈچ پۈتلۈق داڭقاندەك بىر يەرلىرىمىز كەم بولۇپ قالىدىغانلىقنى تونۇپ يېتىپ، فاكۇلتېتقا ئىلتىماس قىلىپ، فاكۇلتېت مەكتەپكە، مەكتەپ مائارىپ نازارىتىگە ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى يېزىپ، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئارقىلىق باكالاۋۇرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىپ كېتىشنى ئويلىشىپ، بۇ مەقسىتىمىزنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغان تۇنجى سىنىپ ئىدۇق...

بىزنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشىمىز، فاكۇلتېتنىڭ ئېرىنمەي يول مېڭىشى بىلەن مەكتەپ مائارىپ نازارىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىرلىشىپ دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى يازدۇرۇپ، تەلەپ بويىچە ئۇنۋان بەرسە بولىدىغانلىقنى تەستىقلىدى. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ تۇختىھاجى روزى، ئابدۇقادىر جالالىددىن قاتارلىق ئۇستازلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ماقالىلەرنىمۇ يېزىپ پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن ھەسەن مامۇت، ئابدۇرۇسۇل راخمان قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «بۇرۇتى»دىن ئۆتۈپ، بۇ ئۇنۋاننىمۇ ئالدۇق.

مەن ئىككى يىللىق ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا فاكۇلتېتنىڭ كۆرستىشى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» ۋە «مۇنەۋۋەر كۇرسانت» دېگەن قوش شەرەپكە ئېرىشىپ ئوقۇشنى غەلىبىلىك ھالدا تۈگەتتىم. بۇ شەرەپ ۋە نەتىجىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ جاپاكەش ئۇستازلىرىمنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە قايسى تەرەپكە مېڭىشى، قانچىلىك نەتىجە قازىنىشىنى ساپ دىل، كۆيۈمچان بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىنىڭ تەسىر كۆرستىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىكەن.

## مۇشۈكنىڭ دوستلۇقى

مۈشۈك ھەققىدە رىۋايەت تۇسىنى ئالغان ئاتىلارنىڭ سۆزلىرى بار ئىكەن:

مۈشۈك يولۋاسنىڭ ئۇستازى ئىمىش، ئۇ بارلىق ھۈنىرىنى يولۋاسقا ئۆگەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر دەرەخقە چىقىش ھۈنىرىنى ئۆگەتمىگەنىمىش.

مۈشۈك بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئۇستا موزدۇز ئىكەنىمىش، بىر كۈنى ئىت ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆتۈك تىكتۇرتكىلى كەپتۇمىش ۋە ئۆتۈكنى بۇيرۇتۇپ قايتىپ كېتىپتۇمىش. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇمىش، ئىت نەچچە مەرتەم ئۆتۈكنى سوراپ كەپتۇمىش؛ ئىت ھەر قېتىم كەلسە، ئۇ «پۈرت-پۈرت» قىلىپ بۇرۇتىغا توكۇرۇپ، يىپ ئېشىپ ئولتۇرارمىش. ئەمما ئۆتۈكنى پۈتكۈزۈپ بەرمەيمىش. قىش كەپتۇمىش، ئۆتۈك يەنىلا پۈتمەپتۇمىش، توڭۇپ كەتكەن ئىت دەرغەزەپ بولۇپ، مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ، قوغلاپتۇمىش. مۈشۈك قېچىپ بېرىپ دەرەخكە چىقىۋاپتۇمىش. ئىت دەرەخنىڭ تۈۋىدە مۈشۈكنىڭ چۈشۈشىنى ساقلاپ، قورسىقى ئېچىپ كېتىپ قاپتۇمىش. شۇنىڭدىن كېيىن ئىت مۈشۈكنى نەدە كۆرسە شۇ يەردە قوغلايدىغان بولۇپ قاپتۇمىش.

مۈشۈك ناھايىتى ئۇلۇغ ھايۋان بولۇپ، ئۇنى ئۇرۇشقا، تىرناقلىرىنى ئېلىۋېتىشكە، پۇتلىرىنى چانىۋېتىشكە بولمايمىش. ئەگەر شۇنداق قىلىنسا، قاتتىق گۇناھ بولارمىش... ئۇنىڭ ئەتىۋارلىقىدىن پەيغەمبىرىمىز چاپىنىنىڭ پېشىدە مۈشۈك ئۇخلاپ قالسا، ئۇنى ئويغىتىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، چاپىنىنىڭ پېشىنى كېسىۋېتىپ قوپۇپ كەتكەنىمىش.

مۈشۈك ناھايىتى يۈزسىز، يالغانچى ھايۋان ئىمىش، شۇڭا ئۇنىڭغا يېمەكلىك بەرگەندە، چوقۇم يەرگە سېلىپ بېرىش كېرەك ئىمىش. چۈنكى قىيامەت كۈنى ئۇ ئاللاھقا: «ئىگەم مېنى ئاچ قويدى، بىر نەرسە بەرمىدى» دەپ ئەرز قىلارمىش، شۇ چاغدا يەر: ئۇنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ: «مېنىڭ يۈزۈمدە

www.uyghurkitap.com



قويۇپ بەردىغۇ» دەپ گۇۋاھلىق بېرەرمىش.

مۇشۇك ئىگەم قارىغۇ بولۇپ قالسا، ئۆيدىكى گۆشنى ئوغرىلاپ يېسەم، دەپ تىلەيمىش، ئەمما ئىت ئۇنىڭ ئەكسىچە: «ئىگەم باي بولسا، كۈندە قوي سويۇپ يېسە، گۆشنىڭ سۆڭەك - ئۇستىخانلىرىنى مەن غاجىلىسام» دەپ تىلەيمىش.

مۇشۇكنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى چاشقان بولۇپ، ئۈچ كۈن چاشقان يېمىسە، قارىغۇ بولۇپ قالارمىش.

مۇشۇكنىڭ خاتىرىسى ئاجىز ئىمىش، مەلۇم ئىش - ۋەقەلەرنى پەقەت 16 كۈنلا ئېسىدە تۇتارمىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ قالارمىش.

دېمەك، مۇشۇك ھەققىدىكى گەپلەر ئاز ئەمەس. مەنمۇ مۇشۇك ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي:

2009 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، كەچ سائەت ئالتىلەر بىلەن ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم، ئۆيۈم بار بىنانىڭ دوقمۇشىدا بىر قىز يالغۇز تۇراتتى. قىزىقسىنىپ ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدىم - دە، قولىدىكى كۆزلىرى ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغان ئاسلانغا كۆزۈم چۈشتى. قەدەملىرىمنىڭ ئاستىلاپ، ئۆزىگە ۋە شەرقىي شىمال يولۇسى رەڭگىدىكى ئاسلانغا قاراۋاتقانلىقىمنى پەملىگەن قىز:

— مۇئەللىم، ھاۋۇ ئاسلاننى بېقىۋالغان بولسىلا بوپتىكەن، X مۇئەللىم تەتىلدىن ئىلگىرى ئاسلان ئالغاچ كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى، ئەكەلسەم، تەتىلدە بىر ئاسلانى بېقىۋالدىم، باشقىلارغا بېرىۋېتىڭ دېدى، نەچچە كۈننىڭياقى ياتاقتا باقسام، بىرنەرسە يېگىلى ئۇنىماي، مىياڭلاپ خاپا سالدى، ياتاقتىكى باللارمۇ: «يوقات، بۇ بىر نېمەڭنى...» دەپ ئاچچىقلاشتى. شۇڭا...— دېدى، ئۇ ئاقسۇ تەلەپپۇزىدا.

مەن سەل ئىككىلەنگەندىن كېيىن:

— ئەكېلىڭە، بۇ بىچارە ئۆلگىلى ئاز قاپتۇ، بېقىۋالسام بېقىۋالاي،— دېدىم - دە، قولۇمغا ئالدىم...

ئەمما بۇ جانىۋارنىڭ ئۆلەيلا دەپ قالغان ھالىتى، تىترەپ تۇرغان تۇرقى، ناھايىتىمۇ زەئىپ ئاۋازدا ئاران - ئاران مىياڭلاشلىرى مېنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. تۆت - بەش قەدەم ئېلىپ بولۇپ، ئارقامغا بۇرۇلسام، ھېلىقى ئوقۇغۇچى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. يەنىلا بىر جاننى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئويى بىلەن ئۆيگە ئېلىپ چىقتىم. سافانىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ، تاماقتا تۇتۇش قىلدىم. بىردەمدىن كېيىن، ئانىسىدىن 12 يېشىدىلا ئايرىلىپ قالغان كىچىك ئوغلۇم مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى - دە، ئاسلاننى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇ ئاسلاننىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، مەندىن بۇنى قانداق بولۇپ ئەكىرگەنلىكىم، نەدە، قانداق باقىدىغانلىقىمىز، نېمە يەيدىغانلىقى ۋە نەگە سىيىپ - چىچىدىغانلىقى... دېگەندەك سوئاللارنى، مەسىلىلەرنى سوراپ كەتتى. مەن بىر باشتىن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەچ ئۆز ئىشىم بىلەن بەند بولدۇم... تاماقمۇ پىشتى. مەن ئالدى بىلەن قاچامدىكى گۆش تۇغرامچىلىرىنىڭ كىچىكرەكىدىن بىرنى تاللاپ، تاشلاپ بېرىۋىدىم، بىچارە ئاسلان ئۇنى پۇراپ، يېيىشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ، يېيەلمىدى. توغرىسى، يېيىشكە كۈچى يەتمىدى. بۇ بىچارىنىڭ ئەي بولۇشىدىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش قارارىغا كەلدىم ۋە يەنە بىر توغرامچە گۆشنى چايناپ ئۇماچ قىلىپ يالتىراق ئۈستىگە قويدۇم - دە، خۇددى بوۋاق بالىغا ئىزا يېگۈزگەندەك، بىگىز بارمىقىم بىلەن ئىلماچلاپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىنى يېرىپ ئاز - ئازدىن تىقتىم، ئۇ يۇتتى. ئارقىدىن بىر قاچىغا سۇ قۇيۇپ، تۇمشۇقىنى چىلاپ قويۇۋېدىم، ئازراق ئىچتى... مەندە ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالمايدىغانلىقىغا ئازراق ئۈمىد پەيدا بولدى. شۇنداق قىلىپ، بالام تاپشۇرۇق ئىشلىگىلى، مەن تېلېۋىزور كۆرگىلى ئولتۇردۇق. ئاسلان يېنىمدا لەۋلىرىنى ۋە ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى بىردەم يالاپ - ئۆزىنى بىر ئاز تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، يىلاندەك تولغۇلۇپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى... مەن ئۇنىڭغا قاراپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم:

ئوغلۇمنىڭ دېگىنى راست، يېمەكنىڭ چىقارمىقى بار، بۇ جانىۋار سىيىپ - چېچىپ قويسا، قانداق قىلارمەن... بۇ خىيال كاللامنى چىرمىۋالغانىدى. شۇڭا، بىردە تېلېۋىزورغا، بىردە ئۇ جانىۋارغا قاراپ، ئاخىر ئۇنىڭغا مەخسۇس ھاجەتخانا ياساپ بېرىش قارارىغا كەلدىم - دە، كاللامدىن لىپپىدە ئۆتكەن بىر خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە بىنادىن چۈشۈپ نەچچە كۈن ئىلگىرى كۆرگەن قۇم دۆۋىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم... قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر كوروپكا قۇم ئۇسۇپ ئەپچىقتىم ۋە پىلانىم بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇ جانىۋارنى كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ، كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇ ئالدى بىلەن قۇمنى بىردەم پۇراپ، ئالدى - كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قۇمنى كولاپ، ئاندىن كەينىنى كولىغان جايغا توغرىلاپ دىڭگىيىپ ئولتۇرۇپ چىقاردى ۋە كەينىگە يېنىپ پۇراپ بېقىپ، كۆمدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ:

— تووۋا!— دەپ ياقامنى تۇتقىنىمچە ھايۋانلارنىڭ تۇغما تالانتىغا ھەيران بولغان ھالدا قايتىپ چىقتىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۈندىن - كۈنگە جانلىنىپ، قاچا -

قوشۇقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ياتقان يېرىدىن قوپۇپ يېنىمغا كېلىپ، پۇتلىرىمغا ئۆزىنى سۇۋاپ، قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىپ، ماڭا قاراپ مىياڭلايدىغان — يېمەكلىك تەلەپ قىلىدىغان بولدى...

ئەمما بۇ كاساپەت ئاش-نان يېمەيتتى، پەقەت گۆشلا يەيتتى. دەسلەپتە كىچىك بولغاچقا، تاماققا گۆش توغرىغاچ ئىككى-ئۈچ توغرامچە، تاماق يەۋاتقاچ بۇ ياقتىن مەن، ئۇ ياقتىن ئوغلۇم قاچىمىزغا چىققان گۆشنى تاشلاپ بېرىپ باقتۇق. ئۇ چوڭايغانسېرى قورسىقىمۇ بىللە چوڭىيىپ باردى-دە، گۆش تويۇشۇتقىلى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم گۆش ئالسام، قاسساپلاردىن بەز تەلەپ قىلدىم، گۆشنى ئازراق ئېلىپ، قاسساپنىڭ ئالدىغا تولا باردىم. بۇ چارەممۇ بارا-بارا ئاقمىدى. چۈنكى قاسساپقا: «بەز بېرىڭ» دەۋېرىشكە يۈزۈم چىدىمىدى. ئاخىرى بىر ئەقىل تاپتىم، يەنى بىر-ئىككى كۈن ئاچ قويۇپ، سۈتكە نان چىلاپ، نەچچە سائەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن بەردىم، يېمىدى. ئېغىزىمغا ئېلىپ سۇدەك قىلىپ بېرىۋېدىم، يالاشتۇرۇپ ئازراق يېدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاچ قالسىمۇ، ئۇنى يېگىلى ئۇنىمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاخىرى قاسساپلاردىن قوينىڭ ئۈچەيى، كالىنىڭ ئۆپكىسى، جىگەر قاتارلىق نەرخى ئەرزان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ بەردىم. بىر كۈنى بۇنداق نەرسىلەر تۈگەپ قالدى، بازارغا بېرىشقا ۋاقتىم يەتمەي، يەنە سۈتكە نان چىلاپ، ھېلىقى ئۇسۇلدا بەرسەم، ئوبدانلا يېدى. سىناق قىلىپ بېقىۋېدىم، گۆش تۈرىدىكى نەرسىلەر بىلەن سۈتكە چىلانغان ناننى ئالماشتۇرۇپ بەرسە يەيدىغانلىقىنى، ئۈچ، تۆت ۋاق خاس نان بەرسە يېمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. مانا بۇ مۇشۇكنى بېقىپ كېلىۋاتقىلى توپتوغرا تۆت يىل بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ تۆت يىلدىن بۇيان ئۆيىمىزنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ بىز بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

2010-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى توي قىلدىم. تويدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى «خوتۇنۇم» ئىككى دوستىنى ئېلىپ ئۆي تۈزەشتۈرگىلى كەلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا بۇ مۇشۇك مىياڭلاپ، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۆينى بېشىغا كىيدى. بۇ ئىشنى كۆرگەن مېھمانلارنىڭ بىرى: «مۇشۇكلىرى بىزنى قارشى ئالمىدى» دېۋىدى، يەنە بىرى: «بۇ مۇشۇك سىلىنى رابىيەمدىن كۈنلەۋاتامدۇ نېمە؟» دەپ چاقچاق قىلىشتى. «خوتۇنۇم» ھېچنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ قالدى...

ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنىلا بۇ جانىۋاردىن قۇسۇر تېپىپ: «ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، دىۋاننى تاتىلاپ سەت قىلىۋەتتى، گىلەمنى چۇۋۇۋەتتى...» دەپ دادلىغاچ: «مۇشۇك دېگەننىڭ پوق-سۈيدۈكى بەك سېسىق پۇرايدۇ، ئەگەر ئۆيگە سىيىپ-چىچىپ قويسا قانداق قىلىمىز، بىنا دېگەندە مۇشۇك باقمايدۇ كىشى، تاشلىۋېتەيلى...» دېگەندەك بىر تاغار سۆزلىدى. مەن يېڭىياچىلىقتا چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمىگەن، سۈكۈت قىلغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيتتىم. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى. ئۇمۇ پات-پاتلا قاقشاپ قويۇپ، رايىمغا بېقىپ يۈردى. «كوزا كۈندە سۇنماس، كۈندە سۇنار» دېگەندەك، ئۇ ئىچى سۈرۈپ قالغان بىر كۈنى ئۆيگە سولىنىپ قالغاچقا، ھاجەتخانىغا كىرىپ «ھايۋانلىقى»نى قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش خوتۇنۇمغا بولۇپ بەردى: «مەن نېمە دېگەن، ئەينا، ئۆزلىرى تازىلىسىلا...» دەپ قايناپ كەتتى. مەنمۇ جىم تۇرمىدىم، «ئىككىمىز بىر قەپەس ئېلىشتۇق...» ئۇ يامانلاپ كەتتى. ئەكەلگىنى رايىم بارمىدى، شۇڭا ئۆزۈممۇ بارمىدىم، ئادەممۇ ئەۋەتمىدىم. مۇشۇكنىڭ تارىخى خوتۇنۇمنىڭ تارىخىدىن ئۇزۇن بولغاچقىمىكى ياكى ئۇنى پەۋقۇلئاددە ياخشى كۆرگەنلىكىم ۋە ياكى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىم ئۈچۈنمىكى، ئەيتاۋۇر بۇ مۇشۇكتىن ۋاز كەچكۈم يوق ئىدى... ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى كەچتە خوتۇنۇمنى دوستلىرى ئەكېلىپ: «بىر مۇشۇكنى دەپ يامانلىشىپ قالساڭلار قانداق بولىدۇيەي، ياخشىلىشىپ قېلىڭلىرەي، ئۆيۈڭلارنى ئوبدان تۇتۇڭلىرەي...» دېگەندەك بىر تاغار ئۆگۈت-نەسىھەتلەرنى قىلىپ قويۇپ كەتتى. مەنمۇ ئوشۇق-تۆشۈك گەپ قىلمىدىم. لېكىن، ئارىدا مۇشۇك ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر، سۈركىلىشلەر يەنە ئانچە-مۇنچە بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، دەرىجىسى بۇرۇنقىدىن كۆپ تۆۋەنلىدى. چۈنكى، مەنمۇ ئىلاج بار ئېھتىيات قىلدىم، خوتۇنۇمغىمۇ بۇ مۇشۇكنىڭ ئەقىللىكلىكى ۋە ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ھەرخىل ھەرىكەت — قىلىقلىرى ئاستا-ئاستا ياراپ قالغاندەك قىلىۋاتاتتى...

مۇشۇكنىڭ ئەڭ يامان قىلىقى شۇ ئىكەنكى، دىۋان ۋە گىلەملەرنى تاتىلاپ، دىۋاننى قوتۇر قىلىۋەتسە، گىلەمنىڭ يۇڭىنى تىتىپ چۇۋۇپ تاشلىيالايدىكەن. ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىغاندىن باشقا، نۇرغۇن زىيان سالغان بولسىمۇ، يەنىلا تاشلىۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى، ئەمما ئويلىنىپ قالدىم. شۇڭا، 2010-يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، بىر كۈنى ئۇنى يەر ئاستى ئۆيگە ئەكىرىپ، ئۈچ كۈن ئىشىك، دېرىزىلەرنى تاقاپ سولىدىم ۋە يېمەك-ئىچمىكنى شۇ يەرگە ئەكىرىپ

بەردىم، ئاندىن دېرىزىنى ئېچىۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن يەتتە ئايغا يېقىن ئۆيدە بىز بىلەن تۇرغان بۇ «سۆيۈملۈك» جانىۋار بىزدىن «ئۆي ئايرىپ» يالغۇز يېتىپ-قوپۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى كەم قىلماي بەردىم. ئۇ تالا مۇشۇكلىرىدەك ئەخلەتخانىلاردىن بىر نەرسە تېپىپ يېيەلمىگەچكە ياكى ئوغرىلىق قىلالمىغاچقا، گاھىدا خارەزىم بولۇپ قېلىپ، ۋاقتىدا يېمەك-ئىچمەك ۋە سۇ يەتكۈزۈپ بېرەلمەي قالغان چاغلىرىمدا، ئىشىكلىرى ئوخشاش بولغان سەككىز ئىشىكتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، 5-قەۋەتتىكى ئۆيىنى تېپىپ چىقىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئىشىكلىرىمىز ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش ئىشىكى بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا تاقاقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشىك چېكىدىغان قولى بولمىغاچقا، ئۆيگە كىرەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىمنى ئىگىلىۋېلىپ، كورپۇس ئالدىدا بىر يەرلەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، مەن كەلگەندىن كېيىن مىياڭلاپ بەلگە بېرىدىغان، مەن بىلەن بىللە ئۆيگە چىقىدىغان «ھۈنەر»نىمۇ ئۆگىنىۋالدى. كېيىنچە، ھەتتا قورسقى ئاچسا، ئۇسساپ قالسىلا ئىشخانامغا ئىزدەپ كېلىپ، مېنىڭ ئىشتىن چۈشۈشۈمنى ساقلايدىغان، ھەتتا ئىش ئۈستىلىمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كومپيۇتېر ئىشلىتىۋاتقان بولسام، كۇنۇپكا تاختىسىدا يېتىۋالىدىغان، قەلەم ئىشلىتىۋاتقان بولسام، قەلەمنى ئىككى پۇتى ئارىسىغا قىستۇرۇپ مەھكەم تۇتۇۋالىدىغان قىلىقلارنى چىقىرىۋالدى. ئۇ كۈندىن-كۈنگە «ئەقىللىك» بولۇپ كېتىۋاتاتتى... ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى كۆرگەن خىزمەتداشلىرىم ۋە قولۇم-قوشنىلىرىم ھەيران بولغان ھالدا «تووۋا-ئىستىغپار» ئېيتىپ، ياقا سىقاتتى. ئۆزۈممۇ ئاجايىپ ھەيران بولاتتىم. بىر كۈنى كىچىك ئوغلۇم:

— دادا، مۇشۇك قۇشقاچ تۇتۇپ يېگەن چېغىۋا، يەر ئاستى ئۆيدە ساپ قۇشقاچ ۋە سۇندۇكلارنىڭ تۈكلىرى تۇرىدۇ، — دېدى.

مەن ئانچە ئىشەنمىدىم. بىر كۈنى دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن ئوقۇتۇش بىناسىغا ماڭدىم، ئۇمۇ ماڭا ئەگىشىپ بىرىپ بىنانىڭ يېنىدىكى چىملىقتا قالدى. دەرستىن چۈشۈپ بىنادىن چىقىشىمغا خۇددى جىندەك پەيدا بولۇپ، مېنى تاپتى. مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ ئەركىلەتكەچ، ئۆيۈم ئورۇنلاشقان بىنانىڭ ئارقىسىدىكى گۈللۈككە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئۆزىچە گۈللۈك ئارىسىدا يېتىپ، يەر بېغىرلاشقا باشلىدى. ھەيران بولغان ھالدا گۈللۈككە قارىسام، بىر توپ قۇشقاچ دانلاۋېتىپتۇ. قىزىقىسىنىپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇۋېدىم، ئۇ پەم بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ، يەرگە چاپلىشىپ ماڭغىنىچە قۇشقاچلارنىڭ ئالدىغا ئۆتتى-دە، قۇشقاچ توپىغا ئېتىلدى. قۇشقاچلار ئالدىغا قاراپ ئۇچتى. ئۇ ئېتىلىپ چىقىپ، بىر قۇشقاچنى تۇتۇپ، ئۇدۇل يەر ئاستى ئۆيگە چاپتى. شۇندىلا ئوغلۇمنىڭ سۆزىگە ئىشەندىم ۋە ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئۇلغايدى. بىلدىمكى، قۇشقاچ ئۇچقاندا ئارقىسىغا يانالمايدىكەن، بەلكى ئالدىغا قاراپ ئۇچىدىكەن. مۇشۇك قۇشلارنىڭ بۇ خىل ئۇچۇش ھالىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىدىكەن. شۇ چاغدا: «تووۋا!» دېگىنىمچە ياقامنى چىڭ سىقتىم. دۇنيانىڭ مۇۋازىنىتى ۋە قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە بىرمۇنچە خىيال سۈردۇم...

بۇ مۇشۇكنىڭ تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئىشى مېنى ھەيران قالدۇرغان، ئەقلىمنى لال قىلغان بولغاچقا، مەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئامراقلىق قىلىپ بېقىپ كېلىۋاتىمەن:

1. ئۇ تۆت يىلدىن بېرى گۆشتىن باشقا يېمەكلىكنى چايناپ بەرمىسەم يېمەيدۇ، مەندىن باشقىلار چايناپ بەرسىمۇ يېمەيدۇ، مەن چايناپ يەرگە ياكى بىرەر قاچىغا سېلىپ بەرسەممۇ يېمەيدۇ، چوقۇم مەن قولۇمدا تۇتۇپ بەرگەندىلا، ئاندىن يەيدۇ.

2. 2010-يىلى 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كەچ، ھاۋا خۇددى تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەچكە، ئۇيقۇم قېچىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم-دە، بىنادىن چۈشۈپ، سالقىنلاش ئۈچۈن، ئۆيدىن 7-8 يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى ئاستىدىن سۇ ئۈزۈلمەيدىغان بۇك-باراقسان سۆگەتلەر بىلەن قورشالغان جايغا بېرىپ، قوتازنىڭ تېرىسىدەك قاپقاراڭغۇ كېچىدە سېمونت كۆتەكتە ئولتۇردۇم. بىر چاغدا بىر نەرسە پۇتۇمغا سۈيۈشۈپ ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيغۇدا بولدۇم-دە، قورقىنىمدىن جېنىم بوغۇزۇمغا كەپلەشتى، چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئالاق-جالاق بولۇپ ئەتراپىمغا قاراۋاتقىنىمدا ئۇ مىياڭلاپ، ماڭا بەلگە بەردى...

3. 2010-يىلى 7-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرناللىرى بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى تەركىبىدە شاڭخەي، شەندۇڭ... قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەردە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشتە بولدۇم. قايتىپ كەلگىنىمدە، بۇ جانىۋار ئورۇقلاپ، ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. «ئۇنى ئوبدان باقماپسىلەر» دەپ خوتۇن، بالىلارغا جېپىلىپ، ئاچچىقلاندىم. ئۇلار: «سىز سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ، بىر نەرسە بەرسەك، يېمىدى، خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغاندەك مىياڭلاپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ ئۆيىمۇ ئۆي كىرىپ سىزنى ئىزدىدى، شۇڭا ئاشۇنداق ئورۇقلاپ كەتتى...» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

4. مەن ئېچكىرىدىن قايتىپ كېلىپ 4-كۈنى نۆۋەتچى بولغاچقا، مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ 2-قەۋىتىدىكى نۆۋەتچىلىك ئۆيىدە ياتتىم. كېچە سائەت ئىككىلەر ئەتراپىدا، بىر شەپىنى سېزىپ ئويغاندىم ۋە چىراغلارنى ياندۇرۇپ كارىدورغا چىقسام ئىشىك تۈۋىدە ھېلىقى جانىۋار تۇرۇپتۇ. ئەقلىم لال بولغان ھالدا ئۇنىڭغا كىرىش بۇيرۇقى بەردىم. ئۇ ئۇدۇل بېرىپ يوتقانغا كىرىپ، خورەك تارتىشقا باشلىدى.

يەنىلا ياقامنى تۇتۇپ «تووۋا!» دېمەي تۇرالمىدىم. چۈنكى، بۇ بىنانىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ھەممىسى قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر كېلىدىغان ئەينەك ئىدى. ئۇ قانداق بولۇپ، نەدىن چىقىپ مېنى تاپتى؟ بۇ سىرنى ھازىرغىچە يېشەلمىدىم...

5. 2011-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى تۇغقان يوقلاپ قەشقەرگە يولغا چىقتۇق. بۇ مۇشۈكنى نەدە قويۇپ كېتىش مەسىلىسى بېشىمنى خېلى قاتۇرغان بولسىمۇ، مۇۋاپىق جاي تاپالمىغاچقا، تالاغا تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالدۇق. ئەمما، ئەس-يادىم ئۇنىڭدا بولۇپ، باللارغا: «مۈشۈك بىز قايتىپ بارغىچە چوقۇم ئۆلۈپ قالىدۇ» دېگەننى بىر نەچچە مەرتەم تەكرار دېگەچكە، بىر كۈنى خوتۇنۇم چېچىلىپ: «ئەگەر بىرەرىمىز ئۆيدە قالغان بولساق، مۈشۈنچىلىك ئەنسىرىمەتتىلە، تايىنلىق مۈشۈكقۇ ئۇ، نېمە ئانچە ئەنسىرەپ كېتىسىلە...» دەپ كايىپ كەتتى. ئۇ بىر كۈنمۇ ئېسىمدىن چىقمىدى، شۇڭىمۇ ئالدىراپ 7-ئاينىڭ 25-كۈنى قايتىپ كەلدۇق.

دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ، نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى سۆرىشىپ دېگۈدەك 100 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، كىچىك ئوغلۇم ئۇنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، مەن كېسىپلا: «ئۇ چوقۇم ئۆلدى...» دېدىم بىر خىل ھەسرەت بىلەن. گېپىمنىڭ ئاخىرىنى تۈگىتىپ بولغىچە چوڭ ئوغلۇم خىرقىراپ كۈلۈشكە باشلىدى، مەن «نېمە بولدى؟»غا ئېغىزىمنى ئۆمەللەپ بولغىچە ئۇ ئالدىمغا ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ، پۇتلىرىمنى سۆيۈپ، يۇملاپ «سېغىنىپ كەتكەنلىكىنى» ئىپادىلەپ ئۈلگۈردى.

يەنە بىر قېتىم «تووۋا!» دەپ ياقامنى تۇتاملاشقا مەجبۇر بولدۇم...

ئۇ ئادەتتە ئادەملەردىن قاچاتتى. ئەمما، مەن ئادەم دېگىزى ئىچىدە بولسامۇ، ھىدىمنى ئالسا، ياكى مېنى كۆرۈپلا قالسا ئادەملەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ماڭا سۈۋۈنۈپ، مياڭلاپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا كىشىلەر تۇتسا، ئەركىلەتسە، جىم تۇراتتى ياكى ئەركىلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيرانلىقتا ئۇندەيتتى...

ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا «ماڭ، قوپ، تۇر، يات، ئال، يە، مە...» دېگەندەك گەپلەرنى ئۆگەتكەنىدىم. ھەتتا دەرەخلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «چىقە!» دەپ بۇيرۇق بەرسەم، دەرھال بەجا كەلتۈرەتتى. شۇڭا قولۇم-قوشنىلار بىلەن كەچلىرى پەسكە چۈشۈپ پاراڭلىشىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىمىزدا قېشىمغا كېلىپ ماڭا «ئۆزىنىڭ زۇۋانىدا بىر نېمىلەرنى دەپ» ئەركىلەشلىرىنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇنىڭ شۇقەدەر «ئەقىللىك»لىكىگە ھەيران قالسا، بەزىلەر ئۇنى: «مۇئەللىمنىڭ 3-ئوغلى...» دەپ قوياتتى. بۇ گەپ خوتۇنۇمنىڭ ئېغىزىدىنمۇ بىر نەچچە قېتىم چىققانىدى. شۇڭا، بۇنداق گەپلەر بولۇنغاندا، ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگەندەك مىيىقىمدا كۈلۈپ قوياتتىم.

بۇنداق چاغلاردا ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ بەزىسى: «بۇيرۇق بېرىڭە، ئۇنداق قىلىپ بەرسۇن، مۇنداق قىلىپ بەرسۇن» دەپ تەلەپ قىلاتتى. بۇيرۇق بەرسەم، بۇيرۇقۇمنىڭ بەزىسىگە ئېرەن قىلمىسىمۇ، بەزىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى.

2010-يىلى 7-ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى، مەرھۇم خوتۇنۇمنىڭ ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىدىغان ئىنىسىنىڭ ئەمدىلا سەككىز ياشقا قەدەم قويغان قىزى تەتىل قىلىپ خوتەنگە كەپتۇ. ئۇنى باللار بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئادىتىم بويىچە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە چىقىپلا، مۈشۈككە نان چايناپ بەردىم. ئۇ بالا مۈشۈكنىڭ قولۇمدىكى سۈت بىلەن قوشۇپ يۇمشاق چايناپلغان ناننى يالاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا:

— مۈشۈك سىزنىڭ بالىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى، جىددىي ھەم چۈچۈك تەلەپپۇزدا.

— ھەئە، — دېدىم مەن، كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ يەنە:

— ئاباجان دادام (ئۇ مېنى شۇنداق ئاتايتتى) مۈشۈكنىڭ دادىسىكەن، ھوي... — دەپ سەكرەپ كەتتى.

كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ بۇ گەپنى دادىسىنىڭ چوڭ ئۆيىدىكىلەرگىمۇ، ئانىسىنىڭ چوڭ ئۆيىدىكىلەرگىمۇ، ھەتتا ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى ۋە سىرتتىن كىرگەنلەرگىمۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە: «قاراڭ، ئاباجان دادام مۈشۈكنىڭ دادىسىكەن دەڭە...» دەپ ھېكايە قىلىپ يۈرۈپتۇ.

مانا بۇ مۈشۈكنىڭ مەن بىلەن بولغان دوستلۇقى.

مۇھەررىرى: **ئەكبەر سالىھ**



ئەركىن سابىر

# ھاشىر بەڭگى①

(ھېكايە)

1

ھاشىر بەڭگى يەنە مېنى تېپىۋالدى.

— مانا قاراڭ، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرە-كىرمەيلا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — بۇ قېتىم تېخىمۇ ئېسىل ھېكايىدىن بىرنى يېزىۋەتتىم، شاققىدە كۆرۈۋېتىسىز-دە.

— ئېسىل ھېكايە دەڭ، ھە، ھېلىقى رومانىڭىزچۇ، قانداق بولدى؟ بەش-ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا يېزىۋاتقان رومانىڭىزنى دەيمەن؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ۋاي ئۇنى بىر دېمەڭ، — دېدى ھاشىر بەڭگى ھازىرلا چەككىنىنى ئۇنتۇغاندەك يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — رومانىنى شۇ چاغدىلا پۈتكۈزگەن، قارىسام ئىككى دۆۋە ئارگىنال بوپتۇ، نەشرىياتقا بېرىشتىن بۇرۇن سىزنى بىر كۆرۈۋېتەمدىكىن دېگەن، ئالدىڭىزغا ئەپكېلەي دېسەم، كۆتۈرۈپ كەلمەك ئەپسىز بولدى، شۇڭا ئۆيۈمگە بېرىشقا ۋاقتىڭىز چىقسا دەپ، چىرايلىق باغلاپ ئېلىپ قويغانتىم. كىم بىلىدۇ، مېنىڭ ئاۋۇ دىتسىز خوتۇنۇم، كېرەكسىز قەغەز يىغىدىغانلار كەلگەندە ساتىدىغانغا باغلاپ قويغان ئوخشايدۇ دەپ، ئەپچىقىپ سېتىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ئۆلمىدىم-يۇ، ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇم. بىردەم يىغلايتتىم، بىردەم كۈلەتتىم، كېيىن تۇغقانلار مېنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويدى، ئۇ يەردە داۋالىنىپ چىققاندىن كېيىن يۇرتقا ئېلىپ كەتتى. يۇرت قوينى كەڭرى بولغاچقا، يىراق-يېقىنغا بارىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ، ئۇزاق مەزگىل تۇرۇپ قالدىم.

— شۇڭا ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈنمەپتىكەنسىز-دە؟

مېنىڭ مۇنداقلا سورىغان گېپىمگە ھاشىر بەڭگى ئەزۋەيلەپ يەنە بىر تاغار سۆزلىدى. ئۇ يۇرتتا نەچچە يىلدىن بېرى كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى بايان قىلىپ بىرمۇنچە ۋاقتىمنى ئالدى. شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولغىچە ئارقا-ئارقىدىن ئۈلاپ چېكىپ، ئىشخانامنىمۇ ئىسقا تولدۇردى. دېرىزىنى ئاچاي دېسەم تېخى، چۈنكى سىرتتا دەرەخلەرگە ھاشارات دورىسى چېچىلىۋاتقاچقا، ھەممىمىزگە دېرىزىلەرنى ئاچماسلىقنى ئۇقتۇرغانىدى. قېرىشقاندەك بۇ ھاشىر بەڭگىنىڭمۇ دەل مۇشۇنداق كۈندە كەلگىنىنى دەيمەن!

— ناھىيە بازىرىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇراتتى ئۇ، — بىنا ئۆي، دېرىزىلىرى كوچىغا قارايدۇ، دەسلەپكى چاغلاردا مەن ھېچنەگە چىقماي، كۈنلەرنى ئاشۇ دېرىزە ئالدىدا

چاتما ھېكايىلەر

---

① بۇ ھېكايىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىللىق 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان

ئولتۇرۇپ كوچىدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى تاماشا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم، كېيىن ئۇنىڭ-بۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئېچىل بولۇپ كەتتىم، شۇ ئاغىنىلەر ئىچىدە هامت دەيدىغان بىر ئاغىنىمىز بار ئىدى، كېيىن ئۇقسام ئۇنىڭ قىزلارغا ھەۋەس قىلىدىغان خۇيى باركەن. باشقا ئاغىنىلەرمۇ ئۇنىڭ جىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. شۇڭا بۇ قېتىم كېلىپلا شاققىدە بۇ ھېكايىنى يازدىم.

ئۇ شۇ گەپلەردىن كېيىن، سومكىسىدىن ئاۋايلاپقىنا بىر تۇتام ئارگىنالنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى ۋە:

— بۇ ھېكايەم ئۆزۈمگىمۇ ياخشى چىققاندەك، لېكىن سىزگە يارامدۇ-يوق، بىلمىدىم،— دەپ قوشۇپ قويدى.

— كۆرۈپ باقاي،— دېدىم.

ھاشىر بەگگى «كۆرۈپ باقاي» دېگىنىمدىن، ھېكايىسى ھازىرلا ئېلان قىلىنىدىغاندەك ھاياجانلاندى. ئۇنىڭ ھاياجانلانسىمۇ تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىدىغان خۇيى تېخىچە ئۆزگەرمىگەنىكەن، شۇڭا دەرھال يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى-دە، جاۋابىمنى كۈتكەچ، ئىشخانامدا ئۇيان-بۇيان ماڭغىلى تۇردى ۋە كېيىن بېرىپ كىتاب جازىسىدىن بىر ژۇرنالنى ئالدى:

— چىرايلىق قىزكەن،— دېدى ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىنى مەن تەرەپكە قارىتىپ.

— ئۇ بەدىئىي سۈرەت،— دېدىم مەن. شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپتە ئۇچراشقان كۈننى يادىمغا ئالدىم. ئۇ بەش-ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىدى، ئۇ كۈنى يېزىقچىلىققا قىزىقىدىغان بىر بۇرادەر بىر نەچچىمىزنى مېھمانغا چاقىرغانىدى. ئۇ يەردە ھاشىر بەگگىمۇ بار ئىكەن. ئۇ مېنىڭ مۇھەررىر ئىكەنلىكىمنى ئۇقۇپ ماڭا بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتى. سورۇندىن قايتقاندا:

— بۆلۈمىڭلاردا قىزلار باردۇ؟— دەپ سورىدى مەندىن.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئەمما گېپىگە ھەيران بولدۇم.

— گېپىمگە ھەيران قالماڭ، بىر ئىدارە ياكى بۆلۈم-ئىشخانىدا ئەر-ئايال، قىز-يىگىتلەر ئارىلاش ئىشلىمىسە، ئېغىزلار بۇزۇلۇپ، ئەدەپسىز گەپلەر يامراپ كېتىدۇ. ئۆزئارا ھېيىقىپ ئۆتكەن ياخشى،— دېدى ھاشىر بەگگى چۈشەندۈرۈپ.

ھاشىر بەگگىنىڭ بۇ گېپى مېنى ھەيران قالدۇردى، ئۇنىڭ توختىماي تاماكا چېكىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزىنى ناھايىتى ئەدەپلىك تۇتىدىغان ئادەمكەن دەپ ئويلىغانتىم.

— ئىشىڭىز بولسا مېنى ئىزدەرسىز،— دېدىم مەنمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن خوشلىشىدىغان چاغدا. ئەمما «ئاغزىمدىن چىققىچە ساقلىمىغا ياماشتى» دېگەندەك، شۇندىن تارتىپ ئىشخانامغا تولا كەلگەننى ئاز دېگەندەك، ھە دېسىلا ئۆيۈمگىمۇ ئىزدەپ بېرىپ جاق تويغۇزدى. بىر ياقتا ئايالىمنىڭ «ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرىنى، دېرىزە پەردىلىرىنى ئىسلاپ بولدى» دەپ كوتۇلداشلىرى...

مانا شۇ ھاشىر بەگگى ھازىرمۇ ئىشخانامدا بەھۇزۇر ھالدا ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان قىزنىڭ سۈرىتىگە ھەۋەس قىلىپ ئولتۇراتتى.

— بۇ كىم؟— سورىدى ئۇ بىرپەستىن كېيىن.

— مەنمۇ بىلمەيمەن.

مېنىڭ سوغۇقلا جاۋاب بەرگىنىمدىن، ھاشىر بەگگى تەئەججۈپلەندى بولغاي:

— مۇنداق بولسۇن، ئۇكا، مەن قايتاي، بۇ يەردە تۇرۇۋالسام، ھېكايەمگە مۇلاھىزە يۈرگۈزەلمەي قالماڭ. ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە كېلەي، بولامدۇ؟— دېدى.

— ماقۇل.

مەن ئۇ ئادەمنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئارانلا ئۇھ دېدىم. شۇ ئارىدا يانىدىكى ئىشخانىدىن چىققان ماھبەدەر مېنىڭ كارىدوردا تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، ئىشخانامغا بويۇنداپ قاراپ قويدى ۋە:

— ۋوي، ئىشخانىڭىز نېمانداق ئىس بولۇپ كەتتى؟— دەپ سورىدى.

— ھېلىقى ھاشىر بەگگى يەنە پەيدا بولۇپ قاپتۇ،— دېدىم مەن.

— يەنە ھېكايە يېزىپ كەپتۇمۇ؟

— شۇنداق، كۆرۈپ باقاي دەپ، ئېلىپ قېلىپ ئۆزىنى ئاران يولغا سالدىم.

— شۇنداقمۇ؟— دەپ كۈلدى ماھبەدەر، ئاندىن ماڭا بىر ھېكايىنىڭ قول يازمىسىنى سۇنۇپ،— بۇ ھېكايە ئۆزگىچىلا يېزىلغانىكەن، سىز بىرەر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ باقامسىز،— دەپ قوشۇپ قويدى.

— ماقۇل،— دېدىم ئۇنىڭ قولىدىن قول يازمىنى ئالغاچ. ماھبەدەر يەنە كۈلۈپ قويۇپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. مەنمۇ ئىشخانامغا قايتىپ كىرىپ، ئاۋۋال ھاشىر بەگگىنىڭ ھېكايىسىغا كۆز يۈگۈرتتىم.

«يېقىندىن بۇيان، نېمىشقىدۇر نېرىقى قورۇدىكى نىگارە كۆزلىرىمگە ئوت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.»

هاشىر بەگگى ھېكايىسىنى ئاشۇنداق باشلىغانىدى. مەن قىزىقسىنىپ، ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا داۋاملىق كۆز يۈگۈرتتۈم.

«نىگارەنىڭ مېڭىشلىرى، گەپ قىلىشى، كۈلۈشلىرى يۈرىكىمنى ئوينىتاتتى. ‹ئاھ دەردىم!› دەيمەن، مەپتۇنلۇقىمدىن بىر كۈن كۆرمىسەم چىدىمايمەن، شۇڭا كوچىغا قارايدىغان دېرىزەم ئارقىلىق ئۇنى مارىلايمەن. لېكىن مارىلىغانغا ئىش تاڭاتمىدى، كۈنلەر ئۆتكەنچە ئۇنىڭغا قانمايدىغان دەرىجىگە يەتتىم، ئاخىر مەھەللىنىڭ قايرىلىدىغان يېرىگە بېرىپ، ئۇنى ساقلايدىغان، ئۇ خىزمەتتىن كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىدىغان بولدۇم.

— توختاڭە نىگارە،— دەيمەن ئاۋۋال.

— ھە، نېمە ئىش بارتى؟— دەيدۇ ئۇ. ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا خاس ئىسمىمۇ ئادەمنى بۆلەكچىلا كۆيدۈرىدۇ. ئويناق كۆزلىرىنى دېمەيلا قوياي، گىلاستەك لەۋلىرىدىن شەربەت تامىدۇ. ئەۋرىشىم بەللىرىنى بەزىدە خىيالەن قۇچاقلايمەن! لېكىن سۆيگۈگە چاڭقاق دىلىم شۇنىڭغا قانسۇنمۇ؟

بىر كۈنى دوقمۇشتا ئۇنى ساقلىغاچ پىۋا ئىچىپ ئولتۇردۇم. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ئىچكەن پىۋام تەر بىلەن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ تومۇر-تومۇرلىرىمغا تارىغان ئىسپىرت بىردەمدىلا يۈرىكىمنى تومىلىتىپ قويدى. شۇ تاپتا ھېلىغۇ نىگارە ئىكەن، شاھنىڭ مەلىكىسى بولسىمۇ گەپ قىلالايدىغاندەك قىلاتتىم. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى، نىگارەنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىنى توستۇم.

— نىگارە، سىز بىلەن مۇڭداشقۇم بار ئىدى...

— ئو...ھوش،— دېدى نىگارە،— سىزگە نېمە بولدى، ھامىتكا؟

— گەپ جىق، ئەمما بۇ يەردە دېيىش ئەپسىز، ئايرىم پاراڭلاشساق بولاتتى.

— جىق ئىچىۋاپسىز!

نىگارە گېپىمنى قېتىغىمۇ ئالماي كېتىپ قالدى. ئەتىسى يەنە يولىنى توستۇم. كالتە يەڭ كوپتا كىيىۋالغانىكەن، ئاپپاق بىلەكلىرى لىغىلداپ تۇراتتى، ئاخىر شۇ بىلەكلىرىنى تۇتتۇم-دە، قويۇپ بەرمىدىم.



لېكىن نىگارە قولۇمنى سىلكىپ:

— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، كىشىلەر كۆرسە سەت!— دېدى.

— ئۆتۈنگىنىڭىزدا كۆيۈۋاتىمەن، ئەمما سىز پەرۋا قىلمايۋاتىسىز!— دېدىم ئۇنى نېرىدىكى قويۇق ئاللىق ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ. ئاللىقنىڭ بىر چېتىدە گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، گۈللەردىن تاراۋاتقان ھىد بىلەن نىگارەنىڭ بەدىنىدىن تاراۋاتقان ئەتىر ھىدى قوشۇلۇپ مېنى تېخىمۇ مەست قىلىۋەتكەنىدى. مەستچىلىك باشقىچە بولىدىكەن، خاپا بولسىمۇ، زەھەردەك گەپ قىلسىمۇ مەيلى دەيتتىم شۇ تاپتا. نىگارە قاپقارا كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ:

— سىز دادامدەك ئادەم، مۇشۇ يېشىڭىزدا ماڭا شۇنداق گەپ قىلسىڭىز ئۆزىڭىزگە يارىشامدۇ؟— دېدى.

— نېمىشقا ياراشمىغۇدەك؟ يېشىمىزدا ئارانلا ئون نەچچە ياش پەرق بار، بۇ قانچىلىك پەرقتى، ھەتتا گۈلى گۈلىمىزگە كېلىدۇ تېخى!— دېدىم مەن.

— ياق،— دېدى نىگارە،— بىز يېقىن قوشنىلارمىز، ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ ئىككى

ئائىلىنىڭ كىرىش-چىقىشى قويۇق بولۇپ كەلگەن. مەن سىزنى ھامىت تاغا دەپ ئاتاپ كەلدىم. ئەمدى سىز مۇشۇ گەپلىرىڭىز بىلەن ماڭىلا ئەمەس، دادام-ئاپاملارغا يۈز كېلەلەمسىز؟!

— ھى-ھى-ھى، بۇ ئىش...

مەن غاچچىدە جاۋاب بېرەلمەي قالدىم.

— يەنە ئېڭىكىڭىزگە تاقاشقان قىزلىرىڭىزمۇ بار، ئۇلارغا نېمە دەيسىز؟— دەپ تېخىمۇ يامان يەردىن تۇتتى نىگارە.

— ئۇلارنىڭمۇ ئۆز يولى بار،— دېدىم ئاخىر. كۆيگەن يۈرەك ئويناپ تۇرغاندا ھەرنېمە دەيدىكەن ئادەم.

— خوتۇنىڭىزچۇ؟

— قويۇپ بېرىمەن.

نىگارە قاقاھلاپ كۈلدى. كۈلكىسى شۇنچىلىك ياڭراپ كەتتىكى، گۈللەرگە قونۇپ ئويناۋاتقان كېپىنەكلەرمۇ ئۈركۈپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۈلكىسىدە بەكمۇ ئاچچىق كىنايە بار ئىدى.

— نېمىگە كۈلىسىز، بۇنچە ياڭرىتىپ؟— سورىدىم مەن.

— گېپىڭىزگە كۈلدۈم،— دېدى نىگارە. ئۇ مېنى ئىلىشىپ قاپتۇ دەۋاتسا كېرەك.

شۇنىڭدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ، كۆڭلۈمنى بىراقلا تۆكتۈم. ئۇ ئىشخانىسىدا يالغۇز ئىكەن، باشتا ھودۇقتى، كېيىن ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق بىلەكلىرى ۋە كالتە يوپكىسى ئىچىدىكى يوتىلىرى يۈرىكىمنى ئويىنىتاتتى.

— ئادەم قايتا تۆرەلمەيدۇ،— دەپ گەپ باشلىدىم مەن،— شۇڭا ھاياتنى قىممەتلىك دەيمىز. قىممەتلىك ھاياتتا ھەربىر ئادەم ئەركىن بولۇشى، كىمنى ياخشى كۆرسە شۇنى سۆيۈشى كېرەك. بىلىڭكى، پەقەت مەنلا سىزنى بەختلىك قىلالايمەن.

نىگارە گەپلىرىمگە قايىل بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر، باشتىن-ئاخىر بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنى ئىندەككە كېلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندىم ۋە شاقىقىدە ئەمەلىي گەپكە ئۆتتۈم:

— ئەگەر مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلسىڭىز، ھازىرلا بېرىپ خوتۇنۇمنى قويۇپ بېرىمەن.

— خېلى جىگىرىڭىز بار ئىكەن، شۇ تاپتا ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن دېسەم، ھازىرلا ئىشخانامدىن قوغلاپ چىقىراتتىم!

نىگارە گەپنى شۇنداق قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ناز-خۇلق تېشىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ قەلبىدىن زىل ھېسسىيات ئۇرغۇيتتى. مەن ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىنى بىرخىل نېزىقاش دەپ چۈشەندىم ۋە قەلبى ماڭا مايىل بولدى دەپ ھېس قىلدىم، كۆڭلۈم يايراپ، ئۇنى قېنىپ سۆيگەندەك بولدۇم. گەرچە بۇ خىيالىي تۇيغۇم بولسىمۇ، ئەمما مەنچە ھەممە ئىش كۆڭلۈمدىكىدەك پۈتكەندى. شۇڭا دەرھال ئاغىنىلىرىمگە مەسلىھەت سالدىم، خوتۇنۇمنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېنىق ئېيتتىم.

— ساراڭ بوپسەن!— دېدى ئۇلار،— قېرىغاندا نېمە سەتچىلىك بۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كوچىدا ئولتۇرىدىغان، ئۆزئارا بىلىشىدىغان ئادەمنىڭ قىزىكەن، شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا يۈزۈڭ چىمىلدىمايدۇ؟

— نېمە سەتچىلىك، نېمىشقا يۈزۈڭ چىمىلدىمايدۇ دەمسىلەر؟ سىلەردە ئاز-تولا ئاڭ بولغان بولسا بۇنداق دېمەيتتىڭلار!— دېدىم خاپا بولۇپ، ئۇلارنىڭ گېپى ئىسسىقتا ھورداقخانىغا ئەكىرىپ دۇملىگەندەك دېمىمنى سىققاندى،— گېپىڭلارچە، بىراۋغا كۆيۈپ قېلىش، ئاندىن خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىش بىمەنىلىك ئىكەن-دە! ئەگەر ھاماقەت بولمىساڭلار جاھانغا كۆزۈڭلارنى ئېچىپ قاراپ بېقىڭلار، ھازىر ئاجرىشىش مودا ۋە بىر خىل مەدەنىيەت بولۇپ قالدى!

ئاغىنىلىرىم گېپىمگە قاقاھلاپ كۈلدى. بىز دوقمۇشتا پىۋا ئىچكەچ پاراڭلىشىۋاتقاچقا، يولدىن ئۆتكەنلەر چاقچاقلىشىۋېتىپتۇ دەپ، بىزگە قارىشاتتى. ئارىلاپ ‹قېرىغاندا سەتلىشىپ، كوچا-كويدىلا ئىچىشۋازلىق قىلىشىۋاتقىنىنى ما خەقنىڭ!› دەپ ھومىيىپ قاراۋاتقانلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. بىراق خەق بىلەن نېمە پەرۋايىمىز!

— مەدەنىيەتنىڭمۇ توغرىسى، ئۆرپ-ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن كېلىدىغىنى بولىدۇ،— دېدى پەخىردىن قىرىق. ئۇ قىلنى قىرىق يارىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. مەن ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلدىم، ئەمما ئۇ مەن بىلەن كارى بولماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ئەكسىچە بولغان مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئېنىقنى ئېيتسام، ئەكسىچە بولغانلىرى ھەم مەدەنىيەت ھېسابلانمايدۇ. نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ‹مەدەنىيەت› دەۋالغانلىق ئۆتۈپ كەتكەن مەدەنىيەتسىزلىك!

— ھەي، تېجىمەل، سەن نېمە دېمەكچى؟! ئىست سېنىڭدەك ئاغىنىنى!— مېنىڭ قېنىم قىزىپ، شۇئانلا يۈزۈمگە تېپىپ چىقتى،— ئەگەر ئاجرىشىش مەدەنىيەت

ھېسابلانمىسا، نېمىشقا ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يېپىشىدۇ؟!

— خاپا بولما.

ئاغىنىلىرىم مېنى باستى، قېرىغاندا جېدەل قىلىشىشاق بەك سەت بولىدىغانلىقىنى ئېسىمغا سېلىشتى. دېمىسىمۇ ياش بىر يەرگە يەتكەندە ۋارقىرىشىپ كوچىنى بېشىمىزغا كىيىپ يۈرسەك ياخشى بولمايتتى.

— نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ ھەممىسىلا سەۋەبسىز ئەمەس،— دېدى سەئىدىن كاتىپ گەپ نۆۋىتىنى ئېلىپ،— بەزىلەر ئاجراشمىسا بولمايدىغان چەككە يەتكەچكە ئاجرىشىدۇ، قانۇنمۇ ئۇنداق ئاجرىشىشنى يوللۇق قوغدايدۇ. مەسىلەن...

— ئۇنداق «مەسىلەن»لىرىڭنى قوي!— دەپ سىلكىدىم مەن ئۇنى،— ئادەم قايتا تۆرەلمەيدۇ، شۇڭا بىر خوتۇنغا مەڭگۈ بەخشەندە بولۇپ ئۆتۈش زۆرۈرمىدى!

ئاغىنىلىرىم مېنىڭ گەپ يېمەيۋاتقانلىقىمدىن زېرىكتىمۇ، شۇڭا سورۇننى ئىتتىكرەك يىغىشتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈشتى. كۆنمۇ تاغ تەرەپكە خېلىلا قىيسايغانىدى، ئەمما ئۇلار بىر-بىرىگە ئىشارەت قىلىشقىچە بولغان ئارىلىقتا مەنمۇ گېپىمنى دەۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم:

— بىلەمسىلەر ئاغىنىلەر؟— دېدىم مەن،— ھاياتلىق ئىلمىدىن ئالغاندا، بۈگۈنى كىمنى ياخشى كۆرسە شۇنى ئېلىش، تۇرمۇش قۇرۇش، ئەتىسى باشقا بىرىنى ياخشى كۆرسە، كونىسىنى يولغا سېلىپ، يېڭىسىنى ئېلىش، تۇرمۇش قۇرۇش— ھاياتنىڭ قەدىر-قىممىتى. سىلەر مېنى قېرىغاندا سەتلەشتىڭ دەۋاتىسىلەر، ئەمما مەن ھازىر ئېيتقان قەدىر-قىممەت قېرى-ياش ھەممىگە باراۋەر. سىلەر كۈلمەڭلار، مېنىڭ دەۋاتقىنىمنىڭ ھەممىسى ھەقلىق يوسۇندىكى گەپلەر...

— ھەقلىق گەپلەر دەمسەن؟ ۋاي سارائەي، سەن مېڭەڭنى يارغۇزۇپ، ئىچىدىكى كىرلارنى تازىلاتساڭ بولغۇدەك!

ئاغىنىلىرىم بىرى ‹تۇۋا› دەپ، بىرى ياقىسىنى سىقىمداپ تارقىلىشقىلى تۇردى. ‹كېتىشسەڭ كېتىش!› دېدىم ئىچىمدە. شۇ كەمگىچە بۇ ئاڭسىز كالۋالارنى ئاغىنەم دەپ يۈرگىنىمگە ئۆزۈمگىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. مەن ئۇلار ئارىسىدىن باياتىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئابدۇرۇپنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىۋالدىم.

— سەن جىق كىتاب ئوقۇغان، تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، ئاۋۇ نادانلارغا قارىغاندا ئەقلىي-ئىقتىدارىڭمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق، ھېچ بولمىغاندا مەن شۇنداق قارايمەن. ئەمدى گېپىمنى قىلسام، باياتىن بولغان پاراڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىڭ، ماڭا ھەقىقىي ئەقلىڭ بىلەن جاۋاب بەر، سېنىڭچە نىكاھتىن ئاجرىشىش مەدەنىيەت ئەمەسمۇ؟— دېدىم.

— خۇددى ھەممە ئادەم نىكاھتىن ئاجرىشىۋاتقاندەك نېمىشقا شۇ بىر گەپكىلا ئېسىلىۋالىسەن؟— دېدى ئابدۇرۇپ.

— سەنمۇ چاغلىقكەنسەن!— دېدىم ئۇنىڭغا،— كۆرمەيۋاتامسەن، كىشىلەر باي بولسىمۇ، نامراتلاشسىمۇ، ئەمەلى ئۆسسىمۇ، ئەمەلىدىن چۈشسىمۇ، نام-شۆھرەت قازانسىمۇ، يامان ئاتىقى چىقسىمۇ ھەتتا، چۈشى بۇزۇلسىمۇ، بىر-بىرى بىلەن گەپ تەگىشىپ قالسىمۇ ئاجرىشىۋاتىدۇ. ئەمما مېنىڭ خوتۇنۇمنى قويۇپ بەرمەكچى بولغىنىم ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى مەن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

— قېرىغاندا مۇنداق گەپ قىلساڭ سەت تۇرىدىكەن...

— نېمىسى سەت تۇرىدىكەن؟— ئابدۇرۇپنىڭ گېپىنى بۆلدۈم مەن،— بۇنداق گەپلەر ياشلارغىلا يارىشىدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟ مېنىڭچە بۇ قارىشىڭ ئانچە توغرا ئەمەس، ياشلار مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي ئالدىراپ توي قىلىدۇ، بىر-بىرى بىلەن ئېپى كېلىشمىگەندىكىن، ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا نىكاھى بۇزۇلىدۇ.

— ئىشقىلىپ، خوتۇنى، بويىغا يەتكەن بالىۋاقىسى بارلىكى ئەركەككە بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېيىش ياراشمايدۇ،— ئابدۇرۇپ يەنە ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى،— خوتۇنىنى زار قاقشىتىش، بالىلارنى يېتىم قىلىپ، كۆزىدىن قان-ياش ئاقتۇرۇشنىڭ ھامان سورىقى بولىدۇ.

— قۇرۇق گەپ! ئەگەر راست شۇنداق بولسا نېمىشقا ئۈچ بۇرجەك مۇھەببەتنى كەشىپ قىلىدۇ خەق؟ تېخى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى مودا بىلىدىغانلارغا نېمە دەيسەن؟

— ئۇ بىر توپ ئالجىغانلارنىڭ ئىشى، تۇتۇرۇقسىز مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى، ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىدىغان داشقال، چىرىندى!

ئابدۇرۇپنىڭ گېپى جۇدۇنۇمنى ئۆرلەتتى، كەچ بولغانچە ھاۋا سوۋۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئەتىگەندىن بېرى بەدىنىمگە سىڭگەن ئىسسىق مېڭەمگە ئۆرلەپ، مېڭەمنىڭ قېتىقىنى سۈيۈلدۈرۈۋەتكەندەك بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئەسەبلىرىممۇ جايىدىن قوزغىلىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ۋارقىراپ-جارقىراپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم،

بۇنىڭدىكى بىردىنبىر ئامال گەپ قىلماسلىق ئىدى. ئابدۇرۇپ ئاغزىمنىڭ جىمغىنىدىن ماڭا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— قانداق، گېپىمگە قايىل بولدۇڭمۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ كۈلۈپ.

— ئىنسانلارنىڭ ھالاك قىلدۇ دېگەن گېپىڭنى ئويلاۋاتىمەن، بۇ زادى نېمە دېگىنىڭ؟

— قولۇمنى قويۇپ بەر، ئاندىن گېپىڭگە جاۋاب بېرەي،— دېدى ئابدۇرۇپ. دېمىسىمۇ مەن تېخىچە ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ كېلىۋاتاتتىم. ئەتراپىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بىزگە قارىشىۋاتقانىكەن، مەن سەزمەپتىمەن.

— تارىختىن بۇيان نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى،— دېدى ئابدۇرۇپ گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ— پەقەت ئادەملەرلا ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ ياشاپ كەلمەكتە. بۇ يەردىكى ئىقتىدار ئادەملەرنىڭ ماسلىشىش، ئۆزگەرتىش، تەرەققىي قىلىشىدىن باشقا يەنە ئۆزىنى قۇربان قىلىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇش مۇساپىسىدە ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدا جېدەل-ماجىرا بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە ئاق تاغ، كۆك تاغ بولۇپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ، ئەمما مەن ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىدا بىر-بىرىگە ھېچقانداق مۇھەببەت قالمىغانلارنىڭمۇ بىر ئۆيدە ياشاپ ئۆتكىنىنى ئاڭلىغانمەن. ئۇلار ئورتاق بىر مەقسەتتە ئۆزىدىن ھالقىپ، بارلىقىنى، مۇھەببىتىنى نەسل قالدۇرۇش ۋە پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن قۇربان قىلىدۇ. ئويلاپ باق، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئاشۇنداق قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى ساقلاپ قالمىغان ۋە بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمىگەن بولسا، سەن بىلەن مەن بۈگۈنكى جاھاندا مەۋجۇت بولارمىدۇق؟

ئابدۇرۇپ گېپىنى تۈگىتىپ، خۇددى جاۋاب بېرىش تەس يەردىن قىستىغاندەك ماڭا تىكىلدى.

— ۋاي كىتاب سارىڭى!— دېدىم ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ،— سەن شۇنچە ئوقۇغىنىڭ بىلەن ھەتتا مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن! مەن نىگارەگە كۆيۈپ قالدىم دەۋاتسام، نەدىكى پەلسەپەتىش گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، ئاشۇ كۆيۈك ساڭا يېپىشسا، سەن خوتۇنۇڭ بىلەن ئاجراشماي قالامتىڭ.

— ئۇ سېنىڭ كۆيگىنىڭ ئەمەس، كۆڭلۈڭنىڭ ساراڭلىقى!

— ئىشىڭنى قىل! مەن نىگارەگە چىن كۆڭلۈمدىن كۆيگەنمەن، شۇڭا بۇ ساپ مۇھەببەت ھېسابلىنىدۇ!

— بىلەمسەن ئەخمەق!— ئابدۇرۇپ ۋارقىرىدى،— كۆيۈپ قېلىش ئۇ مۇھەببەت ئەمەس. مۇھەببەت بىر-بىرىنى چۈشىنىش، ئىززەت-ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ئاساسىدا تىكلىنىدىغان ئابىدىدۇر. سەن بۇلارنى بىر ياققا تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. قەيەرلەردە قېرىغان بولغىيدىڭ، كۆڭلۈك پەس ھەۋەسلىك ئادەم بولۇپ قاپسەن!

ئابدۇرۇپ بىرمۇنچە پەلسەپە سۆزلەپ، مېنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىمنىمۇ قارىماي ئىلدام-ئىلدام مېڭىپ كەتتى. بۇ چاغدا قۇياشمۇ يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرتۈپ، تاغ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. مەن بىر ئابدۇرۇپقا، بىر قۇياشقا قارىغىنىمچە كوچا ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدىم.

بۇ كېچىسى ئايسىز قاراڭغۇ بولدى، ئۆمرۈمدە بۇنداق ئاي چىقمايدىغان كېچىنى قانچە-قانچە قېتىم كۆرگەندىمەن؟ ئەمما بۈگۈنلا شۇنى ھېس قىلىپ قالدىمكى، بۇنداق ئايسىز كېچىدە تالاي كىشىلەرنىڭ ئىچى سىقىلىدىغاندۇ! مەن ئۇنىڭ ئەكسىچە تاڭ ئاتقۇزدۇم. مېنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىمدا يەنە بىر ئاي پارلاپ، يۇلتۇزلارنى چاقنىتاتتى. ئۇ ئاي نىگارە ئىدى. مەن تاڭغىچە ئۇنى سېغىنىپ چىقتىم. ئەتىسى خوتۇنۇمغا ئاجرىشىشنى ئېنىقلا ئېيتتىم. ئۇ باشتا ھاڭ-تاڭ بولدى، ئارقىدىن يىغلىدى، كېيىن ياقامغا ئېسىلىپ، يۈز ۋە بوينۇمنى تاتىلاپ قىيما-چىيما قىلدى. مەن ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى كۈتكەنىدىم، شۇنداق بولغاندا ئاجرىشىشقا باھانە چىقاتتى. بىر بىنادىكى قولۇم-قوشنىلار «ھاي بولدى قىلىڭلار!» دەپ كىرگەندە، ئۇلارغا ھال ئېيتىپ يۈز-بويۇنلىرىمنى كۆرسەتتىم. «مېنى دائىم مۇشۇنداق ھازازۇللۇق قىلىپ قىينايدۇ، كۆزى يۇمۇلۇپ، ئاغزى ئېچىلسا، بولدى، مەن ئۈچۈن قىيامەتنىڭ باشلانغىنى شۇ!» دېدىم. خوتۇنۇم قايىل بولماي قايىندى. «مانا كۆردۈڭلارمۇ، مانا شۇنداق» دېدىم يەنە. لېكىن ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار بولدى، قولۇم-قوشنىلار مېنى زاڭلىق قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ چىقىپ كەتتى. مەن بىر ئەركەكنىڭ بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنىڭ كۈلكىگە قالىدىغانلىقىغا ھەيران ئىدىم.

كېيىن يۇرتىكى تۇغقانلار ئارىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كېلىشتى ۋە مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قويماي، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ كەل دەپ يۇرتقا ئېلىپ كېتىشتى. ئۇ يەردە كۆڭلۈمنى ئېچىش ئۈچۈن تۈرلۈك بەزمىلەرنى قۇراتتى. نىگارەسىز ماڭا ئۇ يەردە نېمە خۇشاللىق؟! ئاخىر بىر كۈنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قېچىپ كەلدىم. بىراق بۇ يەردە ئىشلارنىڭ ئاستىن-

uyghurkitap.com



ئۇستۈن بولۇپ كېتىشنى كىم ئويلىغان؟ نىگارە ياتلىق بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ «ئاھ» دېدىم ۋە كىيىملىرىمنى يىرتىپ يىغلىدىم. كېيىن مېنى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇشتى.

دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن نىگارەنى ئۇنتۇغان بولساممۇ، كونا خۇيۇم ئۇتۇشالمىغانىدى، كوچا دوقمۇشىغا چىقىۋېلىپ باشقا قىزلارغا قارايدىغان بولۇۋالغانىدىم، خوتۇنۇم سېزىپ قالدىمۇ، مېنى يەنە ئالداپ ـ سالداپ شەھەردىن خوتۇنۇمنىڭ تۇغقانلىرى بار سەھراغا ئېلىپ كەتتى.

— ھەر ئىككىمىز ھاۋا ئالماشتۇرۇپ كېلەيلى، — دېدى ئۇ. ئەمما نى ـ نى ساھىبجاماللار شەھەردە قېلىۋاتسا، سەھرادا نېمە بار دەيتتىم. لېكىن ئويۇمنىڭ ئەكسىچە بولدى، بۇ قېتىم يامان چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدۇم. ئادەم شۇنداق بولغاندا ھەممە نەرسە يېڭى بولۇپ تۇيۇلىدىكەن. ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك، سەھرادا جەننەتنىڭ ھۆزۈرىنى سۈردۈم. سۇپسۇزۇك ئېقىنلىرى، دەل ـ دەرەخلىرى، گۈل ـ گىياھلىرى، تاغ ـ ئېدىرلىرى ئاجايىپ يارقىن كۆرۈندى، ساپ ھاۋاسى، پۇرقىراپ تۇرغان تۇپلىرى شىپا قىلدى. مەي بولۇپ پىشقان مېۋىلەرنى شاخلىرىدىن ئۈزۈپ يېدىم، شۇنچىلىك شېرىن تېتىدى، ھاياجانغا چۆمدۇم. ھاياجىنىمنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋېدىم، «يازغۇچىدەك ئادەمكەنسىز» دېدى. خەق شۇنداق تەرىپلەۋاتسا، ئىلھاملانماي تۇراتتىممۇ؟ شۇڭا بۇ ھېكايىنى يېزىپ چىقتىم.»

## 3

ھاشىر بەگنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ بولۇپ، خىيالغا چۆمدۇم، «بۇ ھاشىر بەگ ھامىتنى يازدىم دەپ ئۆزىنى يازدىمۇ نېمە؟» دېگەن ئوي شۇئانلا كاللامغا كەلدى. چۈنكى ھاشىر بەگ بۇ ھېكايىسىدا ئۆزىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىشلىرىنىمۇ ئەينەن قىلىپ يېزىۋەتكەنىدى. مەن ھاشىر بەگ بىلەن ھامىت دېگەن ئادەمنى بىر يەرگە جەم قىلىپ كۆردۈم، ئويلىغىنىمدەك، ھېكايىدىكى «ھامىت» ھاشىر بەگ بىلەن رېئاللىقتىكى ھامىتنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولۇپ چىقتى، بۇنىڭدىن ھاشىر بەگنىڭمۇ قىزلارغا ھەۋەس قىلىدىغانلىقى نەتىجىلەنگەنىدى.

«توۋا، بۇ ھاشىر بەگ قاچاندىن بۇيان قىزلارغا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ھەيران بولدۇم. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئۇچراشقاندا: «بۇلۇڭمىڭلاردا قىزلارمۇ باردۇ؟» دەپ سورىغىنى يادىمغا يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرىدىن ئۇ ئادەمنى خېلى ئەدەپلىككەن دەپ ئويلىغانىدىم.

ئەتىسى ھاۋا يەنە ئىسسىقلىق تۇردى، كېچىچە دۇملەگىلىك تۇرغان ئىشخانامغا تونۇرغا كىرگەندەك كىردىم. پۇت ـ قوللىرىم بوشىشىپ، كوچىدىكى گۈل ـ گىياھلاردەك سولىشىپلا قالغانىدىم. قانمىغان ئۇيقۇمۇ قىينايتتى، كۆزلىرىم پۇرلىشاتتى.

مەن ئۇستىلىم ئۈستىدىكى ماتېرىياللارنى خۇشياقا ـ خۇشياقماسلا بىر ياققا سۈردۈم، شۇ چاغدا ھاشىر بەگنىڭ ئارگىنالى يەنە قولۇمغا چىقىپ قالدى. ئۇ ئادەمگە جاۋاب بېرىشىم كېرەك ئىدى، بىر تەرەپتە ماھبەدەر تۈنۈگۈن ئېلىپ كىرگەن قول يازما تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — ھاشىر بەگ قولۇم تېخى ئىشقا بارماي تۇرۇپلا ئىشخانامدا پەيدا بولدى. شۇ تاپتا گەپ خۇشياقمىسىمۇ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆزۈمنى گەپكە زورلاپ، ئۇ ئادەمنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدىم.

— قانداقراق، ھېكايەم يارىدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا.

— مەن دەل شۇ ھېكايىڭىز ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتاتتىم، — دېدىم قىسقىلا قىلىپ. بۈگۈن بۇ ھاشىر بەگ ئۆزىنى باشقىچىلا تۈزەشتۈرۈپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۇچىغا كىيىۋالغان جىلتىكىسىغا ۋە گېلىنى بوغۇپ تاقىۋالغان گالستۇكىغا قارىغانچە ئىچىم سىقىلغىلى تۇردى. كۆپۈپ پىشقان سامسىدەك يۈزىدىن تەر قۇيۇلاتتى. شۇڭغا قارىماي ئۇ ئادەم تاماكا تۇتاشتۇرۇپ كۇچەپ شورىغىلى تۇردى.

— سىزنىڭچە، ھېكايەمنىڭ تازا بولىدىغان يېرى قەيەرىدىرەك ئىكەن؟ — سورىدى ھاشىر بەگ يەنە. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىگەچكە، دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي قالدىم.

— بۇ ھېكايەم ئاساسسىز يېزىلغان ئەمەس، — دېدى ھاشىر بەگ، — جەمئىيەتتە قىزىدەك قىزلارغا قاش ئېتىپ يۈرگەنلەر ئۆزىنى سورىۋالسۇن دېمەكچىمەن...

ھاشىر بەگنىڭ بۇ گېپى مېنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى، ئۇنىڭ گېپى بىلەن ئەمەلىيىتى ئوخشىمايراق قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا نېمە دېيىش كېرەك؟ ئاھ، مۇشۇنداق چاغدا ئادەمگە يەنە يول تېپىلىدىكەن، مەن زۇۋان سورەلمەي تۇرغان شۇ پەيتتە ئىشخانامغا كىرىپ كەلگەن ماھبەدەر مېنى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى.

— تۈنۈگۈنكى قول يازمىنى كۆرۈپ

چىقتىڭىزمۇ؟— سورىدى ماھىبەدەر كىرىپلا.

— كۆرۈپ چىقتىم، بىر قىسىم جايلىرىنى تۈزىتىپ قويدۇم، ياخشى ھېكايىكەن،— دېدىم مەن. بىز پاراڭلىشىۋاتقاندا ھاشىر بەگگى تاماكا تۇتاشتۇرۇپ شورىغىنىچە، بىر ماڭا، بىر ماھىبەدەرگە قارىدى ۋە كېيىن يەنە ماڭا بۇرۇلۇپ:

— بۇ قىز كىم بولىدۇ؟— دەپ سورىدى.

— بۆلۈمىمىزدىكى مۇھەررىر،— جاۋاب بەردىم مەن.

— مەن ئەجەب كۆرمەپتىكەنمەن-ھە؟

ھاشىر بەگگى شۇنداق دېگەچ، ماھىبەدەرگە كۆزلىرى پۈلتىيىپ چىقىپ كەتكۈدەك ئاچ كۆزلۈكتە قارىدى. قولىدىكى تاماكىسى تۈگەپ، پاختىسى كۆيگىلى تۇرغانىدى، سېسىق پۇراق دىمىقىمغا ئۇرۇلۇپ كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى.

— ھاشىركا، قولىڭىز كۆيىدىغان بولدى،— دېدىم مەن ئەسكەرتىپ.

— ئوھوي، بۇ قىزغا قارايمەن دەپ... تازىمۇ بىر ئىش بولدى-دە!

ھاشىر بەگگى بىر ئاز ئەپسىزلەندى. ئەمما ئۇ خۇددى خۇمارى چىقماي قالغاندەك قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ماھىبەدەردىن نېرى ئەمەس ئىدى.

ماھىبەدەر ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرىدىن خاپا بولدىمۇ، ئىشقىلىپ سەل ئۆڭگەندەك بولدى. ئۇ بۈگۈن بۇدۇر قىلدۇرغان چاچلىرىنى مۇرىسىگىچە قويۇۋەتكەن بولۇپ، كالتە يەڭلىك كوپتا ۋە قىسقاراق يوپكا كىيىۋالغانىدى. ئېگىز پاشنىلىق توپلىيى ئۇنى زىلۋا بوي قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇ ھاشىر بەگگىگە قاراپمۇ قويماي:

— قول يازمىنى بەرسىڭىز، مەن چىقىپ ئىشىمنى قىلاي،— دېدى.

مەن ماھىبەدەرنىڭ بۇ يەردىن ئىتتىكرەك چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھاشىر بەگگى پىلتىڭلاپ تۇرغان بىلىقنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك بىرخىل رەۋىشتە قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈردى.

— ھېكايەمنى مۇشۇ قىز بىر كۆرۈپ چىقسا بوپتىكەن،— دېدى ئۇ ماھىبەدەر ئىشخانامدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن يەنە،— مۇشۇ ئارقىلىق تونۇشۇپ قالساق، كېيىنكى ھېكايەمگە بۇ قىزنىمۇ كىرگۈزۈپ قويسام،— دەپ قوشۇپ قويدى.

مەن ھاشىر بەگگىنىڭ بۇ تېتىقسىز گېپىگە خاپا بولدۇم، ئەمما ئۇ مېنىڭ خاپا بولغىنىمغا قاراپمۇ قويماي، ئىسمىنى يېزىۋالاي دېدى-دە، كاستۇمىغا قىستۇرۇۋالغان قەلىمىنىڭ بىرىنى ئالدى.

— قىزىرىشىمۇ، ئۆڭۈشىمۇ، تاقىلداپ مېڭىشىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن، ھەممىدىن ئاۋازى نېمىدېگەن ساز، ھېكايىدە ئاۋازىنى ئەينەن چىقارغىلى بولسا-ھە؟— دېدى ئۇ تاڭلىيىنى چاكىلدىتىپ. ئۇ تېخىچىلا ئىشىك تەرەپكە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— ھاشىركا،— دېدىم مەن،— ئۆزۈمنى بېسىۋىراق، گەپنى بۇراپ،— ھېكايىڭىزدە ھېلىقى ھامت دېگەن ئاغىنىڭىزنى يېزىپسىز؟ لېكىن ھامت دېگەن ئۇ ئادەم ئۆزىڭىز ئەمەستۇرسىز-ھە؟

— قانداق دەيسىز؟— دېدى ھاشىر بەگگى بىرئاز تەئەججۈپتە.

— ماڭا سەل شۇنداق تۇيۇلدى، لېكىن مۇتلەق ئەمەس.

ئۇ مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمنى ئويلىمىغان چېغى، سەل ھودۇقتى ۋە شۇئانلا يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— سىزنىڭچە مەن ئاشۇ ئاشىققا ئوخشامدىكەنمەن؟— دېدى ئاندىن.

— مۇتلەق ئەمەس دېدىمغۇ، شۇڭا ئانچىمۇ ئوخشاتمىدىم، بىراق ھېكايە ئىچىدىكى بەزى مەزمۇنلار ماڭا سۆزلەپ بەرگەن كەچۈرمىشلىرىڭىزگە ئەينەن ئوخشاپ قاپتۇ؟

— شۇنداقمىكەن؟ غاچچىدە ئۆزگەرتىۋەتسىڭىز بوپتىكەن!

— بۇنى قانداق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، ئۆزگەرتىۋەتسەك ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسى بۇزۇلىدۇ.

— راست، بۇ چاتاق بوپتۇ.


ھاشىر بەگگى يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە قاتتىق-قاتتىق بىرنەچچىنى شورىغاندىن كېيىن:

— ھېكايەم سىزدە تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن بىر-ئىككى كۈن تازا ئويلىنىۋالاي، ئاندىن كەچتە ئۆيىڭىزگە باراي، ئىككىمىز جىمجىت ئولتۇرۇپ قايتا ئۆزگەرتىپ چىقايلى،— دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن «ياﺋاللا، يەنە بۇدۇشقاقلىقى تۇتتىغۇ بۇ بەگگىنىڭ!» دېگەن ئوي بىلەن تاپىنىمدىن كىرگەن مۇزدەك بىر ئېقىم مېڭەمدىن چىققاندەك بولدۇم. ئۇنىڭ ئۆيۈمگە بېرىشىدىن قورقمايتتىم، ئەمما يېرىم كېچىگىچە ھەممىمىزنى بىسەرەمجان قىلغانىنى ئاز دەپ، ئۆيۈمنى ئىسقا تولدۇرۇشتىن بىزار ئىدىم. ئايالىم خېلىدىن بېرى «ھېلىقى ھاشىر بەگگىدىن خويمۇ قۇتۇلدۇق» دەپ يۈرگەنىدى، ئەمدى بۇ ئادەمنى كۆرسە نېمە دەر؟

**مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

www.uyghurkitap.com



# چۈش، خىيال، رېئاللىق ئارىسىدىكى سەرسانچىلىق ۋە قايتا قۇرۇش

(«40 ياشلىق ئايال» نى ئانالىزلاپ)

نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

سۇبيېكتنىڭ ئۆزىنى پارچىلاشقا قىزىقىشى ئۇنى بەلگىلىگەن. يەنى ئۇنىڭدىنمۇ ئاۋۋال، ئەۋۋەل ئورۇندا تۇرىدىغان يەنە بىر ئوبيېكت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئوبيېكت مەلۇم بىر ئەزەلىي ئورۇندا، رېئال دۇنيا بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىدىغان يەردە ئۆز-ئۆزىنى ۋەيران قىلىدۇ.

—ياك لاكان①

كىشى ئۆز رېئاللىقىدا تۇرۇپ قايمۇققان، ئويغاق تۇرۇپمۇ چۈش ياكى راستلىقنى بىلەلمىگەن چاغلاردا ئۆتمۈش ئاسانلا مۇشۇنداق بۇگۇنگە ئايلىنىپ قالامدىغاندۇ؟...

—«40 ياشلىق ئايال»دىن

## ئەسەر ۋە باھا

لەيلى كىم؟

لەيلىخان كىم؟ كىم ئۇچۇن كىم؟

ئۇ نېمە ئۇچۇن ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق بوغۇلىدۇ، ئىچى سىقىلىدۇ، تىتىلدايدۇ ۋە ئۆز رېئاللىقىدا تۇرۇپمۇ قايمۇقىدۇ. ئۇنىڭ جان تالىشىۋاتقان تۇيغۇلىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشىغا سەۋەب بولغان ۋە ھەممە-ھەممە تۇقچىلىقلىرىنى دەم تارتىپ، يۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەك روھىي قاغجىرىشىدىكى مەۋھۇم بىر ئاچلىق زادى نەدىن كەلگەن؟ ئۇنىڭ زىددىيەتكە پاتقان چىگىچ خىياللىرىدىكى سەرسانچىلىق نېمىدىن دېرەك؟ ئۇ ئەتىكى تاڭنىڭ تۇنجى نەپەسلىرىدىن باشلاپ كۈتۈۋېلىشقا تەرەددۇتلەنگەن «يېپيېڭى ئۆز» زادى قانداق ئاساس، ھىمات ئاساسىغا قۇرۇلغان؟ ئۇنىڭ «مەن»لىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغۇچى ئامىل زادى نېمە؟...

«40 ياشلىق ئايال»نىڭ زىددىيەتلىك قەلبىنى چۇقچىلىساق، بىر تالاي سوئاللار قايىنىمىغا غەرق

بولىمىز. لەيلىخان ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالىدا ماموۇق تۆشكىگە يانپاشلىغان بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئوقۇرمەن ئۇنداق ئاسان ئوقۇرمەنلىكتىن چېكىنىپ چىقالمايدۇ. چۈش، خىيال، رېئاللىق ئايرىغۇسىز دەرىجىدە يۇغۇرۇۋېتىلگەن پسىخىكىلىق رېئاللىق ئالدىدا ئەمدى زىددىيەتكە پاتىدىغىنى ئوقۇرمەندۇر. ئەسەر بىزگە رېئاللىقنىڭ، ھەتتا چۈش، خىيالنىڭمۇ شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ بەردى. بىز ئەمدى مانا شۇ گاراڭلىقتا تېكىست، ئوبراز ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇرمىز. ئەسەر يازغۇچىنىڭ قەلىمىدە يېزىلىشتىن توختىدى، ئەمما ئۇ ئېستېتىك پائالىيەتتە مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ. ئوقۇش — قايتا ئىجاد قىلىش، يېڭىدىن كىرىشىشتۇر. ستۇئارت خول (Stuart Hall) مەنىنىڭ ئىپادىلىنىش جەريانىنى كودلاش ۋە ئۇنى يېشىش ئەندىزىسى ئارقىلىق شەرھلىگەن، شۇنداقلا ئۇچۇر تارقاتقۇچى ئۇچۇرغا سىغدۇرغان مەنە بىلەن ئۇچۇر قوبۇللىغۇچى قوبۇل قىلىدىغان مەنە ئارىسىدىكى ئۆزگىرىش جەريانىنى بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، تېخنىكىلىق ئاساسلار نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلغانىدى.② بىر پارچە ئەسەر يېزىلىپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ ئاپتورنىڭ مەنىلىشىدىن، كودلىشىدىن توختىغان بولىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭدىكى سىر-شىفىرلار قايتىمىنى يېشىپ، تەلقىن قىلىدىغىنى ئوقۇرمەندۇر. ئەسەرنى قانداق ئېستېتىك ھەزىمدە يېشىش ۋە ئوقۇش ئوقۇرمەننىڭ ھەققىدۇر. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئوقۇرمەنلىك قايتىدىن مەنىلەش جەريانىدۇر. كۆزەتكۈچى ۋە ئۇنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى، كۆزىتىشتىكى ئۇسۇل، مەقسىتى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئېھتىياجىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئەسەردىكى مەنە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئاپتور كۆزلىگەن مەقسەتتىن ھالقىپ كېتىشى، ئاپتورنىڭ كۈتكىنىدىن تامامەن يات بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغا ئامال يوق. بىز مانا مۇشۇ ئامالسىزلىقتا ئەسەرگە قايتىپ كىرىشكە، ئۇنى يېشىشكە مەجبۇرمىز.

## ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغۇچى

«40 ياشلىق ئايال»دىكى ئېستېتىك قىممەت ۋە «مەن»نىڭ پسىخىكىلىق زىددىيىتى دەل «كۆزىتىش» مۇناسىۋىتىدىن شاخلانغان ھەم شۇنى ئوق قىلىپ راۋاجلانغان بولغاچقا، بىز مۇھاكىمىمىزنى ئاساسەن كۆرۈش، تىكىلىش، كۆزىتىشنى يادرو قىلىپ داۋاملاشتۇرىمىز.

ئەسەردە بىز ئوخشىمىغان نەچچە خىل قىياپەتتىكى لەيلىنى ئۇچرىتىمىز. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئەڭ باشتا پەيدا بولىدىغىنى چۈشتىكى لەيلىدۇر. ئەمما ئەسەردىكى ئوبرازلار پائالىيىتىنىڭ ئىزچىللىق نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، چۈشتىكى لەيلى بىلەن رېئاللىقتىكى لەيلى ئارىسىدا ناھايىتى زور ئورتاقلىق مەۋجۇت. مەيلى چۈشتىكى لەيلى بولسۇن ياكى رېئاللىقتىكى لەيلى بولسۇن، ئۇ توختاۋسىز رەۋىشتە پەيدا بولىدىغان ئىككى خىل (ھېچبولمىغاندا ھازىرچە مۇشۇنداق دەپ تۇرايلى) «مەن»نىڭ سوقۇلۇشىدا زاھىرلىنىدۇ ۋە پەرقلىق ئىككى خىل «مەن»نىڭ بىر-بىرىگە روبىرو تىكىلىشىدە يەنە بىر لەيلىنى مەيدانغا چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئويلىنىشقا كىرىشىدۇ. دېمەك ئىككى «مەن» ئۇچراشقان دەقىقىنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىككى لەيلىگە تىكىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەرئىككىسى ھەققىدە سوت ئېچىپ ھۆكۈم چىقارغۇچى، قۇتراتقۇچى خاراكتېرىدىكى يەنە بىر كۆزەتكۈچى «مەن» پەيدا بولىدۇ-دە، بۇ يەردىكى كۆزىتىش-كۆزىتىلىش مۇناسىۋىتى مۇرەككەپلىشىدۇ. بىز ئەسەردىن باشتىن-ئاخىر كۈچلۈك كۆزىتىش، تىكىلىش، قادىلىش نەزىرىنى ھېس قىلىمىز. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئەسەردىكى مەن — لەيلى ئەڭ ئالدى بىلەن كۆزەتكۈچىلىك، شۇنداقلا كۆزىتىلگۈچىلىك سالاھىيىتى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

ئەسەر باشلىنىشى بىلەنلا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا «لىفتسىز بىنانىڭ 15-قەۋىتىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابنى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشكىچە ئېغىر تىنىقلىرى قۇلىقىغا كۆھىقاپنىڭ شامىلىدەك ئاڭلىنىپ تۇرغان» لەيلى — «مەن» پەيدا بولىدۇ. ئەگەردە بىز ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى چۈش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىنىمىزدا، بۇ يەردە دەماللىققا پەقەت لەيلىدىن ئىبارەت بىرلا «مەن» مەۋجۇتتەك تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. ئەمما ئۇ نەچچە قەدەم مېڭىپ قوش قاناتلىق سىيرىلما ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە چۆچۈپ توختاپ قالىدۇ. «چۈنكى، ئەينەكتىكى مەن ئۆزۈم ئەمەس...» خوش، ئۇ كىم؟ مانا مۇشۇ يەردە ئەسەردىكى يەنە بىر مەن ئاشكارىلىنىدۇ. لەيلى ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىنى

كۆرۈپ نىمىشقا ئۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ، مەۋجۇت رېئاللىقتىن، ھەقىقىي رېئال كىملىكىدىن قاچىدۇ؟ بىز بۇ يەردە نىمىشقا يەنە بىر مەن پەيدا بولدى ۋە لەيلىنى ئۆزىنى ئىنكار قىلدى، رېئاللىقتىن قاچتى دەيمىز؟ ئۇ نىمىشقا قاچىدۇ؟ نەگە قاچىدۇ؟

بۇ — بىزنىڭ مۇھاكىمىمىزدىكى ئەڭ نېگىزلىك سوئال، شۇنداقلا «40 ياشلىق ئايال»نىڭ ھەقىقىي بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان يادرو. ئەمما بىز بۇنى ئاددىي كۆز، ئاددىي تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشىمىز تەس. بۇ ئەسەر «مەن»نىڭ زىددىيەتلىك پسىخىكىسىغا ناھايىتى ياخشى چوڭقۇرلىيالىغان ۋە ئۆزگىچە كۆرسەل ئۇنۇم③ ھاسىل قىلالىغان. بىز ئۇنى كۇلتۇرەل تەتقىقاتتا④ كەڭ قوللىنىلىۋاتقان كۆزىتىش ئۇسۇللىرى بىلەن روھىي ئانالىز ئىلمى ئارقىلىق كۆرسەل كۇلتۇر تەتقىقاتىغا يېقىنچە كۆزىتىش نۇقتىسى ئېچىپ بەرگەن شەخس — لاكاننىڭ «ئەكسەل سىما باسقۇچ» (镜像阶段) نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن چىقىپ شەرھلىگىنىمىزدە ۋە بۇ جەرياندىكى ئانالىزغا كۆرۈش - كۆرۈلۈش مۇناسىۋەت ئەندىزىسىنى تەتبىقلىغىنىمىزدا، مۇھاكىمىمىزنى قايىل قىلارلىق چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئېستېتىك قىممەتنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرەلىشىمىز مۇمكىن.

«ئەكسەل سىما باسقۇچى» — فىرانسىيەلىك داڭلىق روھىي ئانالىز تەتقىقاتچىسى لاكان ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم نەزەرىيە بولۇپ، ئىنساندىكى ئۆزلۈك، سۇبىيېكتىپ ئاڭ، ئارزۇ - ئىستەكنىڭ يېتىلىشىنى ئېچىپ بېرىشتە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئادەمنىڭ بوۋاقلىق مەزگىلىدە، يەنى ئاساسەن ئالتە ئايلىقتىن 18 ئايغىچە بولغان مەزگىلدە كۆرۈلىدىغان ئالاھىدە بىر جەريانغا دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرغان. ئۇنىڭچە ئاتا - ئانىسىغا تايىنىشتىن تەلتۆكۈس ئايرىلمىغان، پۇت - قولىنى راۋرۇس ئىشلىتەلمەيدىغان بوۋاق كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئەينەكتىكى (باشقا نەرسە بولۇشىمۇ مۇمكىن) ئۆزىنىڭ مۇكەممەل، بىجىرىم، شوخ ھالىتىنى كۆرىدۇ ۋە قاتتىق ھەيران قالىدۇ. ئەينەكتىكى بىجىرىم، مۇكەممەل ھالەت ئۇنى زوقلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بالىلىق ئېڭىغا تەسىر قىلىدۇ. بۇ، بالىنىڭ پسىخىكىسىنىڭ يېتىلىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچتۇر. بالا ئەينەكتە كۆرگەن ئەنە شۇ سىما، ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەينەكتىكى «مەن» بالىنىڭ قەلبىدىكى ئۆزلۈكىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. بالا «ھە، مەن مانا مۇشۇنداق ئىكەنمەن» دېگەن ئويغا كېلىدۇ. ئەينەكنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىگە روبىرو تىكىلىپ تۇرغان ئىككى «مەن» ئاڭدا بىر ئۆزلۈك ئىماگى — ئەكسەل سىمانى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەكسەل سىما باسقۇچىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ بولۇشىلا يېتەرلىك ئەمەس. بوۋاقنىڭ قەلبىدىكى ئۆزلۈكىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن چوقۇم ئۈچىنچى بىر شەخس — «ئۆزگە» (他者)نىڭ نەزىرى، ئېتىراپى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشى بولۇشى كېرەك. يەنى، ئەكسەل سىما باسقۇچى سۇبىيېكت (رېئال بوۋاق)، ئەكسەل بوۋاق، شۇنداقلا ئەينەكتىكى ئەكسىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇرغان بوۋاقنىڭ مەمنۇنلۇقىنى كۆلۈمسىرەپ تەستىقلايدىغان («ھەئە، سەن دەل ئەنە شۇ») يەنە بىر نەزەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بوۋاق ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى سىماسىنى ئۈچىنچى بىراۋنىڭ نەزىرى ئارقىلىق تەستىقلايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ سۇبىيېكتى، «ئۆزلۈك»ى تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىدۇ.⑤

لاكاننىڭ قارىشىچە سۇبىيېكت مانا مۇشۇنداق بىلىنىشسىز ھالەتتە، قۇپقۇرۇق بىر كۆلەڭگە، مەۋھۇم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بوۋاقنىڭ ئېڭىدا ئەڭ دەسلەپ زاھىرلانغان بۇ ئەكسەل سىما، مۇنداقچە ئېيتقاندا سۇبىيېكت تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن، ئۆزىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت بىلەن بولغان تايىنىشچان، باغلىنىشچان مۇناسىۋىتىنى ئاڭقىرغۇدەك سەۋىيەدە بولمىغاچقا، بىر تەرەپتىن ئۇ ئۆزلۈكنى باشقىلارنىڭ نەزىرى، ئېتىراپى ئارقىلىق قۇرۇپ چىقسا (ئۇ ئۆزىدىكى ئارزۇ، ھەۋەسلەرنى بېسىشقا باشلايدۇ)، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ سىرتقى تايانچلارنىڭ ھىمايىسىزمۇ مۇكەممەل، بىجىرىم، كەم - كۈتىسىز تۇرغان «ئۆزلۈك»نى «ھەقىقىي مەن» سۈپىتىدە تونۇيدۇ ۋە ئۆزۈكسىز رەۋىشتە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ. بۇ باسقۇچ ئىنسان چوڭىيىپ ماڭغانسېرى باشقىچە شەكىلدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ... ئادەم شۇ تەرىقىدە ئۆزىنىڭ ئېڭىدىكى ئاشۇ مەۋھۇم، مۇكەممەل سۇبىيېكتىنى، ئۆزگىلەرنىڭ نەزىرىنىڭ بىرىكمىسىدىن پۈتكەن ئەكسەل سىما — «مەن»نى قوغلىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئۆزىدىكى

ھەقىقىي، چىن ئارزۇ-ئىستەكلەرنى بېسىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ، باشقىلارنىڭ قوبۇل قىلىشى، ئېتىراپىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ھەرقانچە قوغلاشسىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. چۈنكى «ئەكسەل مەن» تەبىئەت، جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسىز ھالدىكى مۇكەممەللىك، گۈزەللىك، بېجىرىملىك، كامىللىقتۇر. رېئاللىقتىكى مەن بولسا ھارىدۇ، ئاچىدۇ، ئازابلىنىدۇ، كېسەل بولىدۇ، سىرتقى تەسىرلەر زەربىسىدىن يىقىلىدۇ، مەغلۇپ بولىدۇ. ئەمما ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قۇرۇپ چىقىلغان بۇ ئىدېئال مەن بولسا ھارماسلىقى، توختاپ قالماسلىقى، مەغلۇپ بولماسلىقى، ھەرقاچان باشقىلارنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى...

لاكان سۇبيېكتقا بولغان بۇ خىل شەرھىسى ئارقىلىق «ئۆز ئەمەلىيەتتە ئۆزگەدۇر» دەيدۇ.⑥ ئەلۋەتتە، فۇكوۋ روھىي ئانالىزنىڭ سۇبيېكتنى بۇ خىل شەرھلىشىنى قوبۇل قىلسىمۇ، لېكىن سۇبيېكتنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆپرەك ئېيتىم ۋە ھوقۇق مۇناسىۋىتىگە باغلايدۇ. ئۇ «سۇبيېكت ئېيتىم ئىچىدە مەيدانغا كېلىدۇ»، «بىر خىل ھوقۇق فورمىسى ئىچىدە ئاندىن ئادەم سۇبيېكتقا ئايلىنىدۇ»⑦ دەيدۇ ۋە ئادەمنىڭ مەدەنىيلىك قوغلىشىش جەريانىدا ئۆزى قۇرۇپ چىققان غايەت زور تۇزۇم، تەرتىپ، ئىنتىزام، ئەخلاق، كونترول سىستېمىسى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ تاشقى دۇنيادىكى ئېيتىم سىستېمىسىنىڭ كونتروللىغا چۈشۈپ قېلىش جەريانىنى «ئادەمنىڭ ئۆلۈشى» ياكى «سۇبيېكتنىڭ ئۆلۈشى» مەنىسىدە ئىزاھلايدۇ. ئەمما مەيلى قانداق بولسۇن، ھەر ئىككىسى سۇبيېكتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدىكى سىرتقى نەزەرنىڭ ئېتىراپى ۋە بەلگىلەمچىل رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە بىردەكلىككە ئىگە. بۇ جەريان ئەمەلىيەتتە بىر سىمۋوللۇق دۇنيانى تەلەپ قىلاتتى ۋە رېئاللىقتىكى مەن ئۆزى بىلىپ-بىلمەي ئوبيېكتقا، كۆزىتىلگۈچىگە، باھا بېرىلگۈچى، ئۆزگەرتىلگۈچى، قايتىدىن قۇرۇلغۇچى، ھەتتا جازالانغۇچىغا ئايلىنىپ قالاتتى. سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكت ئارىسىدىكى بۇنداق ئاڭلىق، ئاڭسىز ئالمىشىش تۈپەيلى ئىنسان كۆپىنچە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئۆزلۈكىنى ھېس قىلالماي، تاپالماي پۈتمەس-تۈگىمەس سەرسانچىلىق بالاسىدا قالاتتى... ئەمما يەنە ئۆز نۆۋىتىدە رېئاللىقتىكى مەن ھەر بىر قەدەمدە سەگەكلىك بىلەن ئۆز ھەرىكىتىنى كۆزەتكەندە ئۇنىڭ نەزىرى بىۋاستە ھالدا «ئەكسەل مەن» ياكى ئەنە شۇ تەسەۋۋۇردىكى مەندىن ئۆلچەم ئالىدۇ-دە، ئۇنىڭ خىلمۇ خىل بولار-بولماس قىلىق-ھەرىكەتلىرىنى تەھقىقلەپ ئىزىغا سالىدۇ، قايتا قۇرىدۇ، دەڭسەيدۇ، چەكلەيدۇ، يېڭى نىشان بېكىتىدۇ (بۇ جەريانغا فۇكوۋ ھەممىدىن بەك دىققىتىنى ئاغدۇرغان سۇبيېكتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ھوقۇق، بىلىم، ئېيتىم مۇناسىۋىتى يوشۇرۇنغان)... شۇ مەنىدىن ئالغاندا، كېيىنكى ئارزۇ-ئىستەك، ئىنتىلىش، خۇشاللىق، غايە قاتارلىقلار ئۈچۈن قوزغاتقۇچ بولىدىغان بۇنداق ئېنېرگىيە ئىنتايىن مۇھىم ئىدى ۋە ئىنساننىڭ كېيىنكى يېتىلىش مەزگىللىرىدە توختاۋسىز تولۇقلىنىپ باراتتى...

خوش، بىز ئەمدى لەيلىگە، لەيلىخانغا قايتىپ كېلەيلى. ئۇ نېمىشقا شۇنچە ھارغىن، روھسىز بىر قىياپەتتە قوش قاناتلىق سىيرىلما ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە ئەينەكتىكى ئەكسىدىن چۆچۈپ كېتىدۇ ۋە «بۇ مەن. ئەمەس» دەپ ئىنكار قىلغىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ. ئەمىسە ئۇ كىم؟ «مەن»لىك ئۆلچەم زادى نېمە؟ ئۇنى كىم تۇرغۇزدى؟ ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي «مەن» نەدە؟ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ رېئال ئەكسىنى ئىنكار قىلىپ قېچىشىنىڭ كەينىدە قانداق مۇناسىۋەت تورى مەۋجۇت؟

پوۋېستنى سۇبيېكت، «ئەكسەل سىما» ۋە ياكى «تەسەۋۋۇردىكى مەن»دىن ئىبارەت ئۆزلۈك ئۇقۇمىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ياردىغان بولساق، بىزنىڭ ئالدىمىزدا بىر ئەمەس، بىر قانچە لەيلى، بىر قانچە «مەن»لەر توپى پەيدا بولىدۇ. سۇبيېكت، ئوبيېكتلار ۋە ئۆزگە نەزەرلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ قاينامدا بىز لەيلىنىڭ پىسخىكىلىق زىددىيىتىنى ئانالىزلاپ چىقالايمىز.

بىز لاكاننىڭ «ئەكسەل سىما» قارىشىنى «40 ياشلىق ئايال»غا تەتبىقلىغىنىمىزدا، پوۋېستتا باشتىن-ئاخىر مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، ئەمما ھېس قىلىش، بايقاش ئىنتايىن قىيىن بىر «غايىۋى لەيلى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز. ماھىيەتتە «مەن» ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىشتىن ئاۋۋال، يەنى «مەن»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەيدانغا چىققان دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ مەۋجۇت ئىدى. «مەن» لىفتسىز بىنادىن چۈشۈپلا سىنىپ ـ سىنىپلاردىن چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئۇچرايدۇ. «بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل مۇقەددەم مەن كۆرۈپ قارىچۇقلىرىمغا سىڭىپ كەتكەن بۇ چىرايلار ھېلىھەم شۇ پېتى ــ مۇسكۇللىرى شۇنداق چىڭ، ئەتلىرى سۈت ئالمىسىدەك سۇتۇن، چولپاندەك نۇرانە چاقناپ تۇراتتى...» بىز ئەگەردە بۇنى «مەن»نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆزىتىشى دېسەك خاتالاشقان بولىمىز. بۇ بىر ئەستۇر ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىگە، نامەلۇم ئۆتمۈشكە قايتىشتۇر. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقىنى قانداقتۇر ھازىر كۆرۈۋاتقان چىراي ئەمەس، بەلكى 20 نەچچە يىل ئاۋۋالقى تونۇش، كۆز ئېچىغا سىڭىپ كەتكەن ئۆزگەرمەس چىرايدۇر. بىز تارىخ نۇقتىسىدىن ئويلاشقىنىمىزدا، ۋاقىت ئۆتىدۇ، كېتىدۇ، تەكرارلانمايدۇ. ئەمما 20 نەچچە يىل ئاۋۋالقى چىراي بۇ يەردە نېمىشقا يەنە شۇ پېتى، ئۆزگەرمەستىن زاھىر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىيەتتە رېئال چىراي، يەنى ئەمەت ياكى سەمەت دېگەندەك كونكرېت شەخس ئەمەس، بەلكى «مەن»نىڭ ئېچىدىكى سىمۋوللۇق ئىماگ ــ ئوبرازدۇر. «مەن»نىڭ كۆرۈۋاتقىنى، نەزىرىنى ئاغدۇرۇۋاتقىنى بۈگۈن ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈش؛ ئۇنىڭ ۋاراقلاۋاتقىنى رېئاللىق ئەمەس، ئەست ـ خاتىرە؛ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىرلىنىۋاتقان چىڭ مۇسكۇل، سۇتۇن ئەت، چولپان چىراي باشقىلارنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ، يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنى 20 نەچچە يىل ئاۋۋالقى «ئۆز»ىدۇر! ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇنتۇلماس «ئۆزلۈك»ىنى ئەتراپىدىكىلەردىن ئىزدەۋاتاتتى.

ئۇنى ئۆزىنى ئىزدەۋاتىدىمۇ دەيلى، ئەمىسە نېمىشقا ئۇ ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرۇپ بۇنى ئىنكار قىلىدۇ، يەنى ئۇنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، بەلكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان «چىڭ مۇسكۇل، سۇتۇن ئەت، چولپان چىراي»نى كۆرۈشنى تاللايدۇ؟ بىز مەلۇم بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتقان چاغدا ئەلۋەتتە يەنە بەزىلىرىنى كۆرمەيمىز ياكى كۆرۈشنى خالىمايمىز ياكى كۆرسەكمۇ ئۇنى كۆرمەسكە سالىمىز ۋەياكى ئۇنتۇپ كېتىمىز. كۆرۈش بىر خىل تاللاش جەريانىدۇر. «بىزنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئۇسۇلىمىز بىز بىلىدىغان ياكى بىز ئېتىقاد قىلىدىغان نەرسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.»⑧

بىز ھەممە نەرسىنى كۆرمەيمىز ياكى كۆزەتمەيمىز، بەلكى بىزگە لازىم نەرسىنىلا كۆزىتىمىز. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى «ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا، تازنىڭ كۆزى چاچتا» دېگەن ھېكمەت ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان. بىز بۇ نۇقتىدىن «مەن» ئېھتىياجلىق نەرسىنى ئانا شۇ مۇكەممەل بەدەندە دەپ تۇرۇپ، نەزىرىمىزنى ئەسەرنىڭ كېيىنكى سەھىپىلىرىگە ئاغدۇرغىنىمىزدا بۇ نۇقتا تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. قارىماققا ئۇ 40 ياشتىن، 40 ياشقا تولۇپ يوقىلىۋاتقان نازاكىتى، سولاشقان تېنىدىن قورقىدىغاندەك؛ 20 نەچچە يىل ئاۋۋالقى تولغان، جۇشقۇن، نۇرانە شۇ قىياپىتىنى سېغىنىدىغاندەك؛ ئۇنىڭ بارلىق قېيداش، باتىناش، بوغۇلۇش، سىقىلىشلىرى گويا ئېرىنىڭ «40 ياش قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا ئۇرىدىغان تىكتاك توپ» دېگەن گېپىگە بولغان ئاچچىقتىن شاخلانغاندەك كۆرۈنىدۇ. راست شۇنداقمۇ؟ ناۋادا بىز ئەسەرنى پەقەت مۇشۇ نەزەردە كۆزىتىپ، «مەن»نىڭ كونترول قىلغۇسىز پىسخىكىلىق قالايمىقانچىلىقىنى جىسمانىي ئاررۇدىن ئىبارەت ئاددىي سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت كاتېگورىيەسىگە باغلاپ قويىدىغان بولساق، مېنىڭچە بۇ ئەسەردىكى پىسخىكىلىق پارچىلىنىش ۋە كۆرسەللىكنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. ئەمىسە گەپ نەدە؟

بىز ئولتۇرسا ـ قوپسا 20 نەچچە يىل ئاۋۋالقى گۈزەل، نۇرانە، جۇشقۇن، مۇكەممەل بىر ئوبرازنى ئېسىدىن چىقارمايدىغان، ئەنە شۇ «ئاق لەيلىدەك ئاپپاق، قىزىل لەيلىدەك قىپقىزىل» ئوبرازنى بىر خىل غايىۋى ئۆلچەم، ھەقىقىي كىملىك ۋە چىن «مەن»لىك مەنىسىدە تونۇپ كەلگەن لەيلىنىڭ ئېچىدا ناھايىتى كۈچلۈك ھۆكۈمران ئورۇندىكى بىر «ئەكسەل لەيلى» باشتىن ـ ئاخىر مەۋجۇت دېيەلەيمىز. ئۇ مەڭگۈ ئۆچمەس سۈرەت، يۇيۇلماس خاتىرە، نۇرانە ئەست بولۇش سۈپىتى بىلەن رېئاللىقتىكى لەيلىنى شادلاندۇرۇپ، تەلپۈندۈرۈپ تۇرىدۇ. ۋاھالەنكى، رېئاللىقتىكى لەيلى بارغانسېرى قېرىپ، سولىشىپ، ھالسىراپ، تالجىقىپ بېرىۋاتاتتى، «ئەكسەل لەيلى»دىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھەممىدىن يامىنى، ئۇنىڭ

سۇبيېكتىنى، كىملىك چۈشەنچىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئۈچىنچى بىر نەزەر ئۇنى ئېتىراپ قىلىش ئورنىغا، ئۇنى كەمسىتىۋاتاتتى، مەسخىرە قىلىۋاتاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ كۆڭلىنى توق قىلىپ كەلگەن، «ئۆزگە»نىڭ ئېتىراپى ئاساسىغا قۇرۇلغان «ئۆزلۈك» يىمىرىپ تاشلانغانىدى. شۇڭا رېئاللىقتىكى ئۇ سىقىلاتتى، بوغۇلاتتى، دىمىقاتتى، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق (ئۇ سەۋەبىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى لاكاننىڭ تەبىرى بويىچە بولغاندا، سۇبيېكت پەقەت ئەنە شۇ بىلىشسىز دۇنيادىلا مەۋجۇتلۇققا چىقىدۇ) ئىچى پۇشاتتى، مەۋھۇم بىر ئاچلىق ئىچىدە قاغجىرايتتى... يېڭى بىر نەرسىگە — «سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئىچىدە مۇھەببەتلىك بىر دۇنيا»غا قاراپ ئاقاتتى. قىسقىسى ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشى كېرەك ئىدى...

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بىز ئەسەرنىڭ پۈتكۈل بايان ئەندىزىسىنى تولۇق قاپساپ تۇرغان «ئەكسەل مەن» مەۋجۇت دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. رېئاللىقتىكى لەيلى ھارغان، بوغۇلغان، تالجىققان جىسمىنى ئەنە شۇ مۇكەممەل ئوبرازغا ئاڭسىز ھالەتتە سىڭدۈرىدۇ ۋە يوشۇرۇن ئېڭىدا ئىزچىل مەۋجۇت ئۇ غايىۋى كىملىكتىن يىراقلىغانسېرى شۇنچە سىقىلىپ، تۈگىمەس روھىي سەرسانچىلىق تۇيغۇسىدا قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئىزتىراپ دەل «مەن»دىكى بىر خىل ئويغىنىشنىڭ بېشارىتى، ئۆزىنى قايتىدىن دەڭسەش، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بەشىرىسىگە قايتىدىن تىكىلىپ قاراشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. شۇ تۇپەيلى جىمجىت سۇبيېكت پارە-پارە بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ ئۆزىنى قايتىدىن تەشكىللەشكە، قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ھەر ماڭدامدا ئۆزىنىڭ چۈلچۇل بولغان ۋۇجۇدىغا مىختەك قادىلىپ تىكىلەتتى ۋە ئارقا-ئارقىدىن بىر قاتار «مەن»لەرنى مەيدانغا چىقىرىپ، تېخىمۇ ئېغىر تىنىما-تالاڭچىلىق ئىچىدە قالغانىدى.

بىز ئەمدى ئەسەرنىڭ باشلانمىسىغا قايتىدىن قارايدىغان بولساق، بۇ يەردىكى «مەن» ۋە كۆرۈش-كۆرۈلۈش مۇناسىۋىتىنىڭ بىز ئويلىغاندىن كۆپ مۇرەككەپ ۋە چىگىش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

«لىفتسىز بىنانىڭ 15-قەۋىتىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابنى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشكىچە ئېغىر تىنىقلىرىم قولىقىمغا كۈھقاپنىڭ شامىلىدەك ئاڭلىنىپ تۇردى.»

خوش، «مەن» (ھازىرچە شۇنداق دەپ تۇرايلى) بۇ يەردە ئارقا-ئارقىدىن «لىفتسىز بىنا، قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاب، ئېغىر تىنىق، كۈھقاپنىڭ شامىلى» دېگەندەك بىر قاتار ئېغىرلىق، ھارغىنلىقنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ؟ بۇ جۈملە نېمىشقا باشقىچە تۈزۈلمەي، زادى مۇشۇنداق تەشكىللىنىدۇ؟ ئەگەردە بۇنى «مەن» يازمىدى، بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان يەنە بىر بايانچى مەۋجۇت دېيىلسە، بايانچى نېمىشقا كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئاشۇ ئېغىرلىق، قاتتىقلىق، ھارغىنلىققىلا قارىتىدۇ؟ 15 قەۋەتلىك بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ بولغۇچە، ئېنىقكى «مەن» يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، ئويلايدۇ. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بايانغا ئەكىرمەي، مەقسەتلىك يۇقىرىقى كۆرۈنۈشنى ئايان قىلىشتىكى بايان ئىستراتېگىيەسى زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئەگەردە، ياق، بۇ «مەن»نىڭمۇ، بايانچىنىڭمۇ ئىشى ئەمەس، ئاپتورنىڭ — ئالتۇنگۇل رەجەپنىڭ قىلمىشى دېيىلسە، ئاپتورنىڭ نەزىرى نېمىشقا باشقا تەپسىلاتقا ئەمەس، مانا مۇشۇ جەريانغا مەركەزلىشىدۇ؟ بۇ يېزىق ئويۇنىمۇ، مەقسەتسىز باشلاشمۇ ياكى بۇنىڭ كەينىدە رول ئويناۋاتقان ئاللىقانداق تاللاش، ئىلغاش، ئىپادە سىستېمىسى مەۋجۇتمۇ؟

ئەگەردە بىز تىل بىلەن پىسخىكىنىڭ ئۆتۈشۈش مۇناسىۋىتىدىن چىقىپ ئانالىز قىلىدىغان بولساق، بۇ جۈملىدىن «مەن»دىكى ئېغىر روھىي بىئاراملىق، ھالسىزلىق، پەرىشانلىقنى سېزىش مۇمكىن. بىز بۇ خىل پەرىشانلىقنى پەيدا قىلغان «نېمىشقا»نى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، «‹مەن› نېمىگە ئاساسەن ئۆزىنى پەرىشان سېزىدۇ» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدىگىنىمىزدە، ئالدىمىزغا ئېنىقكى ئۆلچەم مەسىلىسى تاشلىنىدۇ. خوش، قانداق ھالەت پەرىشانلىق، غەمخانلىق سانىلىدۇ؟ بىز غەشلىكنى قانداق بىر ئۆلچەم

بويىچە ئايرىيمىز؟ ئەلۋەتتە ئىنساندىكى مەلۇم بىر ھالنى شادلىق، قايغۇ، ئازاب دەپ ئايرىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئۆلچەم، ئۆرنەك بولۇشى كېرەك. ئاشۇ ئۆلچەم، مودېل ئاساسىدا ئاندىن بىز مەلۇم ھالەتكە تون پىچىشىمىز مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن چىقىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، شەكسىزكى پەرىشان ھالەتنى مۇقىمداش ئۈچۈن ئۇنىڭ قارىمۇ قارشى ھالىتى بولمىش يەنە بىر كەيپىيات ــ شاد ـ خۇرام ھالەت بولۇشى ۋە ئەنە شۇ نەرسە بىزگە ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. يەنى، شادلىق بولغاندىلا قايغۇ مەۋجۇتتۇر. ئىككى خىل ھالەتنى ئۆزئارا ئايرىپ تۇرىدىغان پەرق بولمىسا مەنىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ مەنتىق بويىچە قىدىرغاندا، بىز لىفتتىن ھارغىن چۈشۈۋاتقان «مەن»نىڭ كەينىدە مەۋھۇم ھالەتتە قاراپ تۇرغۇچى شادىمان، جۇشقۇن، شوخ، قىرىماس، سولماس «ئەكسەل مەن»نى تارتىپ چىقالايمىز. رېئاللىقتىكى مەندە ئۆزىگە قارىتا بىر خىل ئاڭ، سۇبيېكت، چۈشەنچە بار دېيىلسە، بۇنداق «ئەكسەل مەن» چوقۇمكى مەۋجۇتتۇر. رېئاللىقتىكى مەن ئەنە شۇ «مەن»نى داۋاملىق ئىزدەيدۇ، يادلايدۇ، ئەنە شۇنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىدۇ ۋە شۇنىڭدەك مۇكەممەل ھالەتكە يېتىش، ئۇنى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىكىشىدۇ. مانا مۇشۇ مۇكەممەل ئۆلچەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلى رېئاللىقتىكى، پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان مەن ئۆزىنى شۇنچە ھارغىن، ئېغىر، ئەتراپىدىكى دۇنيانى شۇنچە يېقىمسىز ھېس قىلىدۇ. دېمەككى، ئەسىر باشلانغان دەقىقىدىلا ئىككى «مەن» ئەسەرگە تەڭ قەدەم بېسىپ كىرگەن. «ئەكسەل مەن» رېئاللىقتىكى مەنىنىڭ ئالدىدىن ئاشۇ مۇسكۇللىرى چىڭ، ئەتلىرى سۇتتۇن، چولپاندەك چاقناپ تۇرىدىغان تونۇش چىرايلار ئۆتكەندىلا ئاندىن ئۆزىنى غىل ـ پال ئاشكارىلايدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى باشقا چىرايلارنى يېپىنچا قىلىپ مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ ھال بىزگە «ئۆزلۈك ئۆزگىلەرنىڭ يېپىنچىسىدا ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئەسلىتىدۇ. ئۆزگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆز مەۋجۇت، «ئۇ» بولغاندىلا «مەن» مەۋجۇتتۇر. ئەسەردىكى «مەن»مۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى بىر خىل ئىماگ تەرىقىسىدە، ئۆزگىلەرنى نىقاب قىلىپ مەيدانغا چىقىدۇ.

بىز ئۇنى دەماللىققا كۆرەلمەيمىز. چۈنكى «كۆرۈش ــ ‹مەن›نى ئۇ ئارىدا كۆرۈنمەس مەۋجۇتلۇق شەكلىگە ئىگە قىلىدۇ.»⑨ ئۇ «مەن» ئەينەكتىكى ئۆزىگە قاراپ، «ئەينەكتىكى مەن ئەمەس» دېگىنىدە، ئاندىن مەۋھۇم ھالەتتىكى يەنە بىر «مەن» ئۆزىنى غىل ـ پال ئاشكارىلايدۇ. بىز لەيلىنى قوش قاناتلىق سىيرىلما ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ سانايدىغان بولساق، بۇ يەردە ئەڭ كەم بولغاندا چۈش كۆرۈۋاتقان مەن (رېئال)، چۈشتىكى مەن (ئەينەككە قاراپ تۇرغۇچى)، ئەكسەل مەن، ئەينەكتىكى مەندىن ئىبارەت تۆت «مەن» مەيدانغا چىقىدۇ ۋە ئۇلار ئارىسىدا ناھايىتى مۇرەككەپ كۆرۈش ـ كۆرۈلۈش مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ.

ئەمما بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئەكسەل سىما»نىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئوبيېكت، سۇبيېكت ۋە تەستىقلىغۇچى يان نەزەر، يەنى «ئۆزگە» تولۇق بولۇشى لازىم. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، «مەن» ئەينەككە قاراۋاتقاندا ئۇنىڭ «ئەكسەل سىما»سىنىمۇ بار دەپ قارىساق، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدا ھەقىقىي مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى بولمىش يەنە بىر نەزەرمۇ بۇ جەريانغا چوقۇم قېتىلىشى كېرەك. چۈنكى، «ئەكسەل سىما»نىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئۈچىنچى بىر نەزەر كەم بولسا ئەسلا بولمايدۇ، ئەنە شۇ «ئۆزگە ــ تۈپلۈك جەرياندۇر، مەيلى ئۆزلۈكنىڭ قۇرۇلۇشىدا بولسۇن، ياكى سۇبيېكت مەنىسىدىكى بىزنىڭ، كىملىكنىڭ قۇرۇلۇشىدا بولسۇن ئۇ ماھىيەتلىك رول ئوينايدۇ.»⑩ يەنە كېلىپ «ئەكسەل سىما» ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگۈچى ئۈچىنچى بىر نەزەرنى ھامان مەۋجۇت، ئۆزگە قاراپ، نەزەر سېلىپ تۇرىدۇ، دەپ بىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئەينەكنىڭ ئالدىدىكى «مەن»لەر تۈپەيلىنىڭ قېشىغا تەستىقلىغۇچى بۇ نەزەرنىمۇ قاتامدۇق ـ يوق، بۇمۇ ناھايىتى رېئال مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا بۇ تەستىقلىغۇچى نەزەر ــ «تۇرسۇن» ناھايىتى گەۋدىلىك ھالەتتە مەيدانغا چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز ئەسەرگە ئوبيېكتىپ، رېئال ھالەتتە قاتناشقان تۇرسۇننى بىر قېتىملا كۆرىمىز. يەنى چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغان لەيلى چۈشىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن (كۆرۈش تەس ئەمەسكى، ئۇ

ھەر بىر ئىشىدا بۇ ئۈچىنچى نەزەرنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ.) تېلېفون قىلغاندا ئۇ غىل-پاللا بايانغا ئارىلىشىدۇ، قالغان چاغلاردا ئۇ ئاساسەن سىرتتا مەۋھۇم ھالەتتە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. ئەمما بىز لەيلىنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتىدىن قارايدىغان بولساق، ئۇ ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە ھۆكۈمران نەزەر سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. لەيلى ھەربىر تىنىقىدا تەسەۋۋۇرىدىكى مۇكەممەل «مەنلىك»نى ئويلايدۇ ۋە ئۇنى بارغانسېرى قېرىپ كېتىۋاتقان قاقشال جىسمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئىزتىراپلىق تېپىرلايدۇ. ئەمما تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەربىر ئاھسىنىشى «تۇرسۇن»دىن ئىبارەت بۇ يات، ئۆزگە نەزەرنى مەركەز قىلىدۇ. ئۇ غەزەپ، ئاچچىق، ئۆچمەنلىك، گۇمان، كۇنداشلىق، شۇنداقلا خۇيلىنىش، باتناش، يالۋۇرۇش، سېغىنىش، ئەركىلەش تەرىقىسىدىكى ھەربىر قارىشىدا تۇرسۇننىڭ ئىنكاسى ئارقىلىق ئۆزىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشنى ئىستەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئەينەكنىڭ ئالدىدىكى «مەن»لەر تولۇپىغا تۇرسۇننىڭ نەزىرىنىمۇ قاتماي بولمايدۇ.

ئەگەردە بىز ئەسەردىكى باشقا ئوبرازلارنى ۋاقىتىنچە نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، لەيلىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئوبرازنىلا كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىق نەچچە خىل كۆزەتكۈچى-كۆزىتىلگۈچى سالاھىيىتىدە مەيدانغا چىقىپ «لەيلى»نى توختاۋسىز پارچىلايدۇ ۋە قايتىدىن قۇراشتۇرىدۇ. بۇ «مەن»لەرنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە «ئۆز»نىگە تىكىلىپ تۇرغۇچىلاردۇر.

ئەگەردە بىز ئەڭ باشتىكى پەلەمپەيدىن ھارغىن چۈشۈۋاتقان «مەن»نى ئۆزىنى كۆزىتىۋاتىدۇ دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ جەريان سۇبيېكتىنىڭ ئۆزىنى ئوبيېكتلاش جەريانىدۇر. ئەلۋەتتە، بىز بۇ جەريانغا يوشۇرۇن ھالەتتە ئارىلاشقۇچى «ئەكسەل مەن»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى باشتا تىلغا ئالدۇق. ھارغىن لەيلى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرقىدىن 20 نەچچە يىل ئاۋالقى ئۇنتۇلماس بىر سىمانى—ئۆزىنىڭ مودېلىنى كۆردى، كۆزەتتى. ئەمما ئىككى قەدەم ئۆتۈپلا سىيرىلما ئىشىكنىڭ ئەينىكىدىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ جېنىنى سىرقىرىتىدىغان كۆزىتىش-كۆزىتىلىش مۇناسىۋىتىدىكى باراۋەرسىزلىك، تەڭسىزلىك ئاپئاشكارا سىياقتا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەينەككە تىكىلىپ تۇرغان لەيلى بىلەن ئەينەكتە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان لەيلى بىرمۇ؟ ئەينەكتىكى ئەكسگە تىكىلىپ تۇرۇۋاتقان لەيلى بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان تەسەۋۋۇرىدىكى مۇكەممەل لەيلى ئوخشاشمۇ؟ ئەينەكتىكى ئەكسگە تىكىلىپ تۇرغان لەيلى بىلەن بۇ چۈشنى كۆرۈۋاتقان، ئۆزى كونترول قىلالمايدىغان يوشۇرۇن ئاڭدا تېپىرلاپ ياتقان ئۇيقۇلۇق لەيلى ئوخشامدۇ؟ چۈشىدىن سىلكىنىپ ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ چۈشىدىكى ئەينەككە تىكىلىپ تۇرغان لەيلىنى كۆزەتكەن لەيلى بىلەن چۈشىدە ئەينەكتىكى ئەكسى بىلەن روبىرو تىكىلىشىپ تۇرغان لەيلىنى كۆرگەن لەيلىنى ئوخشاش بىر تۇيغۇدا دەڭسىيەلەمدۇق؟ چۈشتىكى لەيلى بىلەن بۇ ساراڭدەك غەلىتە چۈشنى دۆڭ مەھەللىدىكى خىزىر سۈپەت بوۋايغا سۆزلەپ بەرگۈچى لەيلى ۋە بۇ جەرياندىكى لەيلىلەرنى كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىۋاتقان بوۋاينىڭ كۆزىتىش نۇقتىسىدىكى لەيلى بىر گەپمۇ؟ شۇنداقلا تۇرسۇننىڭ خوتۇنى لەيلى بىلەن لەيلىنىڭ ئېرىگە ئايلانغان «تۇرسۇن سىياقىدىكى لەيلى» كۆزەتكەن لەيلىنىڭ نەزىرىدە قانداق ئوخشىماسلىق مەۋجۇت؟...

كۆرۈش—مۇرەككەپ جەريان. قارىماققا ئۇ ئاددىيدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىدە تەشكىللىنىدۇ. بېرنارد شاررات (Bernard Sharrat) ھازىرقى كۇلتۇرەل ھادىسىلەردە مەۋجۇت كۆرۈش شەكلىنى چوڭ جەھەتتىن تۆتكە ئايرىپ تەھلىل قىلىدۇ: قاراپ قويۇش (瞥视, glimpse)، تىكىلىپ قاراش (凝视, gaze)، كۆز يۈگۈرتۈش (扫视, scan)، كۆز تاشلاش (瞟, glance). بۇلارنىڭ ئىچىدە تىكىلىپ قاراش—بىر قەدەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆرۈش شەكلى بولۇپ، ئۇ ئېپادىلەش، نۇسخىلاش، تەسۋىردىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئورگانىك قۇرۇلمىدىن تۈزۈلىدۇ. ئېپادىلەش—كۆرۈش سىزىقىغا كىرگەن شەيئىنىڭ ھالقىلىق ياكى ئەڭ ۋەكىللىك شەكلى ئارقىلىق ئۇنى ئايان قىلىپ بېرىشنى؛ نۇسخىلاش—شۇ شەيئىنى بىر مۇكەممەل سىياقتا تامامەن قايتىدىن يارىتىشنى؛ تەسۋىر بولسا ئاشۇ ھەقىقىي

شەيئىنى كۆرگەن، كۆزەتكەن هامان كۆرگۈچىنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولىدىغان تەسىرات، تەسۋىر شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىنكىلىپ قاراش كۆزەتكۈچى كۆزىتىلگۈچى ھەققىدە ئەڭ چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل تەسىرات شەكىللەندۈرىدىغان ھالقىلىق جەريان ھېسابلىنىدۇ.[11]

بايقاش تەس ئەمەسكى، كۆزىتىش-كۆزىتىلىش مۇناسىۋىتى ئاددىي جەريان ئەمەس، بولۇپمۇ ئىنكىلىپ كۆزىتىش تېخىمۇ شۇنداق. «ئىنكىلىپ قاراش كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيادىكى سۇبيېكتنىڭ گەۋدىسىنىڭ دەل مەركىزىدە مەيدانغا چىقىدۇ. بۇنداق كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيادىكى ‹مەن›نى ئۇيان-بۇيان قىلىدىغىنى دەل سىرتقى قىسمىدىكى ئىنكىلىپ قاراشتۇر. دەل مۇشۇ ئىنكىلىپ قاراش ئارقىلىق ‹مەن› نۇرغا سىڭىپ كىرىدۇ، ‹مەن› قوبۇل قىلغان ھەقىقىي ھال ئىنكىلىپ قاراشتىن كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئىنكىلىپ قاراش ‹مەن›نى سۈرەتكە ئالدىغان بىر خىل ۋاسىتىدۇر... ‹مەن› كۆزەتمەيۋاتىدۇ، بەلكى كۆزىتىلىۋاتىدۇ، يەنى ئۇ ئاللىقاچان بىر سۈرەتكە، ماددىغا ئايلىنىپ كەتكەن.»[12] دېمەككى، ئەينەككە روبىرو ئىنكىلىپ تۇرغان «مەن» تۇساتتىن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتلىقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. نۇر كۆز قارىچۇقىغا چۈشۈپ ئەينەككە—«مەن» روبىرو ئىنكىلىۋاتقان شەيئىگە قايتىپ چۈشكەن ۋە ئۇنىڭ نىگاھىدىن يەنە قايتىپ ئۆزىگە چۈشكىنىدە، ئەسلىدە قارشى تەرەپنى كۆزەتمەكچى بولغان «مەن» بىردىنلا كۆزىتىلگۈچىگە، پاسسىپ ئورۇندىكى بىر ماددىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. قادىلىشنىڭ بىر ئۇچى نۇرغا، يەنە بىر ئۇچى زۇلمەتكە سوزۇلغان. بۇ مۇرەككەپ جەريان بىردىنلا كۆزەتكۈچى بىلەن كۆزىتىلگۈچىنى، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنى بىر-بىرىگە ئايلاندۇرۇپ، مۇرەككەپ ئىپادە سىستېمىسىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. لەيلى سىيرىلما ئىشكىنىڭ ئەينىكىگە ئىنكىلگەن مەھەلدە ئەسلىدە يوشۇرۇن ھالەتتىكى كۆزەتكۈچى-كۆزىتىلگۈچى مۇناسىۋىتى بىردىنلا قورقۇنچلۇق تۈستە ئايان بولىدۇ-دە، لەيلى «بۇ مەن ئەمەس» دېگىنىچە ئەلەم بىلەن كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ. سىيرىلما ئىشكىنىڭ ئالدىدا توختاپ قالغان لەيلىمۇ، پوۋېستىنىڭ 2-قىسمىدىكى ئۆيدە—ئىمپورت قىلىنغان ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە ئىنكىلىپ تۇرغۇچى لەيلىمۇ ئاكتىپ، ھۆكۈمران ھالەتتىكى كۆزەتكۈچى ئەمەس، بەلكى پاسسىپ چېكىنگۈچى، قورقۇنچاق قاچقۇنغا ئايلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆز رېئاللىقىدىن قاچىدۇ. ئەينەكتىكى ئەكسىنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقىدۇ. ئەكسىچە ئەينەكتىكى جانسىز كۆلەڭگە بىردىنلا غالىب ئورۇنغا چىقىپ، كۆزەتكۈچىلىك سالاھىيىتىدە «مەن»نىڭ بەشىرىسىنى مۇغەمبەرلەرچە كۆزىتىشكە باشلايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەسەردە ھەممىدىن غالىب ئورۇندىكى كۆزەتچى دەل «ئەكسەل مەن»نىڭ نەزىرىدۇر. ئۇ ھەم چىقىش نۇقتىسى، شۇنداقلا قايتىش نۇقتىسىدۇر. شۇڭا، لەيلىنىڭ كۆزى بىر تەرەپتە ئۇنىڭدىن، يەنە بىر تەرەپتە رېئاللىقتىكى ئۆزىدىن ئۆزۈلمەيدۇ-دە، سۇبيېكتىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە كېلىشتۈرۈپ بولغۇسىز زىددىيەتلىك كۆزىتىش-كۆزىتىلىش رامكىسى مەيدانغا چىقىدۇ...

ئەسەردە بۇ خىل ئۆزىگە تىنىمسىز ئىنكىلىپ تۇرۇۋاتقان «مەن»، زىددىيەتلىك ئۆزلۈك، پارچىلانغان ئەست ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن پىسخىكىلىق رېئاللىق ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ. لەيلى ئۆزىگە چۈشىدىمۇ، ئويغاقمۇ ئىنكىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ نەزەر تاشلىغانلىكى ھەربىر نەرسىدىن ئۆزىنىڭ ئىككى (ئەڭ كەم دېگەندە) خىل ھالىتى ئارىسىدىكى ھاڭدەك كېڭەيگەن قورقۇنچلۇق بوشلۇقنى كۆرىدۇ ۋە شۇنى تولدۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە تېپىرلايدۇ. ئۇ دەسلەپتە بۇ ئېچىرقاش، بۇرۇقتۇملۇق، سىقىلىشنى ئۆزىنىڭ تەن-جىسمىدىن ئىزدەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ نەزىرى ھەدېسە «ئاق لەيلىدەك ئاپپاق، قىزىل لەيلىدەك قىپقىزىل»، تولغان، جۇلالىق، ھەممىنىڭ دىققەت-نەزىرىنى تارتىپ، قايىللىق، ھەۋەسنى قوزغاپ تۇرىدىغان نازاكەتلىك تەن مودېلىنى ئارىلايدۇ. مانا مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پارچىلاشقا كىرىشىدۇ. ئېچىرقىغان ئىستەكنى قاندۇرىدىغان ئۆزلۈكنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن تاپالمىغانسېرى ئۇ ئەتراپىدىكى تاشقى رېئاللىقنى توختاۋسىز ئىچكىيلەشتۈرۈپ، تارىخ، ئەستىلىك، كەچمىشلەرنى قايتىدىن سىنتېزلاش ئارقىلىق قاغجىرىغان، تىرىپىرەن بولغان روھىيىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىدۇ ۋە ئۇنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقماقچى بولىدۇ. دۆڭ مەھەللىدىكى خىزىر

سۈپەت بوۋاينىڭ چۈش تەبىرى؛ چۈش، خىيال، رېئاللىق ئايرىغۇسىز بىر گەۋدىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، ماكان-زامان چېكى تەلتۆكۈس بۇزۇۋېتىلگەن پىسخىكىلىق رېئاللىقتىكى نائىنساب قىمارۋازنىڭ جاجىسىنى بېرىش؛ ئېرىگە ئايلىنىپ ئۆزىنى خوتۇن قىلىش؛ ئۆزىنىڭ هازازۇل، بىشەم، ساداقەتسىز، شەرمەندە خىياللىرىنى قايتىدىن تەھقىقلەش قاتارلىق جەريانلار ئارقىلىق «ئەكسەل ئۆزلۈك»تىكى بەختىيار «مەن»نى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تىكىلىپ قارىشىنى بىز ئوخشىمىغان «مەن»لەرنىڭ پارچىلىنىۋاتقان بىرلا ئۆزلۈككە تىكىلىشى دەپ چۈشەنسەك بىر قەدەر مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىر پۈتۈنلۈك، مۇكەممەللىك ئاللىقاچان يىمىرىلگەن، ئۇ بۇنى سېزىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى قايتىدىن قۇرۇشقا توغرا كېلەتتى...

گەپنى قىسقارتقاندا، مەيلى قايسى نۇقتىدىن تەھلىل قىلمايلى، لەيلى هەم كۆزەتكۈچى هەم كۆزىتىلگۈچىدۇر. ئۇ ئۆزىگە ئۇنسىز تىكىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ نەزىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىغان، ئۆزىنى ماددىغا، ئوبيېكتقا ئايلاندۇرىدىغان نەزەر. ئۇ باشتىن-ئاخىر سىرتقى دۇنياغا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تىكىلىپ تۇرىدۇ ۋە تاشقى رېئاللىقنى ئىچكىيلەشتۈرىدۇ. لەيلىنىڭ نەزىرى قانداقتۇر ئىچكى تۇيغۇلىرىنى سىرتقا باشلاپ چىقىدىغان ياكى تاشقى دۇنيانى، ئۆزىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۆزىتىدىغان نەزەر ئەمەس، بەلكى كۆزى چۈشكەنلىكى نەرسىنى قەلب دۇنياسىغا، خىيالىغا سۆرەپ ئەكىرىپ ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ قايتىدىن تەشكىللەيدىغان نەزەر. ئۇ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىچكى خىيال، تۇيغۇسى ۋە ئۈزۈلمەس گۇمانلىرى بىلەن مەۋجۇتتۇر.

## قېچىپ چىقىش ۋە قېچىپ كېتىش

قېچىپ چىقىش—مۇئەييەن تەۋەلىكتىن قېچىپ چىقىشقا، قۇتۇلۇشقا ئىشارە بولسا، قېچىپ كېتىش—مۇئەييەن بىر نىشان، مەنزىل، تەۋەلىك، مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى ئۈچۈن ئىنتىلىشكە بەلگە. بىرسى چىقىش كېلىشتە، يەنە بىرسى بولسا يۆنىلىش كېلىشتە. خوش، ئۇنداقتا نەدىن قاچىدۇ؟ نەگە قاچىدۇ؟ پوۋېستتا كىمنىڭ قېچىۋاتقىنى ئېنىق. ئەمما زادى نېمىشقا؟ ئۇنى شۇنچە بۇرۇقتۇرما، سەرسان قىلغان نەرسە زادى نېمە؟ ئېرىنىڭ هېلىقى «40 ياش پالاق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا ئۇرىدىغان تىكتاك توپ» دېگەن ئۇچۇرمۇ؟ ياكى بەدىنىنىڭ كۈنسېرى سولىشىپ، گۈزەللىك جۇلاسىدىن يىراقلاپ بېرىشىمۇ؟

پوۋېستتىكى قېچىش ئالاهىدە مەنىگە ئىگە. لەيلى ئەڭ دەسلەپتە ئۆزى خاتىرجەم ياشاۋاتقان يۇرتى، ئىللىق ئائىلىسىدىن، ئۆزىنىڭ تەسۋىرلىشى بويىچە ئېيتقاندا «كونا مۇهىت»تىن ئارامىلىق ئىزدەپ باشقا بىر يەرگە كېلىۋالغان هالەتتە مەيدانغا چىقىدۇ (گەرچە چۈش بولسىمۇ، ئۇ بىر خىل تەلپۈنۈشكە تىمسال يوشۇرۇن ئاڭنىڭ زاهىرلىنىشى مەنىسىدە يەنىلا دىققەتكە سازاۋەر). دېمەككى ئۇ «كونا مۇهىت»تىن ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ كونا مۇهىتقا—ئەسلىمىگە قاچىدۇ. ئەمما ئۇ يەردىمۇ سىقىلىپ دېڭىز بويىغا بارىدۇ. ناۋادا بىز ئىنسىدىن تۇغۇلۇپ دېڭىز دېگەننى ئۆز كۆزى بىلەن بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان لەيلىنىڭ رېئال ماكانىنى چۆل دەپ هۆكۈم قىلساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بۇنداق ئىنتىلىشى بىر خىل مۇهىت هالقىغان يېڭىچە ئىنتىلىشكە تىمسالدۇر. ۋاهالەنكى ئۇ دېڭىز بويىدىمۇ ئاجايىپ غەيرىي بىر هادىسىگە ئۇچراپ، جان، ئەخلاق، ئىپپەت، ئاياللىق، ئانىلىق ئارىسىدىكى هايات-ماماتلىق تاللاشتا قالىدۇ ۋە ئايرىغۇسىز چىگىچ تاللاشلارنىڭ ئارىسىدا «هېچنېمە ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەت ئانىلا ئىدىم» دېگىنىچە ئۆزىنىڭ نېگىزلىك بىر كىملىكىنى قۇرغان ئاساستا، بۇ بالا-قازادىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولىدۇ. ئەمما مەلۇم بولىدۇكى، بۇ بىر چۈش ئىدى. ئۇ رېئاللىققا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما رېئاللىقتا يولۇققان هەربىر ئىش ئۇنىڭ نېرۋىسىنى قالايمىقان قىلىدۇ، ئۇنى باش-ئاخىرىنى ئايرىغۇسىز گىچماچ خىياللارغا، غەيرىي ئويلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئەگەردە بىز پوۋېستنىڭ 1-قىسمى بىلەن 2-قىسمى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، 2-قىسمىدا، رېئاللىقتا لەيلىنى بىئارام قىلىدىغان زىددىيەت تېخىمۇ ئېغىردۇر هەم ئۇ قارىماققا 1-قىسمىدىكى، يەنى چۈشنىڭ رېئاللىقتا

داۋاملىشىشىدەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ رېئال دۇنياغا يۈزلىنىدۇ-يۇ، ئەمما ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكىگە چىدىيالمايدۇ. ئېيتقۇسىز بىر مەنىسىزلىك، قۇرغاقلىق، بۇرۇقتۇملۇق ئۇنىڭ ئېڭىغا بۆسۈپ كىرىدۇ. بوزەك قىلىنىۋاتقان موماي؛ رەزگى قىمارۋاز؛ ئىشەنچسىز ئەر؛ ئۆزىنى پاك دەپ تۇرسىمۇ ھارام خىياللىرىنى يىغالمايدىغان مەن؛ ياسداق، ئەمما قۇرغاق ھۇجرا؛ يىرىكلەشكەن ئەر-خوتۇنچىلىق؛ شەھۋەت ئوتلىرى ئارىسىدا قالغان كىشىلىك مۇناسىۋەت... قارىماققا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت لەيلىنىڭ ساراڭقىپتىش خىياللىرىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ماھىيەتتە بۇلار ئەۋج ئالغان ئىجتىمائىي بىنورماللىقنىڭ، روھىي قۇرغاقلىقنىڭ ئاڭدىكى ئىنكاسىدۇر. رېئاللىقتىكى رەھىمسىز ئايىنىش لەيلىنىڭ ئاڭ-خىياللىرىغا، ھەتتا چۈشىگىچە باستۇرۇپ كىرگۈدەك دەرىجىدە يامانلاشقان، بىنورماللاشقانىدى. چۈش رېئاللىقنىڭ داۋامىغا، رېئاللىق چۈشنىڭ ئاخىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن، ئىنسان ئۆزى ئىشەنگۈسىز بىر مەنىۋى يوقتىشنىڭ گىرداۋىدا ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ بېرىۋاتاتتى. سولاشقان، رەڭگىنى، جۇلاسىنى يوقاتقىنى يالغۇز تەن ئەمەس ئىدى.

لەيلىنىڭ بەدىنى بۇ يەردە پەقەت ۋە پەقەتلا بىر سىمۋوللۇق مەنىدىكى بەلگىدۇر. ئۇنىڭ يوقاتقىنى ياكى يوقىتىشتىن قورقۇپ سىقىلىپ پۇچۇلانغىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى يېتەكلەپ ماڭغۇچى مۇكەممەل ئۆزلۈك، سۇبيېكت، گۈزەل ئەسلىمە، ئەكسەل ئۆتمۈش ئىدى. خىرەلىشىۋاتقىنى ئەنە شۇ مودېل، ئەنە شۇ كىملىك ئىدى. مېرلو پونتىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بەدەن قانداقتۇر تاشتەك ھېسسىز ماددىي مەۋجۇتلۇق ئەمەس، بەلكى ئەتراپتىكى دۇنيا بىلەن چەمبەرچاس سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «روھىي مەۋجۇتلۇق» ئىدى.⑬ لەيلىنىڭ يوقاتقىنى دەل خىيالىدىكى ئەنە شۇ كامىل ئۆزلۈك، روھىي مەۋجۇتلۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ پۇچۇلىناتتى، تولغىناتتى، دىمىقاتتى.

بىز ئەسەردىن بۇنداق ئىچ-ئىچىدىن چۇۋۇلۇشنى يەتكۈچە ھېس قىلىمىز. لەيلى ئۆز خىيالىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ. ئۇ مەيلى چۈشىدە ياكى خىيالىدا ۋە ياكى رېئاللىقىدا بولسۇن، ھېچقانداق بىر ئويىنى ئاخىرىغىچە مۇكەممەل سۈرەلمەيدۇ. ئۇ بىر خىيالنى ئەمدى باشلاپ تۇرۇشىغا يەنە بىرسى ئىجازەتسىزلا بۆسۈپ كىرىدۇ. لەيلى توختاۋسىز باش سىلكىيدۇ، ئېسىگە كەلمەكچى، دىققىتىنى يىغماقچى بولىدۇ، ئەمما مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇنىڭ دىققىتى قاچىدۇ، ئېڭىغا ناھايىتى غەيرىي، غەلىتە قالايمىقان خىياللار توختاۋسىز باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئېڭىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئىستىبلا قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ باشتىن-ئاخىر بىر خىل پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇرغۇچى، بېسىپ كىرىلگۈچى، پارچىلانغۇچى، ئىستىبلا قىلىنغۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ياپون ئەسكىرى، گېرمان ناتسىستلىرى، ئېرى، ئىشەنگەن ئادىمى—زۆھرەنىڭ ئېرى، 70 ياشقا كىرىپ چىشى لاقاسلاپ قالغۇچە بىر قېتىم بولسىمۇ ئادەمسىز بىر يەرگە كېتىپ بىر مۇھەببەتلىشىپ باقسام دەيدىغان قىيپاچ بىنادىكى قارىمۇتۇق ئەبلەخمۇ... ھەممە-ھەممىسى ئۇنى دەسسەپ-چەيلىمەكچى، بوزەك قىلماقچى بولىدۇ ياكى ئىشەنچسىز چىقىدۇ؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئۇلارنى پەرەڭ باسقۇنچىلىرىغا ساتىدۇ... بۇلار رېئاللىقمۇ؟ ياق! چۈش، خىيال، ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا پىسخىكىلىق رېئاللىق. ئەمما رېئاللىق بىلەن پىسخىكىلىق رېئاللىقنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بارمۇ-يوق؟ ئۇ نېمىشقا بۇنداق بىنورمال پىسخىكىلىق ھالەتكە، ھەممە نېمىدىن گۇمانلىنىدىغان، خەۋپسىرەيدىغان، چۇچۇپلا تۇرىدىغان روھىي ساراسىمىچىلىككە چۈشۈپ قالىدۇ؟ ئۆزىگە بولغان ئەڭ ئەقەللىي ئىشەنچ تۇيغۇسىمۇ گۇمران بولىدۇ؟ ئۆز رېئاللىقىدا تۇرۇپمۇ قايمۇقىدۇ؟ ئويغاق تۇرۇپمۇ چۈش ياكى راستلىقىنى بىلەلمەيدۇ؟

بىز لەيلىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېغىر روھىي سوقۇلۇش، ئەنسىزلىك، پىسخىكىلىق ساراسىمە، يۈرەكئالدىلىقىنى سېزىمىز. تەن—رېئاللىقنىڭ سىمۋوللۇق كۆرگۈسىگە ئايلانغانىدى. لەيلىنىڭ چىگىچ، پاراكەندە، چۇۋالچاق، باش-ئاخىرىنى ئىلغا قىلىش مۇمكىن بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى نائېنىق خىياللىرى ئۇنىڭدىكى ئېغىر پىسخىكىلىق زىددىيەتنىڭ ئەكسى ئىدى. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئەسەردىكى ئەينەك، بەدەن ۋە ئۇنى كۆزىتىش جەريانى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈشتىكى

ئەينەك ئۇنىڭ چۈشىدىكى — يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئارزۇ-ئىستەكنىڭمۇ ئىشەنچسىز، قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىسا؛ رېئاللىقتىكى، يەنى سۇخانىدىكى ئىمپورت قىلىنغان ئەينەك ئۇنىڭ رېئال بەشىرىسىدىكى ئاجىزلىقنى، جاراھەتلىرىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. بۇنداق رېئاللىق ئالدىدا ئۇ قاچماي نېمە قىلسۇن؟ پارچىلانماي، پارە-پارە بولماي نېمە قىلسۇن؟ ئۆزىنى چۆلچۆل قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى قايتىدىن تەشكىللەش، قۇرۇش يولىغا ماڭماي نېمە قىلسۇن؟

بىز ئۇنى قاچىدۇ دېگەندە، ئۇنى مۇئەييەن ماكان تەۋەلىكىگە قويماي بولمايدۇ. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا دەماللىققا لەيلىنىڭ بۇنداق ئۈچ خىل ماكان تەۋەلىكى ئايان بولىدۇ: چۈش، خىيال، رېئاللىق. ئۇنداقتا، لەيلى بۇ ئۈچ ماكاننىڭ قايسىسىدا مەۋجۇت؟ نەدىن نەگە قېچىۋاتىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ مەنسۇبىيەت تۇرغۇسىنى نەدە قۇرماقچى؟

پوۋېستنى زېھىنلاپ قارىغان بولساق، بۇ ئۈچ ماكاننىڭ ھېچقايسىسىدا لەيلىنىڭ تۇراقلىق تۇرغۇسى يوق. ئۇ بۇ ئۈچ ماكان ئارىسىدا ئالاقزادىلىك ئىچىدە توختىماي قاترايدۇ. رېئاللىقنىڭ قورقۇنچلۇقىدا ئۇ چۈشكە كىرىۋالىدۇ. ئەمما چۈش تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە رېئاللىققا قېچىپ چىقىدۇ. ئەمما رېئاللىقتىكى ئىشەنچسىزلىك ئۇنى راست-يالغانلىقنى ئاڭقىرغىلى بولمىغۇدەك تۈگىمەس ئەبجەش خىياللار قاينىمىغا سۆرەپ كېتىدۇ. ئۇ خام خىيالدا كۆڭلىگە تەسكىن تاپقىلى بولىدىغان ئارامخۇدا پاناھگاھ تاپماقچى بولىدۇ. ئەمما خىيال دۇنياسىدىمۇ ئۆزىنىڭ سەرسانلىقىغا مەلھەم تاپالمايدۇ، خىيالدىكى جىمى نەرسىمۇ ئۇنى تىتما-تالاڭ قىلىپ تاشلايدۇ. ئۇ بىردىنلا توققۇزى تەل تۇرۇپ قاقسەنەم بوپكەتكەن گادايغا؛ روھى بار تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىگە بولالمايدىغان بايقۇشقا؛ ئۆيى بار تۇرۇپ مېھرىنى ھېس قىلالمايدىغان ماكانسىزغا؛ ئېرى بار تۇرۇپ ھەمقاملىق تاپالمايدىغان بىگانىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ مەيلى چۈش ياكى خىيال ۋە ياكى رېئاللىقتا بولسۇن، يەنە ئوخشىمىغان نۇرغۇن قېچىش قىسمىتىگە مۇپتىلا بولىدۇ...


ئۇخلاۋاتقان بالىسىنىڭ بېشىدا شام ياندۇرۇپ قويۇپ بالىسى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەنلىكى تۈپەيلى ئۆزىنى ئەيىبلەپ يا چۈشىدە يا ئوڭىدا ئاراملىق تاپالمىغان بىر دادىنىڭ پىسخىكىلىق زىددىيىتىنى فىرېيۇد: «رېئاللىق بەك قورقۇنچلۇق، شۇڭا ئۇ چۈشكە، يوشۇرۇن ئېڭىغا قېچىپ ئاراملىق تاپماقچى بولىدۇ» دەپ تەھلىل قىلسا، لاكان ئۇنىڭغا تۈپتىن قارىمۇ قارشى مەيداندىن چىقىپ «چۈشىدىكى رېئاللىق تېخىمۇ قورقۇنچلۇق، شۇڭا ئۇ چۈشىدىن رېئاللىققا قاچىدۇ» دەپ ئىزاھلىغانىدى. ئەگەردە بىز لەيلىنىڭ روھىي تېڭىرقىشى بىلەن ئۇ توختىماي كىرىپ چىقىۋاتقان ئۈچ ماكانىنى ئۆزئارا دەڭسەيدىغان بولساق، ئۈچىلى ماكان ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەممىسىدىن — چۈشىدىنمۇ، خىيالىدىنمۇ، رېئاللىقتىنمۇ قاچىدۇ. پۈتمەس-تۈگىمەس گۇمان، ئىشەنچسىزلىك ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتلىك دۇنيا»سىنى ئىزدەيدۇ. ئەمىسە ئۇنى نەدە قۇرىدۇ؟ راستىنى دېگەندە، ئۇنىڭ ئارامخۇدا تۇرغۇسى بۇ ئۈچ ماكاندا ئەمەس، يەنە بىر ئوتتۇپىك ماكاندا — «تۇرسۇن»نىڭ قەلبىدىدۇر! ئۇ ئەنە شۇ يەردە ئۆزىنىڭ تۇرغۇسىنى قايتىدىن قۇرماقچى، پارچىلانغان ئەست، ئۆزلۈكىنى قايتىدىن پۈتۈنلىمەكچى.

لەيلى ئىشەنچسىزلىك، گۇمان، بىنورماللىق قاپلىغان دۇنيادىن ئانىلىقنى ئېلىپ چىقىپ (باشقىلىرىنى ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەت ئانىلىقىنى) يېڭى بىر «مۇھەببەتلىك دۇنيا» — ئەرنىڭ ئىشەنچ، ئېتىراپى ۋە ئايالنىڭ ئىشەنچ-ئىتائىتى ئارقىلىق مۇقىم بىر تۇرغۇ قۇرۇپ چىقىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. ئىسمىنىڭ ئېتمولوگىيەسىدىن قارىغىنىمىزدا، لەيلى — لەيلەشكە، داۋالغۇشقا، تۇراقسىزلىققا ئىشارە. «تۇرسۇن» دېگەن بۇ ئىسىم بولسا تۇرغۇنلۇق، توختاش، مۇقىملىققا سىمۋول. بۇ بەلكىم تاسادىپىيلىقتۇر، ئەمما بىز بۇ يەردىكى نۇرغۇن تاسادىپىيلىقلارنى بىر خىل ئاڭسىز ھالەتتىكى تاللاش جەريانى دەپ قارىغىنىمىزدا، لەيلىنىڭ «تۇرسۇن»نىڭ باغرىدا ئۆزىنىڭ ئارامخۇدا مەنسۇبىيىتىنى قۇرۇش غايىسى — ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ بىغۇبار قايتىدىن بىرىكىشىدىن ئىبارەت يارالمىش ئەپسانىسىگە تەلپۈنۈشتۇر؛ بىر خىل خاتىرجەم ماكانغا ئېرىشىش ئىنتىلىشىگە تىمسالدۇر. ئەلۋەتتە، نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ئەسلا بولمايدىغان بىر نۇقتا شۇكى،

لەيلى يېڭىدىن قۇرماقچى بولغان دۇنيادىكى «تۇرسۇن» هازىرقى «مەن»نىڭ ئېرى بولمىش تۇرسۇنغا بارا ۋەر ئەمەس. لەيلى ئوخشىمىغان «مەن»لەرنىڭ بىر ـ بىرىگە روبىرو تىكىلىشىدە رېئاللىق، چۈش، خىيالدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئالالقاچان ئىشەنچسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى، شۇنداقلا ئۆز ئېرى سالاھىيىتىدىكى تۇرسۇننىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ بىر تالاي جاراھەتلەرنى سۇزۇپ چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا زارىقىپ كۈتۈۋاتقىنى ئەلۋەتتە يىپىڭى، ئىدىئال ئەرنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇ ئۆزىنى ھىماتىغا ئېلىپ غەيرىي بالا ـ قازا، مەنىۋى ئىستىبلالاردىن قوغداپ، خاتىرجەم مەنىۋى قورغان ــ يىپىڭى بىر ئۆزلۈك مودېلى بەرپا قىلىشىپ بېرەلەيدىغان ھىماتچىنى ــ يىپىڭى ئادەمنى ساقلاۋاتىدۇ...

## بايان: پارچىلاپ بىرىكتۈرۈش

بىر پارچە ئەسەر يېڭى بىر مۇمكىنچىلىككە، يېڭىچە ئېھتىماللىققا ئىشارە. تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ناھايىتى زور ئۈمىد بىلەن قارىغان ۋولتېر بېنيامىن (WalterBenjamin) ئۆزىنىڭ «مېخانىكىلىق نۇسخىلاش دەۋرىدىكى سەنئەت ئەسىرى» ناملىق ماقالىسىدە بىر مۇنەۋۋەر سەنئەتكارنىڭ بىر پارچە ئېسىل ئەسەرنىلا ئەمەس، بەلكى يېڭىچە بىر يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنىمۇ مەيدانغا چىقىرالايدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى، سەنئەت شەكىللىرىنىڭ يېڭىلىنىش جەريانىغا ناھايىتى ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىغانىدى.⑭ مېنىڭچە ئالتۇنگۈل رەجەپنىڭ بۇ ئەسەردىكى مۇۋەپپەقىيىتى دەل ئۇنىڭ بىر پارچە ياخشى ئەسەرنى ئەمەس، ئەسەر يېزىش، ھېكايە بايان قىلىش، پېرسوناژنىڭ مۇرەككەپ قەلب دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇلىنى ئايان قىلىپ بەرگەنلىكى بىلەن بەكرەك قىممەتلىكتۇر. مېنىڭچە ئۇنىڭ بۇ ئەسەردە قوللانغان بايان سەنئىتى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن خېلىلا يېڭىچە بىر ئىزدىنىشتۇر. «ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا يېزىش ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ياشاشتىن دېرەكتۇر. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشىمىغان شەكىلدە ئوقۇش، ئوخشىمىغان مۇناسىۋەتلەر رامكىسىدا ئوقۇش، شۇنداقلا ئوخشىمىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئوقۇلۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق ئىمكانىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان خىلمۇ خىل تاللاش قانداقتۇر سۇبيېكتىپ جەريان ئەمەس، بەلكى ناھايىتى رېئال، ئوبيېكتىپتۇر.»⑮ كۇلتۇر تەتقىقاتىنىڭ شەكىللىنىشىدە زور رول ئوينىغان داڭلىق تەتقىقاتچى رايموند ۋىلىيامىس (Raymond Williams) بۇ يەردە تىلغا ئالغان بىر قاتار «ئوخشىمىغان» ئۇقۇملار، شۇنداقلا بېنيامىن زور قىزغىنلىق بىلەن تىلغا ئالغان «يېڭى مۇمكىنچىلىك»، دەل ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى يېڭىچە ئىزدىنىش، يېڭىچە يارىتىش، يېڭى غايە، يېڭى ئېھتىماللىق ۋە سىناقتا بولغان چەكسىز ئۈمىد ئىدى. ئەدەبىيات باشقا پەنلەر ئوخشايلىقچە شەكىللەندۈرەلمەيدىغان ئالاھىدىلىكى، يەنى ۋىلىيامىس تۇجۇپىلەپ شەرھلەپ چىققان «ھېسسىيات قۇرۇلمىسى» دىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە مۇھىم مەۋجۇتلۇقى بىلەن كەڭ خەلقنىڭ ھاياتىدىكى، روھىيىتىدىكى، تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىش، تەلپۈنۈش،



غايە ـ ئۇستەكلەرنى ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئەتراپلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى، شۇنداقلا يېڭىچە ئېھتىماللىق، مۇمكىنچىلىكلەرنى تۇرغۇزالايتتى. شۇڭا ۋىلىيامىس ئەدەبىياتنىڭ بۇنداق رىئاللىققا ئەڭ يېقىن بەرپاچىلىق رولىغا ۋە ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان يېڭى ئېھتىماللىققا بىر ئۆمۈر ئۈمىدلىك تەلپۈنۈپ ئۆتكەنىدى.

«40 ياشلىق ئايال»نى ئوقۇش ماڭا ئەنە شۇنداق «يېڭى»لىقنى ھېس قىلدۇردى. گەرچە ئالتۇنگۈل رەجەپنىڭ بۇرۇن ئېلان قىلىنغان «قارا رەڭلىك كادىلاك» پوۋېستى بىلەن «بېشى ئۈزۈلگەن ۋېناس» ھېكايىسىدە بۇ خىل بايان ماھارىتى ئاز ـ تولا سىناق قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما راستىنى دېگەندە تازا زور ئىستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغانىدى. مەن «40 ياشلىق ئايال»نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاندىن ئاپتورنىڭ بۇ ئۆزگىچە بايان ماھارىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. شۇڭا ئەمدىكى گەپنى ئەسەردىكى «ئۆز»نىڭ تىكلىنىپ تۇرغۇچىدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بايانچىغا يۆتكىسەك مېنىڭچە بۇ يەردىكى «يېڭى»لىق ۋە «يېڭىچە مۇمكىنچىلىك»نى ئاز ـ تولا دەپ بەرگىلى بولۇشى مۇمكىن.

ئاپتورنىڭ ئەسەردىكى بايان ماھارىتىنى خۇلاسىلاشتە، مەن تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدىن شەرھلەش بىر قەدەر مۇۋاپىق دەپ قارايمەن: پارچىلاپ بىرىكتۈرۈش ۋە كۆرسەللىك.

ئەلۋەتتە، مەيلى ئەدەبىياتىمىزدا ھېلىھەم داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەسەر تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرىدىكى تەسۋىر، ئىستىلىستىكىلىق ماھارەت، ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى قايسىسىغا تەتبىقلىسا بولۇۋېرىدىغان مەۋھۇم، ئومۇمىي، ئوقۇملاشقان گەپلەر بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان بايانشۇناسلىق سەنئىتىدىكى بايان ۋاقتى (مەتتۇرسۇن ئېلى مۇئەللىم «بايان زامانى» دەپمۇ ئىشلەتتى)، بايان مەۋقەسى، بايان تەرتىپى، كۆزىتىش نۇقتىسى، بايانىنىڭ شەخسلىك دەرىجىسى دېگەنلەردە بولسۇن «پارچىلاپ بىرىكتۈرۈش» دېيىدىغان گەپ ئۇچرىمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇنى قانداقتۇر مۇقىملاشقان، يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان بايان ئۇسۇلىمۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭچە ئۇ پەقەت بۇ پوۋېستتا بايانشۇناسلىقتىكى خىلمۇ خىل ئۇسۇل ـ سەنئەتلەرنى توختاۋسىز ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىر بايان ئۈنۈمىدۇر. ئەمما مېنىڭچە مۇشۇ ئۇقۇم ئارقىلىق بۇ پوۋېستنى تەھلىل قىلساق، بەلكى بايان ھەققىدىكى ئاشۇ خىلمۇ خىل ماھارەت ـ ئۇسۇللارنىمۇ قوشۇپ شەرھلەپ بەرگىلى، شۇنداقلا ئەسەردىكى ئىستېتىك ئۈنۈمنىمۇ يورۇتۇپ بەرگىلى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ناۋادا نوقۇل بايان ۋاقتى ياكى كۆزىتىش نۇقتىسى ياكى ئوبراز يارىتىش ماھارىتى نۇقتىسىدىن كىرىپ ئەسەرنى تەھلىل قىلىمىز دېسەك، ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىدىكى قاتلاملىق بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئالدىدا بۇ خىل تەھلىل ناھايىتى قاتمال، ھەتتا قۇرغاق، مېخانىكىلىق جەريانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ۋىلىيامسنىڭ گېپى بويىچە يېڭىچە يېزىلغان ئەسەرنى يېڭىچە ئۇسۇلدا، يېڭىچە مۇناسىۋەتلەر رامكىسىدا، يېڭىچە ئوقۇرمەنلىك نەزىرىدە ئوقۇپ بېقىش تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۇرۇنۇش بولۇشى مۇمكىن.

پارچىلاپ بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئەسەردىكى بايان ۋاقتى، بايان مەۋقەسى، كۆزىتىش نۇقتىسى، بايانىنىڭ شەخس دەرىجىسى، بايانچى بىلەن «مەن» ۋە ئەسەردىكى ئۆزگىرىشچان «مەن»لەر توپىنى توختاۋسىز رەۋىشتە ئۈزۈپ، پارچىلاپ قايتىدىن تەشكىللەش ئارقىلىق يېڭىچە بايان مۇھىتى شەكىللەندۈرۈش جەريانى دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

بىز ئەسەردىن تۇراقلىق، ئۆزگەرمەس ھالدىكى بايان ۋاقتىنىمۇ، بايان مەۋقەسىنىمۇ، كۆزىتىش نۇقتىسىنىمۇ، ھەتتا ئىزچىللىققا ئىگە، ئېنىقلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغان سۈژىتىنىمۇ تاپالمايمىز. ئەسەردىكى لەيلىدىن ئىبارەت لەيلەپ، داۋالغۇپ تۇرغان پېرسوناژنىڭ پسىخىكىلىق كەيپىياتىدىكى پارچىلىنىش يالغۇز بايان نەتىجىسى، بايان ئۈنۈمىگە ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل بايان جەريانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. ئەسەردىكى بايانچى (ئەسكەرتىش: ئۇ «مەن»گە تەڭ ئەمەس) «مەن»نىڭ كەيپىياتىدىكى پارچىلىنىشقا ماس ھالدا بايانىنى ئۈزۈلكىسىز رەۋىشتە ئۈزۈپ، پارچىلايدۇ ۋە بايان مەۋقەسىگە كىرىۋاتقان ھەربىر شەيئىنى يېڭىچە بىر كۆزىتىش نۇقتىسىغا تاشلاپ ئۇلارنى قايتىدىن رەتلەپ قۇراشتۇرىدۇ. شۇڭا ھازىر مەيدانغا چىقىۋاتقان ۋەقەلىك تۇرۇپلا ئۈزۈلۈپ يەنە بىر يېڭى كۆرۈنۈش ئالمىشىدۇ،

لېكىن قارىماققا ئۇزۇك، ئەمما ئۇزۇكلۇكتە بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بايان ئېقىمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئەينەكتىكى ئەكسىنى كۆزىتىۋاتقان لەيلىگە چۈشكەن كۆزىتىش نۇقتىسى تۇرۇپلا يېگىچە بىر «مەن»گە، ھەتتا ئۆزىنى ئۆزى خوتۇن قىلىۋاتقان «لەيلى»نىڭ ئەر سىياقتىكى كۆزىتىش نۇقتىسىغا شۇنچە تەبىئىي ئالمىشالايدۇ ـ دە، ئەسەردىكى روھىي پارچىلىنىش بۇ خىل پارچىلىنىشنى ئېيتىپ بېرىۋاتقان بايانچىمۇ قوشۇپ پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ماكان، زامان، تەن، روھ، نەپەس ھالقىپ كېتىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك يىمىرىلىشنىڭ ئەكسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئەنە شۇ چۈلچۇللۇقتا بايانىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. «مەن»نىڭ ھەممە يەردە مەۋجۇت، ھەممىگە تىكىلىپ تۇرغان نەزىرى بۇ خىل پارچىلىنىشنى بىر يىپقا باغلاپ، قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. لەيلى دىققىتىنى يىغىش ئۈچۈن بېشىنى ھەربىر سىلكىگىنىدە بىر ئۈزۈك بايان غول بايان ئېقىمىغا قوشۇلىدۇ ـ دە، باش سىلكىش توختىغان ھامان يەنە بىر يېڭى پارچىلىنىپ چىقىش مەيدانغا كېلىدۇ. لەيلىنىڭ باش سىلكىشى ئەمەلىيەتتە بايانچىنىڭ بايان ۋاقتى، كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئەسەردىكى غول ماكان بىلەن زامانغا قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇرۇنۇشىدۇر. ئەمما بۇ جەريان شۇنچە تېز ئاخىرلىشىدۇ ۋە يېڭى بىر كۆزىتىش نۇقتىسى ئارقىلىق يېڭى بايان ئېقىمىغا كىرىپ كېتىدۇ. لەيلىدىكى روھىي تېڭىرقاش، پسىخىكىلىق پارچىلىنىشنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ ئېچىپ بېرىدىغان بۇنداق ماس ماھارەت نەتىجىسىدە ئەسەردىكى چۈش، خىيال، رېئاللىق ئايرىغۇسىز دەرىجىدە بىر گەۋدىلىشەلىگەن. بىز ئەسەردىن مۇتلەق رېئاللىققا تالىق دەپ تۇتۇپ تارتىپ ئاچىقالايدىغان تەركىب جىق ئەمەس. ئەسەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پسىخىكىلىق رېئاللىققا تەۋە. لېكىن ئويغاق تۇرۇپمۇ قايمۇققان «مەن»گە ئوخشاشلا، ئوقۇرمەنمۇ دەماللىققا نېمىنىڭ چۈش، نېمىنىڭ خىيال، نېمىنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي قالىدۇ. تاشقى دۇنيانىمۇ پارچىلاپ پسىخىكىلىق رېئاللىقنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئەكىرىۋېتەلەيدىغان ۋە يوشۇرۇن ئاڭغا مەنسۇپ قالايمىقان خىياللىرىنى چىن رېئاللىقتەك ھالەتتە ئالدىمىزغا تاشلىيالايدىغان بۇنداق دادىل بايان ماھارىتىگە قايىل بولماي ئامال يوق. ئاپتور بايانىدىكى مەقسەتنىمۇ چىرايلىق سەنئەتكە، ئۇسلۇبقا، جەريانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

ئەسەردە بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان ئېستېتىك ئۇنۇمنىڭ يەنە بىرى كۆرۈشچانلىقتۇر. كۆرۈشچانلىق مەنزىرە، تەسۋىر ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان كۆرسەل ئۇنۇم بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىنو ـ فىلىم، فوتو سۈرەت، رەسساملىق ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتىدا بارغانسېرى زور دىققەتنى تارتىۋاتقان ئۇقۇم بولۇپمۇ، «تىتانىك»، «ئۈزۈك شاھ»، «قەھرىمان»، «ئاۋاتار» فىلىملىرى ياراتقان كىشىنى ھەيرەتتە قويىدىغان كۆرۈش ئۇنۇمى ۋە مەنزىرە ـ تەسۋىرلەر ئەسەرنىڭ سۇژىت، ۋەقەلىكىدىنمۇ بەكرەك ئېستېتىك ئۇنۇم ياراتتى. ھەتتا بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنى كۆرسەل كۇلتۇردىكى بۇرۇلۇش دەپ قارىدى. «مەنزىرە ئەمدى ۋەقەلىكنىڭ بېقىندىسى بولماي قالدى، ھەتتا مەنزىرە ـ كۆرۈنۈش ۋەقەلىكتىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى.»[16] ئەلۋەتتە ئەدەبىي ئەسەردە كىنو ـ فىلىملەردىكىدەك ئۇنداق بەھەيۋەت، سۈزۈك مەنزىرىنى ئايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئۇنى ۋەقەنىڭ، ئوبرازنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە تېخىمۇ ياخشى ئېنىقلىق بەخش ئەتكۈدەك سۈزۈكلۈكتە ئايان قىلىپ بېرىش ئەلۋەتتە مۇمكىن. ھەم بۇ جەھەتتە ئىزدىنىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

«40 ياشلىق ئايال»دا بۇنداق كۆرۈشچانلىق ھەقىقەتەن ياخشى يارىتىلغان. بىز ئەسەردىن مۇكەممەل ۋەقەلىكتىن بەكرەك مۇكەممەل كۆرۈنمە، كۆزىتىش ئۇنۇمىنى ھېس قىلالايمىز. «مەن»نىڭ پسىخىكىلىق زىددىيىتى قانداقتۇر تاشقى دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن مۇرەككەپ ئالاقىدە، دىيالوگدا ياكى زىددىيەتلىك، چوڭ ۋەقەلىك جەريانىدا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان خىلمۇ خىل كۆزىتىش جەريانىدا روياپقا چىققان. ئەسەردە ۋەقەدىن كۆزىتىش جىق، سۇژىتنىڭ بايانىدىن بەكرەك كۆرۈنمە، تەسۋىر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «مەن» مەيلى چۈشىدە، خىيالدا ياكى رېئاللىقتا بولسۇن، توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى، قالايمىقان خىيالىنى، پسىخىكىلىق زىددىيەتلىرىنى كۆزىتىدۇ ۋە شۇنى ئاشكارىلايدىغان ئەينەككە ئايلىنىدۇ.

شۇڭا ئەسەرنىڭ پۈتكۈل قىسمىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى كۆرۈشچانلىق سىڭىپ كەتكەن. ئەسەر ۋەقەلىكى بىلەن ئەمەس، مېنىڭچە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈشچانلىقى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

ئەلۋەتتە، بۇ پارچىلاپ بىرىكتۈرۈش شەكلىدىكى بايان ماھارىتى تەسىردە ئىشقا ئاشقان كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە قاتلاملىق «مەن» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «مەن» نەگە قارىسا نەچچە خىل سالاھىيەتتىكى «مەن»نى كۆرىدۇ. چۈش، ئەينەك، خىيال ۋە «ئۆز»ىگە مختەك تىكلىپ تۇرغۇچى «مەن»نىڭ نىگاھى نەتىجىسىدە ئەسەردە فرېئۇد شەرھلىگەن ئاڭنىڭ ئۈچ قاتلىمىغا تەۋە بارلىق خىياللار تەلتۆكۈس ئاشكارىلىنىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭغا تەۋە ئەڭ چىن، ھەتتا شەرمەندە خىياللارمۇ، ئالدىنقى ئاڭغا تەۋە تەركىبلەرمۇ، ئاڭغا تەۋە يۈكسەك غايىلەرمۇ قالدۇرماي تەلتۆكۈس ئايان بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا «مەن»نىڭ بىزگە يوشۇرۇن ھېچقانداق نېمىسى قالمايدۇ. قاتلاممۇ قاتلام داۋاملاشقان كۆزىتىش مېخانىزمىنىڭ ئىچىدە «رېئال مەن» تولۇق كۆرگىلى، كۆزەتكىلى، سوتلىغىلى، ھەتتا جازالىغىلى بولىدىغان بىر ئوبيېكت سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىق بەشىرىسىگە مختەك تىكلىپ تۇرغان «مەن» بەجايىكى فۇكوۋ تىلغا ئالغان «تولۇق نازارەت قىلغىلى بولىدىغان» جەريانغا، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەنگىلىيەلىك مەنپەئەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەشەببۇسچىسى جېرېمى بېنسام (Jeremy Bentham) لايىھەلەپ چىققان «تەلتۆكۈس نازارەت قىلغىلى بولىدىغان تۈرمە»[17]دىكى كۆرۈش جەريانغا ئايلىنىدۇ. ئۇنى نەدىن قارىساق تولۇق كۆرۈش، كۆزىتىش مۇمكىن. سۈزۈكلۈك، كۆرۈشچانلىق ئەسەرنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان. ۋاھالەنكى فۇكوۋنىڭ تەبىرى بويىچە ئالغاندا، سۈزۈكلۈك زۇلۇمغا تەڭ ئىدى، سۈزۈك، نەدىن قارىسا «ئېنىق كۆرگىلى، كۆزەتكىلى بولىدىغان جەريان قاراڭغۇلۇقتىنمۇ ئۆتە رەھىمسىز قامالالاپ تۇتۇش ماشىنىسى» ئىدى.[18] بۇنداق جەرياندا كۆزىتىش نۇقتىسىغا كىرگۈچى كۆزىتىلەتتى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزىتىلىۋاتقىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىر دىيالوگلىشىدىغان ئوبيېكت ئەمەس، مۇتلەق مەنىدىكى ئاختۇرۇلىدىغان، تىنتىلىدىغان، نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكت ئىدى. ئەسەردىكى «مەن» دەل مانا مۇشۇنداق توختاۋسىز ئاختۇرۇلىدۇ، تىنتىلىدۇ، نازارەت قىلىنىدۇ، خالىغانچە كۆزىتىلىدۇ. ئەمما يامان يېرى، بۇ «سۈزۈك تۈرمە»دە كۆزىتىلگۈچى بىر ئەمەس، يەنە كېلىپ قاتلاممۇ قاتلام قۇرۇلما ھاسىل قىلغان. مانا بۇ «40 ياشلىق ئايال»نىڭ ئۆزگىچە تەرىپى.

بىز سۈزۈكلۈك نۇقتىسىدىن ئەسەردىكى كۆرۈشچانلىقنى شەرھلىگىنىمىزدە، شۇنداقلا ئەمدى ئۇنى ئەسەرنىڭ بايان جەريانىدىكىلا كۆزىتىش-كۆزىتىلىش مۇناسىۋىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەسەر، ئاپتور، ئوقۇرمەن ئارىسىدىكى تېخىمۇ كەڭ كۆزىتىش سىستېمىسى ئىچىدە تەھلىل قىلغىنىمىزدا بۇ يەردىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. بىز بۇنى مۇنداق مودېل ئارقىلىق چۈشەندۈرەلىشىمىز مۇمكىن.

ئەگەردە بۇ ھالنى فۇكوۋ 17-ئەسىردە ئۆتكەن ئىسپانىيەلىك داڭلىق رەسسام ۋېلاسكۇېز (Velasquez)نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «كېنىزەكلەر»نى تەھلىل قىلغاندا دېگەنىدەك: «بىز رەسىمنى كۆزىتىۋاتقان دەقىقىنىڭ ئۆزىدە، رەسىمدىكى رەسسام رەسىمنىڭ سىرتىدىكى بىزنىمۇ كۆزىتىۋاتقان بولىدۇ»[19] دەپ قارىغىنىمىزدا، بۇ چەمبىرەكتىكى كۆزىتىش-كۆزىتىلىش، دىيالوگ، كۆرۈشچانلىق مۇناسىۋىتى ئېيتقۇسىز مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. يەنە ئەگەر بۇ جەريانغا «مەن»نىڭ-ئېرىنىڭ ئاشنىسى سىياقىدىكى مەن، ئۆز ئېرىگە ئايلانغان مەن، دوستىنىڭ ئېرىگە دەردىنى تۆكۈپ بېرىۋاتقان مەن، قىيپاچ بىنادىكى قارىمۇتۇقنى ئەسلەپ ياتقان مەن، ئايال مەنىسىدىكى مەن، ئانا مەنىسىدىكى مەن، كېلىن مەنىسىدىكى مەنلەرنىمۇ قوشۇپ ئەكىرىپ بىر-بىرىگە روبىرو قارىتىپ كۆزىتىدىغان بولساق، بۇ يەردىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ چىگىشغا چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇرمەنىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسىنى باشقا بىر مىللەتتىن بولغان يەنە بىراۋ كۆزىتىدىغان بولسا بۇ يەردىكى قاتلاملىق كۆزىتىش قۇرۇلمىسى يەنە توختاۋسىز كېڭىيىدۇ ۋە تېخىمۇ ئۆزگىچە تەھلىل روجىكى

ئېچىلىدۇ. دېمەككى بۇ يەردىكى ھەربىر كۆزىتىش، كۆزىتىلىشنى ئوخشىمىغان سەۋەب ـ نەتىجە، ھوقۇق، سالاھىيەت، قاتلامدا تۇرۇپ كۆزىتىش تامامەن مۇمكىن. شۇڭا بۇ ئەسەردىكى كۆرۈشچانلىقنىڭ كۆپ خىللىقى ئەسەرنى ئوقۇش ئۇسۇلىنى، ئۇنىڭغا سىغدالىغان ۋە يەشكىلى بولىدىغان مەنىلەر سىستېمىسىنى موللاشتۇرغان ۋە يېڭىچە بىر مۇمكىنچىلىكنى روياپقا چىقارغان. بۇ مۇمكىنچىلىك ئەسەرنىڭ تىلىدىكى جانلىقلىق، تەسۋىردىكى چىنلىق دېگەندەك ئەقەللىي تەركىبلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان يېڭىچە بىر پايان ھاسىل قىلغان، ئەلۋەتتە.

※ ※ ※

«40 ياشلىق ئايال»نى كۆزىتىشىمىز ھازىرچە مۇشۇنچىلىك. مېنىڭ ئۇنى ئېرىدىن قېيىدىغان باتنىغاق خوتۇننىڭ چىڭگىلىماچ خىياللىرى ياكى ئەرسىرەپ تولغىنىپ ياتقان خوتۇننىڭ نازلىق ئىڭرىشى دەپلا چۈشەنگۈم كەلمىدى. ئۇنىڭغا ھەربىر قارىغىنىمدا ناھايىتى مۇرەككەپ، تولىمۇ رېئال بىر پسىخىكىلىق پارچىلىنىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرگەندەك بولدۇم ۋە ئۇنى باشقىچە ئۇسۇلدا يېشىپ بېقىش زۆرۈرىيىتى ھېس قىلىپ، بۇ ئۆزگىچە ئەسەرنى ئوخشىمىغان نەزەر، باشقىچە مۇناسىۋەتلەر رامكىسى، يېڭىچە ئوقۇرمەنلىكتە ئوقۇپ باقماقچى بولدۇم. قاراش، تىڭشاش، كۆزىتىش مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ جەريان. ئاپتورنىڭ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي ھالىتىگە تىڭشاپ، ئۇنى يېرىپ كۆرسىتىشى قانداق مۇشكۈل جەريان بولسا، ئوقۇرمەن (تەنقىدچى)نىڭ ئاپتورنىڭ قەلىمىدە كۆزىتىلگەن ئوبراز، مەنىلەرنى يەنە يېڭىچە كۆزىتىش نۇقتىسىغا ئەكىرىپ مەنىلىشى تېخىمۇ زىل، مۇرەككەپ جەريان. بۇ جەريانغا بىلىمنىڭ زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى باشتا تىلغا ئالغاندۇق. ناۋادا تولۇق كۆزىتەلمىگەن بولساق، بۇ ئەلۋەتتە، ئاپتورنىڭ ئەمەس، كۆزەتكۈچىنىڭ كۆزىدىكى ئاجىزلىق، ھەتتا كورلۇقتۇر.

**پايدىلانمىلار:**

---

①ياك لاكان (Jacques Lacan): «ئوبيېكتقا ئايلانغان تىكىلىپ قاراش بايانىدا»، ۋۇ چيۇڭ تۈزگەن «كۆرسەل كۇلتۇرنىڭ تەسۋىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى، 26 ـ بەت.

②ستۇئارت خول: «كودلاش ۋە يېشىش»، لوگاڭ قاتارلىقلار تۈزۈپ 2000 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىدىن نەشر قىلغان «كۇلتۇرەل تەتقىقات ئوقۇشلۇقلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 348 ـ بېتىگە قارالسۇن.

③كۆرسەل (视觉) كۆرسەل ئۈنۈم (视觉效果، كۆرسەللىك (视觉性) ــ دەسلەپتە كىنو ـ فىلىم، فوتو سۈرەت، رەسىم قاتارلىق سەنئەت تەتقىقاتىدا پەيدا بولغان ئاتالغۇلار بولۇپ، ئاساسەن كۆرۈش ھادىسىسى، ئەسەرلەردىكى كۆرۈنۈش ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەن، ئەمما بېنيامىن، لاكان، فۇكوۋ، دېبورد، بودرېللارد، ستۇئارت خول قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيەلىرى ئارقىلىق (ھەربىرىنىڭ نەزەرىيەسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىلىم ساھەسىدە زور بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان، ئىلىمدىكى كۆزىتىش ئۇسۇلى ۋە تەتقىقات بوشلۇقىنى مىسلىسىز كېڭەيتكەن قاراشلار بولۇپ، ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى بۇلارنى تەلقىن قىلىش بولمىغاچقا، ھازىرچە بۇلارنى شەرھلەشنى قالدۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. نېسىپ بولسا، بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىش ھاجەتتۇر.) ئەدەبىيات، سەنئەت، جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەرگە ئومۇميۈزلۈك تەتبىقلاندى. كىنو ـ فىلىم، مېدىيە، تور تېخنىكىسى، مەتبەئە قاتارلىق ۋاسىتىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كۆرسەل كۇلتۇر (视觉文化) دەيدىغان بىر ئۇقۇم ئاستا ـ ئاستا شەكىللەندى ۋە بۇ ھەقتىكى كۆرسەل كۇلتۇر تەتقىقات (视觉文化研究) نامۇ ئايرىم بىر تەتقىقات بوشلۇقى شەكىللەندۈردى.

④كۇلتۇرەل تەتقىقات ياكى كۇلتۇر تەتقىقاتى (文化研究, Cultural Studies) ــ بۇ ئەنئەنىۋى مەنىدىكى، يەنى بىز چۈشىنىپ كېلىۋاتقان كۇلتۇر ياكى مەدەنىيەت ھەققىدىكى تەتقىقات ئەمەس. 1964 ـ يىلى ئەنگلىيە بېرمىنھام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ۋىلىيامس، تومپسون، خوگگارت قاتارلىق ئۈچ پىروفېسسورىنىڭ

باشچىلىقىدا چاغداش كۇلتۇر تەتقىقات مەركىزى (伯明翰当代文化研究中心، CCCS) قۇرۇلدۇ ۋە ئۇلار ئادىمىيەت، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا ئىنسانشۇناسلىق، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا شەكىللەندۈرگەن تەتقىقات ئۇسۇل-مېتودلىرىنى كۇلتۇر تەتقىقاتىغا جۇغلاپ تەتبىقلاش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارا-بارا كۈچلۈك بىر ئېقىم شەكىللەندۈردى. گەرچە كېيىن بۇ مەركەز تارقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەنئەنىۋى مەنىدىكى نوقۇل ئۆتكەن، ئۆلگەن تارىخ ياكى كۇلتۇر، مەدەنىيەت هادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش هادىسىسىگە قارشى هالدا، مەۋجۇت، رېئال، يەنە كېلىپ ئاساسىي ئېقىمغا كىرەلمىگەن ئاجىز توپلاردىكى كۇلتۇر، مەدەنىيەت هادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان كۇلتۇرەل تەتقىقات ناهايىتى زور تەسىر قوزغىدى، كەڭ ئومۇملاشتى ۋە هەتتا ئايرىم بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللىنىشىمۇ مۇمكىن دېگەندەك تەخمىنلەرمۇ قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى ناتايىن بولسىمۇ، ئەمما كۇلتۇرەل تەتقىقاتنىڭ ناهايىتى كۈچلۈك ئەمەلىيەتچىل، تەنقىدچىل، قايتىماس ئارىلىشىش مەيدانى ئۇنى زور هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، كۇلتۇر تەتقىقاتىنى يېڭىچە بۇرۇلۇشقا ئىگە قىلدى. كۇلتۇرەل تەتقىقات جۇڭگوغا 1990-يىللاردىن كېيىن كىرىپ كەلدى ۋە بۈگۈن سەنئەت، ئەدەبىيات، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ساهەلەردىكى ئەڭ قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

⑤بۇ مەزمۇنلار ئۈچۈن ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى تەرىپىدىن 2001-يىلى نەشر قىلىنغان «لاكان ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نىڭ «تۈزگۈچىدىن بايان» قىسمىنىڭ 6-7-بەتلىرىگە ۋە ئاساسىي تېكىستىنىڭ 90-92-بەتلىرىگە، فۇكوخارا تايخېي ئاپتورلۇقىدىكى خېبېي مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002-يىلى نەشر قىلىنغان «لاكان: ئەكسەل سىما باسقۇچى» ناملىق كىتابىنىڭ 42—50-بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑥فۇكوخارا تايخېي: «لاكان: ئەكسەل سىما باسقۇچى»، 45-بەت.

⑦ستيۇئارت خول: «ئىپادە—كۇلتۇرەل ئىپادە ۋە مەنىلەنگەن ئەمەلىيەت»، سودا باسمىخانىسى، 2003-يىلى، 56-بەت.

⑧جون بېرگېر: «كۆرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى»، پىنگۇين، 1972-يىلى نەشرى، 8-بەت.

⑨جوۋ شيەن: «كۆرسەل كۇلتۇردىكى بۇرۇلۇش»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008-يىلى، 92-بەت.

⑩ستيۇئارت خول: «ئىپادە—كۇلتۇرەل ئىپادە ۋە مەنىلەنگەن ئەمەلىيەت»، 239-بەت.

⑪ئېلىين بولدۇين قاتارلىقلار تۈزگەن: «كۇلتۇرەل تەتقىقاتقا كىرىش»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2005-يىلى 2-نەشرى، 397—398-بەتلەر.

⑫لاكان: «ئوبيېكتقا ئايلانغان تىكىلىپ قاراش بابىدا»، «كۆرسەل كۇلتۇرنىڭ تەسۋىرى» ناملىق كىتاب، 47-بەت.

⑬مېرلو پونتى: «كۆز ۋە كۆڭۈل»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992-يىلى، 131-بەت.

⑭بېنيامىن: «مېخانىكىلىق چاپلانما دەۋردىكى سەنئەت ئەسىرى»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى.

⑮رايموند ۋىلىيامس: «ماركسىزم ۋە ئەدەبىيات»، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى، 217-بەت.

⑯سكوت لاش (Scott Lash)نىڭ «پوستمودېرنىزم جەمئىيەتشۇناسلىقى» ناملىق كىتابىدىن جوۋشيەننىڭ «كۆرسەل كۇلتۇردىكى بۇرۇلۇش» ناملىق كىتابىنىڭ 252-بېتىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑰مايكىل فۇكوۋ: «بويسۇندۇرۇش ۋە جازا»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 2007-يىلى 3-نەشرى، 229-بەت.

⑱يۇقىرىقى مەنبە، 225-بەت.

⑲فۇكوۋ: «سۆز ۋە ماددا—ئادىمىيەت ئىلمى ئارخېئولوگىيەسى»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 2002-يىلى، 4-بەت.

**مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# دادامنىڭ ئايالچە ۋېلسىپىتى

(ھېكايە)

گۈلنار يارمۇھەممەت

مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ ئۈزۈن ئۆتمەي، دادام بىر ۋېلسىپىت سېتىۋالماقچى بولدى. بىزنىڭ ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇشمۇ قولايسىز بولغاچقا، دادام پەقەت مەن ئۈچۈنلا شۇنداق ئويلىغان ئىدى.


بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا دادام ۋېلسىپىت سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئاپامنىڭ «چاي ئىچىۋال» دەپ توۋلىشىغىمۇ پىسەنت قىلماستىن، ئۆيىمىزنىڭ بالكونىدىن بېشىمنى چىقىرىپ دادامنىڭ ۋېلسىپىتنى مىنىپ ھويلىمىزغا كىرىپ كېلىشىنى ساقلىدىم. ئارىدىن ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، دادام ۋېلسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتقىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى. دادامنى كۆرۈش ئۈچۈن، ياق، ياق، ياق... دادام سېتىۋالغان ۋېلسىپىتنى كۆرۈش ئۈچۈن، بەشىنچى قەۋەتتىن يۈگۈرۈپ چۈشتۈم.

«پاھ، نېمدېگەن چىرايلىق ۋېلسىپىت! دىلمۇراتنىڭ دادىسى يېڭىدىن ۋېلسىپىت سېتىۋالغاندا، ئۇ ئالدىمدا ئەجەپمۇ پو ئېتىپ كەتكەنىدى، ئەمدى ئۇ كونا ۋېلسىپىت ماۋۇ ۋېلسىپىتنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس. دىلمۇرات، قېنى ئەمدى ئالدىمدا پو ئاتقىنىڭنى بىر كۆرەي! ھى، ھى...» دېگەنلەر خىيالىمدىن «يالت» قىلىپ ئۆتتى.

— قانداق، ۋېلسىپىت نوچىمىكەن؟ قېنى يۈرە، سېنى ۋېلسىپىتكە ئولتۇرغۇزۇپ بىر ئايلاندۇرۇپ كېلەي! — دادامنىڭ ياردىمى بىلەن ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە ئەپچىللىك بىلەن ئولتۇرۇۋالدىم.

— چىڭ تۇتۇپ ئولتۇر جۇمۇ! مېڭىپ كەتتۇق مانا! قانداقكەن؟ راھەتمىكەن بالام؟ ئاپاڭ ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرىدىغان يۇمشاق كۆرپىدىن بىرنى تىكىپ بەرسىلا تېخىمۇ راھەت بولۇپ كېتىدۇ! — دادام سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى، — ئەمدى يول ئازابىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇڭ. بۇنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن جۇمۇ بالام، ماڭا ياخشى ئوقۇپ بەرسەڭلا بولدى. ۋۇي، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ ئۇخلاپ قالمىغانسەن؟

دادامنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلىغىنىمچە، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغانىدىم. دادامنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. پەقەت دىلمۇراتنىڭ ئالدىدىن ۋېلسىپىتنى غىيۇلدىتىپ ئۆتۈپ كەتكەن كۆرۈنۈشنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. دىلمۇرات مېنىڭ بىر سىنىپتىكى



ساۋاقداشىم. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىزنىڭ ئائىلە ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتەتتۇ. دىلمۇراتنىڭ دادىسى دىلشات تاغام مېنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرەتتۇ. بىراق دىلمۇرات دائىم چىشىمغا تېگەتتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ۋېلىسىپىتى بار.

دادام مېنى ۋېلىسىپىت بىلەن مەكتەپكە توشۇشقا باشلىدى. مەنمۇ دىلمۇراتنىڭ ئالدىدا بىر نەچچە قېتىم پو ئېتىۋالغانمۇ بولدۇم. شۇ تەرىقىدە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى سىڭلىممۇ بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلغان بولۇپ، دادام ئاۋۋال مېنى مەكتەپكە ئاپىرىۋېتىپ، ئاندىن سىڭلىمنى يەسلىگە ئاپىرىپ قوياتتى. سىڭلىم ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى، مەن كەينىدە ئولتۇراتتىم، بىردەمدىلا مەكتەپكە بېرىپ قالاتتۇق، بىراق بار جاپا دادامغا بولۇۋاتاتتى. ئۆيدىن مەكتەپكىچە بولغان يولدا بىر دۆڭ بار بولۇپ، مۇشۇ دۆڭگە كەلگەندە دادام ھاسىراپ بولالماي قالاتتى.

— دادا، مەن چۈشۈپ تۇرايمۇ؟ دۆڭدىن ئۆتۈپ بولغاندا يەنە چىقىۋالسام بولىدۇ.

— بولدى بالام ئولتۇرۇۋەرگىن...

شۇنداق قىلىپ ئىككى قىش، ئىككى يازنى دادامنىڭ ئاشۇ ۋېلىسىپىتى بىلەن ئۆتكۈزدۇق. مەن 3 - يىللىقنى پۈتكۈزۈپ يازلىق تەتىلگە چىققان ۋاقتلىرىم ئىدى، مەھەللىمىزدە پات - پاتلا ئۇنىڭ، بۇنىڭ ۋېلىسىپىتى يىتىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا دادامنىڭ ۋېلىسىپىتى كونىراپ كەتكەن بولۇپ، كامىرىنىڭ نەچچە يېرىگە ياماق چۈشۈپ بولغان، ئۆزىمۇ جالداقشىپ قالغان ئىدى. دادام دائىم «مېنىڭ بۇ ۋېلىسىپىتىمنى ئوغرىمۇ ياراتمايدۇ» دەپ چاقچاق قىلىسىمۇ، بىراق ھەر كۈنى ۋېلىسىپىتنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن قۇلۇپلاپ، يەنە نەچچە قېتىم تەكشۈرۈشنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. بىراق ئاخىرى بىزنىڭ ۋېلىسىپىتىمىزگە ئوغرىنىڭ قارا قولى تەگدى.

تەتىل ئاياغلىشىپ يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغان بولۇپ، سىڭلىممۇ مەن ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەن ھەممىمىز كۈندىكىدەك كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، دادام سىڭلىم ئىككىمىزگە تېزرەك پەسكە چۈشۈشنى، بولمىسا مەكتەپكە كېچىكىپ قالىدىغانلىقىمىزنى تاپىلاپ قويۇپ چۈشۈپ كەتتى. سىڭلىم ئىككىمىز چاققانلىق بىلەن تەييارلىقىمىزنى پۈتكۈزۈپ ئەمدى ماڭايلى دەپ تۇرساق، دادام سولاشقىنىچە كىرىپ كەلدى.

— ۋۇي، نېمە بولدى؟ قايتىپ كىرىپسىزغۇ؟— دەپ سورىدى ئاپام جىددىيلىشىپ.

— ۋېلىسىپىتنى ئوغرى ئاپتۇ،— دېدى دادام روھسىز ھالدا.

— ۋاي ئاللا، بىر تەتىل ھېچنېمە بولماي، ئەمدى ئوقۇش باشلىنىپ ۋېلىسىپىت تازا كېرەك بولىدىغان ۋاقىتتا بۇ ئىشنىڭ چىققىنىنى كۆرمەمسىز ؟

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ سىڭلىم ئىككىمىزنىڭ جاپالىق كۈنلىرى باشلاندى. دادام ھەر كۈنى سىڭلىم ئىككىمىزنى يېتىلىگىنىچە مەكتەپكە ئاپىراتتى، ئەكېلەتتى. شۇ ۋاقىتلاردا دادامنىڭ ئالغان ھەربىر قەدىمى ماڭا شۇنداق چوڭ بىلىنەتتى. مەنمۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك دادامغا يېتىشىپ مېڭىشقا تىرىشاتتىم، بىراق بىچارە سىڭلىم ھېرىپ قالاتتى.

— دادا، ئاستا ماڭە، بەك ھېرىپ كەتتىم،— دەيتتى ئۇ ئەركىلەپ.

— كۆتۈرۈۋال دېمەكچىمۇ سەن؟— دەيتتى دادام كۈلۈپ،— كېلە سېنى كۆتۈرۈۋالاي،— شۇنداق قىلىپ دادام سىڭلىمنى كۆتۈرۈۋالاتتى، مەن بولسام دادامنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتقىنىمچە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭاتتىم. بەزى ۋاقىتلاردا دادامغا ئاچچىقىم كېلىپ قالاتتى. «پىخسىقلىق قىلماي يەنە بىر ۋېلىسىپىت ئالسا بولمامدىغاندۇ...» دەپ ئويلايتتىم، بىراق ئۇنىڭغا دېيىشكە پېتىنالمايتتىم. خۇيۇم تۇتۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالغان كۈنلىرى دادام بىزنى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغۇزۇپ مەكتەپكە ئاپىراتتى. بىراق ئاپتوبۇس بېكىتى ئۆيىمىزدىن يىراقراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتوبۇس ۋاقتىدا كەلمەي بىزنى بىر نەچچە قېتىم كېچىكتۈرۈپمۇ قويغانىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپامنىڭ خىزمەت ئورنىدىن ھەربىر خىزمەتچىگە بىردىن ۋېلىسىپىت تارقاتتى. بۇغۇ بىر ياخشى ئىش ئىدى، بىراق بۇ ئىشنىڭ ماڭا ئېلىپ كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكىمۇ ئاز بولمىدى. ئاپامنىڭ ئىدارىسىدىن تارقاتقان ۋېلىسىپىت

www.uyghurkitap.com

ئايالچە ۋېلىسىپىت بولۇپ، ۋېلىسىپىتنى يېڭى ئەكەلگەن كۈنى دادام ۋېلىسىپىتنى كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇل ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

— ۋاي خۇدايىم، بەشىنچى قەۋەتكە قانداقمۇ ئېلىپ چىققانسىز بۇنى؟— دېدى ئاپام .

— يىتىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيدىكەنمەن،— دېدى دادام مىيىقىدا كۈلۈپ.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، دادام ۋېلىسىپىتنى كۆتۈرگىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى. سىڭلىم ئىككىمىز پەسكە چۈشكەندە، دادام ئۇ ئايالچە ۋېلىسىپىتنى تەييار قىلىپ تۇرغان بولۇپ، بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدىم.

— ئەمدى ماۋۇ ۋېلىسىپىتنى ئىشلىتىدىغان بولدۇق باللىرىم، ئايالچە ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدى تەربىي يوق، شۇڭا ئىككىلىڭلار كەينىدە ئولتۇرۇڭلار. مانا كەينىدىكى ئورۇننىمۇ تۈزەپ ئىككىڭلار ئولتۇرالايدىغان قىلىپ قويدۇم. ئازراق قىسىلىپ قالىسىلەر، شۇنداق بولسىمۇ ئازراق چىدىساڭلار بىردەمدىلا بېرىپ بولىمىز.

— مىنمەيمەن!— بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟— دەپ سورىدى دادام.

— ئوغۇل بالا تۇرسام، بۇ ئايالچە ۋېلىسىپىتكە ھەرگىز مىنمەيمەن...

— ھۇي، مانا مەنمۇ چىقىۋاتمەنغۇ!

— بولدى، سەنمۇ مىنمە بۇ ۋېلىسىپىتنى، بىز مەكتەپكە مېڭىپ بارايلى،— تومشۇقۇمنى ئۇشلاپ تۇرۇپلىۋالدىم.

— نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى؟ تەييار ۋېلىسىپىت تۇرسا، مېڭىپ بارىمەن دەيسەنغۇ؟ تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەي، چىقە ۋېلىسىپىتكە!

شۇ ياشقا يېتىپ دادام بىزگە ئۇنداق قوپال تېگىپ باقمىغان ئىدى. سىڭلىم بىر ماڭا بىر دادامغا قارىغىچە نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي تۇراتتى. دادام بىر قولىدا ۋېلىسىپىتنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر قولىدا سىڭلىمنى كۆتۈرۈپلا ۋېلىسىپىتنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. مەنمۇ بىرى بوينۇمدىن سۆرىگەندەك بېرىپ، سىڭلىمنىڭ كەينىدە ئولتۇردۇم. ئەمدى ماڭايلى دەپ تۇرساق، دىلشات تاغام كونا ۋېلىسىپىتىگە دىلمۇراتنى ئولتۇرغۇزغان پېتى يېنىمىزدا پەيدا بولدى.

— پاھ، پاھ، ماۋۇ ۋېلىسىپىت ئەجەب چىرايلىق ئىكەن، بىراق باللار بىر ئاز قىسىلىپ قالىدىغان بوپتۇ-دە، بولمىسا ئۇمىدنى مەن مىنگەشتۈرۈۋالاي...— دېدى دىلشات تاغام ھېسداشلىق نەزىرىدە دادامغا قاراپ.

— بولدى مۇشۇ ۋېلىسىپىت بىلەن ئاپىرىپ قوياي. سەن دىلمۇراتنى ئېلىپ مېڭىۋەر. ھېلىمۇ خۇدايىم ماۋۇ ۋېلىسىپىتنى بەردى دېگىنە، بولمىسا بار جاپا مۇشۇ ئىككىسىگە بولاتتى، ئەمدى ھەرھالدا يول ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدى،— دېدى دادام كۈلۈپ.

كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا دىلمۇراتقا قارىدىم، قارىدىم-يۇ، يەنە تېزلا ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم. چۈنكى ئۇ ماڭا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇراتتى. ھېلىمۇ ياخشى دىلشات تاغام ۋېلىسىپىتنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ ئالدىمىزدا كېتىپ قالدى. دىلشات تاغامنىڭ ئەسكى ۋېلىسىپىتى مانا ئەمدى ماڭا شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتاتتى.

ئاشۇ كۈنى يول بويى ئەتراپتىكى ھەممە ئادەمنى كۆزىتىپ ماڭدىم. ئۇلار بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتقانمىدۇ؟ بىزگە قاراپ ھەيران قېلىۋاتقانمىدۇ؟ ماۋۇ ئادەمنىڭ ئايالچە ۋېلىسىپىت مىنىۋالغىنىنى قاراڭلار دەپ كۈلۈشۈۋاتقانمىدۇ؟ مانا بۇ سوئاللار مېنى قىيناپ ئەتراپتىكى ھەممە ئادەمگە گۇمان نەزىرىم بىلەن قاراشقا مەجبۇرلايتتى. مەكتەپكە ئاز قالغاندا بولسا، ساۋاقداشلىرىمنىڭ مەسخىرىلىك چىرايىنى كۆرمەيلا قوياي دەپ ئويلاپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مەكتەپكە يېقىن قالغاندا كۆزۈمنى ئېتىۋېلىش ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالدى. بىراق مەن كۆزۈمنى ئېتىۋالغان بىلەن باشقىلار ئېتىۋالمايدۇ-دە؟ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى «داداڭنىڭ ۋېلىسىپىتى چىرايلىقكەن» دەپ مېنى زاڭلىق قىلىدىغان بولۇۋالدى. شۇ ئىش سەۋەبلىك ھەتتا ئۇلار بىلەن مۇشتلىشىپ كەتكەن چاغلىرىممۇ بولدى. شۇنداق ۋاقىتلاردا خۇيلىنىپ، كۈنلەپ-كۈنلەپ دادامغا گەپ قىلمايتتىم. ئاخىرى مەكتەپكە ئاز قالغاندا ئۇنى-بۇنى باھانە قىلىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈۋېلىپ، مەكتەپكە مېڭىپ كېتىدىغان بولۇۋالدىم. بارا-بارا داداممۇ بۇ ئەھۋالغا كۆنۈپ قالدى بولغاي، مەن دائىم چۈشۈپ قالىدىغان يەردە

ئۆزلۈكىدىن توختاپ مېنى ۋېلسىپىتتىن چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولدى. ھەتتا بەزىدە مەكتەپتىن يانغاندا دادامنى ساقلىماي، سىڭلىم بىلەنمۇ كارىم بولماي ئۆيگە كىتىۋېرىدىغان بولدۇم.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، دادامنىڭ ئايالچە ۋېلسىپىتىمۇ بىز ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەت قىلىۋەردى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام يازغان بىر ھېكايە خېلى جىق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىنىپ قالدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ ئىشتىن بەك خۇشال بولدۇق. ھەممىدىن خۇشال بولغىنى يەنىلا مەن ئىدىم. چۈنكى دادامنى مۇشۇ پۇلنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى خەجلەپ بولسىمۇ بىر ۋېلسىپىت سېتىۋالىدىغۇ، دەپ ئويلايتتىم.

دادامغا مۇكاپات بېرىلگەن كۈنى كۈتۈلمىگەندە دىلمۇراتنىڭ دادىسى دىلشات تاغامنى ماشىنا سوقۇۋەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. دادام بىلەن ئاپام ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. كېيىن دىلشات تاغامنىڭ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلغانلىقىنى بىلدىم. كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. ئەمدى دىلمۇرات قانداق قىلار؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن ئېچىندىم.

كەچتە ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇرۇپ، دادام بىلەن ئاپامنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— مۇكاپات پۇلغا ئالدى بىلەن سىز بىر ۋېلسىپىت ئېلىۋېلىڭ، قالغىنىنى بانكىغا قويۇپ قويايلى،— دېدى ئاپام بوش ئاۋازدا.

ئاپامنىڭ بۇ گېپى قۇلىقىمغا شۇنداق خۇشياقتىكى، ئاغزىم قۇلىقىمغا يەتتى.

— ياق، ۋېلسىپىت ئالمايمەن. ئويلىغىنىم بار،— دادامنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ لەسسىدە بولۇپ قالدىم.

— ئۇنداق قىلماڭ دادىسى، ئۆزىڭىز ماڭغا ئوغلىمىز بۇ ۋېلسىپىتتىن بەك نومۇس قىلىدىكەن، دېگەنتىڭىزغۇ؟ ئوغلىمىزنى تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا خىجىل قىلمايلىچۇ،— ئاپام ھە دەپ دادامغا يالۋۇرۇۋاتاتتى.

— مەن قارىسام، ئوغلىمىز ئەمدى مەكتەپكە ئۆزى بارالايدىغان بوپتۇ، ۋېلسىپىتنىڭ ئۇنىڭغا كېرىكى قالماپتۇ. ئۇنىڭغا ئوقۇغۇچىلار بىلەتى ئېلىپ بەرسەك، خالىغاندا ئاپتوبۇسقا ئولتۇرا، خالىغاندا مېڭىپ بارا.

كىچىكنى يەنە بىرەر يىل ئاشۇ ۋېلسىپىت بىلەن توشۇۋەتسەم، ئۇمۇ ئاكىسى بىلەن بىللە بېرىپ كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ۋېلسىپىتنىڭمۇ كېرىكى قالمايدۇ. دىلشات تۇگەپ كېتىپ باللىرى يېتىم قالدى. مەن بۇ پۇللارنى شۇلارغا ئاپىرىپ بەرمەكچى. بۇ پۇل بىلەن ھەممىنى ھەل قىلغىلى بولمىسىمۇ، بىزگىمۇ، ئۇلارغىمۇ تەسەللى بولار.

— ھەممىنى بېرەي دەمسىز؟

— شۇنداق، ھەممىنى بېرەيلى. ھاياتلا بولساق پۇل تېپىلىدۇ. پۇل مېھىر-مۇھەببەتتىنمۇ ئۇستۇن ئەمەس،— دېدى دادام.

دادامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىلىپ يۈرگەن بولمىغۇر ئىشلىرىم كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. دادامنىڭ ۋېلسىپىت بىلەن دۆڭدىن چىققۇچە ھاسىراپ بولالماي قالغان ھالىتى، پىژغىرىم ئاپتاپتا تەرلەپ ئېقىپ كېتىشلىرى... دادامنىڭ تارتقان بارلىق جاپالىرى ۋە دىلمۇراتنىڭ غەمكىن قاراشلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى-دە، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. دادامنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىماقچى بولدۇم. بىراق دادام، ئاپامنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ياش يۇقى كۆزلىرىم بىلەن دادامنىڭ ئالدىغا كىرىشكە پېتىنالماي ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدىم.

شۇ كۈنى بىر كېچە كىرپىك قاقماي، يوتقىنىمغا پۈركىنىپ يىغلاپ چىقتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە شۇ ۋېلسىپىتكە ئولتۇرۇپ مەكتەپكە ماڭدۇق. يول بويى دادامنىڭ كەينىدە ئۇنىڭغا تويماي قاراپ ئولتۇردۇم. مەن دائىم ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ قالىدىغان يەرگە كەلگەندە، دادام ئادىتى بويىچە ۋېلسىپىتنى توختاتتى.

— دادا، مېنى مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىغىچە ئاپىرىپ قويساڭ بولامدۇ؟— دېدىم بوش ئاۋازدا.

دادام گېپىمنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق بىلەن ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، گەپ قىلماي يولىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. مەن قوللىرىمنى ئاستا ئاپىرىپ دادامنىڭ بېلىدىن چىڭ تۇتۇۋالدىم ۋە ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم، «دادا، سېنىڭ ئايالچە ۋېلسىپىتىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ قالتىس، ئەڭ نوچى ۋېلسىپىت...»

مۇھەررىرى: پولات ھېۋىزۇللا

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئەدەبىياتىمىزدا قەلەمكەشلەر ئاز ئەمەس، ئەمما قەلەمكەشلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئېتتۈرۈلگەن تۇرمۇش كارتىنىلىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بىر قېلىپتا ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇرغۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئەدىبلىرىمىزنىڭ دەۋرىمىز تەرەققىياتى بەخش ئەتكەن يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ يېڭى ئوزۇقلۇقلارنى يېتەرلىك قوبۇل قىلىشقا دىگەندەك كۆچەپ بولالمىغان. شۇڭا نۆۋەتتە ئەدەبىيات قوشۇنىدىكى يېڭى كوچلەرنىڭ بۇرۇنقىلار ئورۇنلاپ بولالمىغان بۇرچنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر. ئۈمىد ئەدەبىي قىزغىنلىقى پارتلاپ تۇرغان ياش كوچلەرگە باغلىق. ئۇلاردا نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەر بار. شۇڭا ياش كوچلەرنى تەربىيەلەش، چېنىقتۇرۇش، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش جۈملىدىن كەلگۈسى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىغا ئۇل قوشۇش مەقسىتىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ 2010 - يىللىق 3 - سانىدىن باشلاپ «يېڭى كوچ» سەھىپىسىنى يولغا قويغان ئىدۇق. دەرۋەقە، مەزكۇر سەھىپە يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ، ياشلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە بىر تۈركۈم ئىستىقباللىق «يېڭى كوچ»لەر قىزغىنلىق بىلەن ژۇرنىلىمىز ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ياشلارنىڭ ئىجادىيەتتە يەنىلا ئاساسىي ئېقىمغا ئەگىشىشى، ئۆزىدىكى تالانت، ئەۋزەللىكنى ياخشى جارى قىلدۇرالماسلىقى، ئەدەبىياتتىكى يېڭى چۈشەنچىلەرنى، يېڭىچە ئېستېتىك قىممەتلەرنى، يېڭى ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالماسلىقىدەك بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىدىكى باتۇر روزى، ئابدۇقادىر جالالىددىن، پولات ھېۋىزۇللا قاتارلىق شائىرلار، يېڭى پىروزىچىلىقتىكى مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشىمايدىغان يېڭىچە ئىجادىيەت پرىنسىپلىرى بىلەن ئۇيغۇر

يېڭى كوچ

«كۆيزار» يېڭى كوچلەر ئەدەبىيات سالونى

ئەدەبىياتىغا يېڭى قان بېغىشلىغان ئىدى، بۈگۈنكى شېئىرىيەت ۋە پىروزىچىلىقىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مەلۇم مەنىدە ئۇلاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يېڭى ئەسىر ياشلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى ئەسىرگە خاس بولغان ئۆزگىچە، يېڭىچە ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئۈچۈن ئاشۇ ياش كۆچلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەدەبىيات سۆيەر ياش ئابلەت مۇھەممەت كۆيىزارنىڭ ئۆز يېنىدىن خالىسانە مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ «(كۆيىزار) يېڭى كۆچلەر ئەدەبىيات سالونى» نامىدا مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر پائالىيىتىنى تەسىس قىلدۇق.

كونكرېت تەلەپلەر تۆۋەندىكىچە:

1. مۇكاپاتلىق ئەسەر پائالىيىتىگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىن يېڭى، ئىزدىنىش روھىغا باي بولۇشى لازىم.

2. ئەسەرلەرگە ژانىر چەكلىمىسى قويۇلمايدۇ.

3. مۇكاپاتقا تەۋسىيە قىلىنغان ئەسەرلەر بىردەك ژۇرنىلىمىزنىڭ «يېڭى كۆچ» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنىپ، شۇ ئەسەرلەر ئىچىدىن تاللىنىپ مۇكاپاتلىنىدۇ.

4. مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاشقا مەخسۇس مۇتەخەسسىس، ئوبزورچىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ.

5. پائالىيەت ژۇرنىلىمىزنىڭ 2012-يىللىق 3-سانىدىن 2013-يىللىق 3-سانىغىچە بولغان بىر يىللىق ئەسەرلەر ئىچىدىن تاللىنىدۇ.

6. 2012-يىل ئاخىرىدا تۆت ئاپتورنىڭ بىر پارچىدىن تۆت پارچە ئەسىرى تاللىنىپ، ھەر بىرىگە 1000 يۈەندىن مۇكاپات سوممىسى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ.

7. مۇكاپاتلىق ئەسەر پائالىيىتىگە ئەسەر ئەۋەتكەندە ئادرېسىڭىز، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرىڭىز، شۇنداقلا ئىسىم-فامىلىڭىزنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىڭ (ئىسىم-فامىلىڭىزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى كىملىكىڭىزدىكىگە ئوخشاش بولسۇن)


## ئاپتورلار سەمىگە

* تور ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتمەكچى بولغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلخەت ئادرېسىمىز tangritag1986@126.com غا يوللىشىنى سورايمىز.

* قەلەم ھەققىنىڭ ئاپتورلارنىڭ قولىغا ۋاقتىدا، ئوڭۇشلۇق يېتىپ بېرىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئاپتورلارنىڭ تور ياكى پوچتا ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە ئەسەر ئاخىرىغا ئېنىق ئادرېسى ھەم ئىسىم-فامىلىسىنى كىملىكتىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

* ئاپتورلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر يوللاشتىن بۇرۇن ئەسىرىنىڭ ئەسلى ئارگىنالىنى ساقلاپ قويغاندىن كېيىن ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## يامغۇرلۇق كېچە

سىرتتىن شارقىراپ ياغقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئاستاغىنە دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ھۆل بولۇپ كەتكەن دېرىزە ئەينىكىدىن ئۇياق-بۇياققا ئالدىراپ يۈگۈرۈشۈۋاتقان ئادەملەردىن باشقىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

ئۇ ئىتتىككىنە كەينىگە بۇرۇلدى.

ئۇ ئۈستەلنىڭ ھەممە تارتمىلىرىنى ئېچىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. شام تېپىپ قويۇشى زۆرۈر ئىدى.

كۈچلۈك چېقىلغان چاقماق ئۇنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ بىر قاپ سەرەڭگىدىن باشقا ھېچنېمە تاپالمىدى.

ئۇ يەنە بىر تارتمىنىڭ ئاغزىنى ئېچىش بىلەن توك ئۆچتى. «ئۆلگۈر...» ئۇ تارتمىنى زەردە بىلەن يېپىۋەتتى-دە، چاپىنىنى بېشىغا ئارتىپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ ئىشىكتىن چىققىنىچە مەھەللە دوقمۇشىدىكى دۇكان تەرەپكە قارىدى. دۇكاننىڭ چىرىغىمۇ ئۆچۈك بولۇپ، شام يورۇقىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئامالسىز يولنىڭ قارشىسىغا ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئادەتتە كۈندۈزى كەلگەن كىشىنىمۇ سۈر باسىدىغان بۇ مەھەللە بۈگۈن كەچ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۈس ئالغانىدى. ئۇ ساپما كەشىنىڭ ئىككى يېنىدىن سۇ كىرىشكە قارىماي توختىماي يۈگۈرەتتى، ئۇنىڭ ئەس-يادى ئۇدۇلدىكى شام يورۇقى كۆرۈنۈۋاتقان دۇكاننىڭ يورۇقى ئۆچكىچە شام ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىش ئىدى.

ئۇنىڭ پۇتى تۇيۇقسىز بىر نېمىگە پۇتلاشقاندەك قىلدى-دە، پەسكە قاراشقا ئۈلگۈرمەيلا ئالدىدىكى پاتقاققا دۈملا يىقىلدى.

«نەس باسقۇر... نېمە پېشكەللىك بۇ؟!» ئۇ ئورنىدىن قىينىلىپ تۇردى-دە، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي دۇكان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ دۇكاننىڭ ئىشىكىنى تەسلىكتە ئىتتىرىپ ئېچىپ

يېڭى كۈچ
«كۆيزار» يېڭى كۈچلەر ئەدەبىيات سالونى

دۇكانغا كىردى.

دۇكان ئادەم بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئولتۇرغانلار شام يورۇقىدا بەخىرامان ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بولۇپ، خۇددى سىرتتىكى بوران-چاپقۇندىن خەۋەرسىزدەك كۆرۈنەتتى. پەقەت يانىدا ئۆرە تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللا دېرىزىدىن كۆزىدىن ئۈزمەيتتى، ئۇنىڭ چاچلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، پات-پات قولى بىلەن يۈزىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى قايرىۋېتەتتى. پات-پات قولىدىكى سائەتكە قاراپ نېمىگىدۇر تىت-تىت بولاتتى.

— ئىشكنى ياپ، سوغۇق كىرىپ كەتتى!— پۈكەي ئالدىدىكى شاپ بۇرۇت كىشى قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى. ئۇ ئېسىنى يىغقاندەك بولۇپ، شاپ بۇرۇتقا قارىدى:

— ئاكا، شام ئالاي دېگەن...

— شام دەمسەن؟ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى شام كېلىشىنى ساقلاۋاتىدۇ ئۇكام، دۇكاندىكى شام بايا تۈگەپ كەتتى، ئۆيدە بىر ئاز بار ئىدى، بالامنى ئەۋەتتىم، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بوپ قالدى، بىر ئاز ساقلاپ تۇرغىن...

«تووا نېمە بولغىنى بۇ ئەمدى ...» ئۇ نارازىلىق بىلەن بېرىپ دېرىزە تەكچىسىدىكى شامنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى.

ئۇ بۇ كۈننى قانداقتۇر خەيرلىك كۈن ئەمەستەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا داۋاملىق كەچتە يىقىلىپ چۈشۈش ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، يىقىلىپ كەتكەندە ئورنىدىن تېز تۇرۇپ كېتىش كېرەك، دەيتتى. ئۇ بايامقى ئىشنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ ئالدىراپ ئۆزىنىڭ كىيىملىرىدىكى پاتقاقلارنىمۇ سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇ قولى بىلەن كىيىمىدىكى پاتقاقنى سۈرتۈشكە باشلىدى، قىزىق يېرى سۈرتكەنسىرى كىيىمى قىزىل بويىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ قولىنىڭ ئالىقىنىغا قارىدى.

«قان؟» ئۇ ئالىقىنىدىكى قانغا قاراپ قورقۇپ كەتتى.

ئۇ بايا يىقىلغان چېغىدا بىرەر تاش ياكى ئەينەك پارچىسى كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ قولىدىكى قاننى سۈرتتى، قىزىق يېرى قولىدا ھېچقانداق يارا ئېغىزى يوق تۇراتتى.

«ئەجەبا؟!...»

— ئۇكام بالام ھازىرلا كېلىدۇ...

ئۇ شاپ بۇرۇتنىڭ توۋلىشىغىمۇ قارىماي سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

قاراڭغۇدا ھېچنىمىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ بايا ئۆزىنىڭ قەيەردە يىقىلغىنىنىمۇ پەرق قىلالمايۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇدۇلدىن بىر ماشىنا كەلدى. ئۇ ماشىنا يورۇقىدا يەردە ياتقان بىرىنى پەرق قىلدى-دە، ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈردى. ئەپسۇس، ئۇ نىشانىنىڭ يېنىغا ئەمدى بېرىشى بىلەن ماشىنا ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپ يەنە ئىلگىرىكى قاراڭغۇلۇققا قايتتى. ئۇ نە قىلارنى بىلمەيتتى.

ئۇ يەرنى سىلاشتۇرۇپ ئاخىرى ئۇ كىشىنىڭ قولىنى تاپتى.

— ئاخىرى كەلدىڭىز، مەن تېخى كۆرۈشەلمەيدىغان ئوخشايمىز دەپتىمەن.

ئۇ چۆچۈپ قولىنى تارتتى، ئەپسۇس قولىنى ئاجرىتالماي قالدى. ئاڭلىنىۋاتقىنى ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىدەك قىلاتتى.

— كەتمەڭ قەدىرلىكىم، سىزگە دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار، مېنى تاشلاپ قويماڭ. مېنى ئاخىرقى قېتىم يېنىڭىزدا تۇرغىلى قويۇڭ.

ئۇنى قارا تەر بېسىپ كەتتى. شۇتاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

— ئاكا سىزگە نېمە ئىش بولدى؟... نېمىگە بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟ تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟ مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايمۇ؟

— بالىمىز ئۆلۈپ كەتتى. مەن تىرىشتىم قەدىرلىكىم، بىراق ئۇ شۇ يەرگە بارىمەن دەپ ئۇنىمىدى. دوستلىرى ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. قەدىرلىكىم مېنىڭدىن نەپرەتلەنسىڭىز بولىدۇ. مېنى ئۆرۈڭ... مېنى تىللاڭ... بالىمىز تېخى سىزنى كۆرمەي تۇرۇپ مەن ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم... مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گۇناھكار قەدىرلىكىم...

ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا نە يېغىۋاتقان يامغۇر، نە قاراڭغۇ كوچا ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ياتقان كىشىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىمدىدى.

— مەن يېنىڭىزدا، سىز ھېچنېمىدىن قورقماڭ. مەن يېنىڭىزدىن ئايرىلمايمەن. بىز ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئۇ كىشىنى يۆلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئايال كىشىنىڭ رولىنى ئالماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

— ئوغلۇم، سەن ھاياتمۇ؟ ئوغلۇم... — ئۇ كىشى قاتتىق يۆتىلىپ كەتكەندىن كېيىن جىمىپ كەتتى. ئۇ جىددىيلىك بىلەن ئەتراپقا قارىدى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ۋە ۋەھىمە باسقان بولۇپ بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بايىقى شام يورۇقى كۆرۈنگەن دۇكانمۇ ئاللىقاچان شامنى ئۆچۈرگەنىدى.

— ئادەم بارمۇ؟!...

ئەپسۇس، شارقىراپ ياغقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئۇزۇنغا بارغۇزمايتتى.

ئۇ ئۇ كىشىنى يۆلىدى-يۇ، توساتتىن قولى توختاپ قالدى.

«ئۇ زادى نېمە بولغان ئادەم؟ بايىقى قان زادى نەدىن كەلگەن؟ ئەگەر ئۇ ئادەمنى بىرەرى قەستلىگەن بولسىچۇ؟ ئۇچاغدا؟...»

ئۇنىڭ قولى تۇيۇقسىز بوشاپ كەتتى. ئۇ ئۇ كىشىنى ياتقۇزۇپ قويدى-دە، ئورنىدىن تۇردى.

يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يۈزىنى ئاسمانغا قاراتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇرغا قوشۇلۇپ ئاقماقتا ئىدى.

ئۇ شۇ تاپتا نە يالغۇز كىرىپ كېتىشنى، نە بۇ كىشىنى بىرگە ئېلىپ كىرىپ كېتىشنى بىلمەيتتى.

ئۇنىڭ بىر ئېغىز «ئوغلۇم» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى. ئاپىسى ئۇ ئەقلىنى بىلمەستە ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، دادىسى ئۇنى شۇ كەمگىچە ئوغلۇم دەپ چاقىرىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ پەقەت ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى، ماڭغان-تۇرغىنىنى باشقۇرۇشنىلا بىلەتتى. شۇڭا ئۇ پەقەت باشقۇرۇشنىلا بىلىپ ئۆزىگە دادىلىق مېھرى بەرمىگەن دادىسىدىن نەپرەتلىنەتتى.

بىراق بۈگۈن ناتونۇش بىر كىشى ئۇنى ئوغلۇم دەپ چاقىردى.

ئۇ ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا تىزلاندى. سىلاشتۇرۇپ ئىككى قولىنى تاپتى-دە، مۇرىسىگە ئالدى.

ئۇ كىشى توختىماي ئىڭىر-ئىڭىر ھاسىرايتتى. ئاندا-ساندا يۆتىلەتتى.

ئۇ ئاران دېگەندە ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۆي ئىچى سىرتتىنمۇ قاراڭغۇ ئىدى.

ئۇ يۆتىنغا بىر نېمە پۇتلاشقىنىدىن ئۆزىنىڭ كارىۋات ئالدىغا كەلگىنىنى سېزىپ، دۈمبىسىدىكى كىشىنى ئاستا ياتقۇزدى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

ئۇ ئاستاغىنە دېرىزە يېنىغا كەلدى-دە، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، ساقچى ئىدارىسىمۇ؟...

ساقچىلارنىڭ «ھازىرلا يېتىپ بارىمىز» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خېلى جايىغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئەمدى بىر ئاز يېنىكلىگەندەك بولۇپ، كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى.

ياتقان كىشىدىن تىنغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنى سەل ۋەھىمە باسقاندەك بولدى. ئۇ تىترەپ جېنى قالمىغان قولىنى تەسلىكتە ئۇنىڭ بۇرنىغا ئاپاردى. قولىغا ھېچ تىنىق ئۇرۇلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇنى قارا تەر بېسىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە توك كەلدى.

— دادا... — ئۇ قورقۇپ كەينىگە داجىدى. تۇيۇقسىز تېلېفون سايرىدى. ئۇ تىترىگىنىچە بېرىپ تېلېفوننى ئالدى.

— ئاغىنە، سەن سالامەتمۇ؟ ئەنسىرىمە... داداڭغا بىز سېنى ھادىسىدە ئۆلۈپ كەتتى دېدۇق، ئۇ ئەمدى ئىشلىرىڭغا ئارىلىشالمايدۇ...

تۇرۇپكا ئۇنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

# قانغا بويالغان كۆنلۈك

يامغۇرنىڭ دىرىزە ئەينىكىگە يېنىك تەگكەن ئاۋازى ئۇنى سەگىتكەندەك بولدى.

— يامغۇر يېغىپتۇ-دە،— ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— شۇنداق ئاكا، يامغۇر ياغدى، سىرتقا چىققۇڭ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە... ھېلىقى ئورمانلىق بۈگۈن چوقۇم تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى...

* * *

شەھەر سىرتىدىكى بۇ ئورمانلىق ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جايى ئىدى. ھەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا ئۇ بۇ ئورمانلىققا كېلىشنى ئۇنتۇمايتتى.

ئۇ كونا ئادىتى بويىچە ئورۇندۇقنى ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق دەرەخنىڭ تۈۋىگە قويدى-دە، كۆنلۈكنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ، ئورماننىڭ نەمخۇش ھاۋاسى ۋە يامغۇرنىڭ يوپۇرماق ۋە كۆنلۈككە تەگكەن ئاۋازىدىن ھۇزۇرلىنىشقا باشلىدى.

ئۇ بۇ خىل ھالەتنى ياخشى كۆرەتتى. يامغۇر كۆنلۈككە تىرىسلاپ چۈشكەن چېغىدا ئۇ خۇددى سۆيگىنىنى كۆنلۈكنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك سېزەتتى-دە، كۆنلۈكنى تېخىمۇ چىڭ سىقىمدايتتى، بۇ چاغدا بولسا ئۇ خۇددى ئۆزىنى سۆيگىنىنىڭ قولىنى تۇتۇۋاتقاندەك سېزەتتى. بۇنداق چاغلاردا نە بىرىنىڭ كېلىپ «ئاكا، ئۇستىبېشىڭىز ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، قايتىپ كېتەيلى» دېيىشلىرى، نە ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ ئۇنى «ساراڭ» دېيىشلىرى قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ تاكى يامغۇر توختىغۇچە ئەنە شۇنداق ئولتۇرغىنىچە شىرىن خىياللارغا چۆكەتتى. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيتتى...

— ھەممە خۇشاللىقنىڭ ئاخىرى قايغۇ بولامدۇ؟— سورىدى ئۇ يېنىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان قىزدىن.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟— قىز ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— بىر كۈنلەردە مەن يوق بولۇپ قالسام سىزنى قانداق قىلار دەپ ئەنسىرەيمەن...

— ئۇنداق گەپنى قىلماڭ بولامدۇ؟ سىزنىڭ مەندىن ئايرىلىپ كەتكەن كۈنىڭىز دەل مېنىڭ ئۆلگەن كۈنۈم بولىدۇ، مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى كۆرمەي دېسىڭىز، بۇنداق گەپنى قىلماڭ.

— ئەلۋەتتە مەن چوقۇم سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولىمەن،— ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى-دە، كەينىگە ئۆرۈلدى،— بۇ دەرەختىكى خەت ئۆچمىگۈچە مېنىڭ مۇھەببىتىم مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ...

بىرەيلەننىڭ يېقىلغان ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، ئۇ خىيالىنىڭ داۋامىنى سۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ ياندىكى ئۇنلۈك يىغا ئاۋازى ئۇنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى.

— سەن نېمىگە قارايسەن؟ قىزىق تۇيۇلۇۋاتامدا؟

ئاڭلانغان ئاۋاز ئۇنى سەل چۆچۈتكەندەك بولدى، بىراق ئۇ يەنىلا ئۈندىمەي تۇرغان پېتىچە تۇرۇۋەردى.

— ئاناڭنى... سەن مېنىڭ قىزىقچىلىقىمنى كۆرگىلى كەلدىڭ شۇنداقمۇ؟...

ئۇ يەنە ئۈندىمىدى.

ئۇ تۇيۇقسىز يۈزىگە تەگكەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماق بولۇپ يۈزىنى ئاستا سىلىدى.

تۇتماققا لايدەك قىلاتتى. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ يۈزىنى سۈرتۈۋەتتى.

قەدەم ئاۋازى بارغانچە يېقىندىن ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— ئاكا نېمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرىسەن؟— بۇ باياقى كىشىنىڭ ئاۋازىدەك قىلاتتى.

— يامغۇردىن ھۇزۇر ئېلىۋاتىمەن...

— ھۇزۇر ئېلىۋاتىمەن؟ ھا... ھا... ھا...!!!— كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى،— يامغۇرنىڭ ھۇزۇر ئالغۇدەك نەرى بار؟

— ئەمىسە ئۆزۈڭ نېمىگە يامغۇر ياغقاندا بۇ يەرگە كېلىسەن؟

— يامغۇر ياغقاندا يىغلىساڭ كۆز يېشىڭنى باشقىلار كۆرمەيدۇ. مەن بۇ يەرگە قانغۇچە يىغلىۋېلىشقا كېلىمەن... بىراق سەن كۆرۈپ قالدىڭ... مەن بۇنى خالىمايتتىم...

— كۆرۈپ قالدىڭ؟ — ئۇ يىنىككىنە كۈلۈپ قويدى، — سەن خاتىرجەم بول، مەن كۆرەلمەيمەن، سېنىڭ تەلىيىڭ باركەن، قانغۇچە يىغلىۋالغىن. بىراق يىغلاپ بولۇپ ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىگە يېنىشنى ئۇنتۇما.

— كۆرەلمەي تۇرۇپ يامغۇرنىڭ نېمىسىدىن ھۇزۇرلىنىسەن؟ — يىگىت ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— مەن يامغۇرنىڭ ئاۋازىدىن، بۇرنۇمغا ئۇرۇلغان نەم ھاۋادىن ھۇزۇرلىنىمەن. ھاۋا ياخشى كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭىدىن باشقا ئاۋازنى ئاڭلىمايمەن. مەن ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن بىزار. پەقەت يامغۇرلۇق كۈنلەردىلا مەن تەنھا قالىمەن، بۇنداق چاغلاردا يامغۇرنىڭ تىرىسلاشلىرى ماڭا مۇھەببەت ئېپ كېلىدۇ... — ئۇ دەرەخ غولىغا ئويۇلغان خەتنى سىلىدى.

ئۇ قولىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشىدىن چۆچۈدى.

— ھەي سەن نېمە دېمەكچى؟ بۇ مېنىڭ مۇھەببىتىم ئۈچۈن ئويغان خېتىم.

ئۇ بۇ ھالدىن بەكمۇ تەئەججۇپلەندى.

— ياق سەن خاتالاشتىڭ، بۇ خەتنى مەن ئويغان، بۇنىڭغا بەش يىل بولدى...

— ئاكا سېنىڭ كۆزۈڭ كۆرمەي ئالماشتۇرۇپ قويۇپسەن، بۇ دەرەخلەردە بۇنداق خەتلەر كۆپ، بۇ خەتنى مەن سۆيگىنىم ئۈچۈن ئويغان، ئەپسۇس ئۇ ۋاپاسىز مېنى تاشلاپ باشقىلار بىلەن قېچىپ كەتتى. ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم... بۇ تۇتقىنىڭمۇ ياخشى بولدى، مەن بۇنى بۇزۇۋېتەي، مۇھەببىتىم يوق بولدى، بۇ خەتنىڭمۇ مەن ئۈچۈن ئەھمىيىتى يوق...

ئۇ ئىككى قولى بىلەن خەت بار ئورۇننى توسۇۋالدى.

— ياق، مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىگىنى بىلەن يۈرىكىم خاتا تونۇمايدۇ، بۇ مېنىڭ مۇھەببىتىم ئۈچۈن ئويغان خېتىم. ئۇ بەش يىل بۇرۇن ھادىسىدە ئۆلۈپ كەتتى. مېنىڭ بۇ خەتتىن باشقا ئەسلىمەم قالمىدى، مېنى بۇنىڭدىن قۇرۇق قويمىغىن.

— ئاكا بۇ مېنىڭ خېتىم، سېنىڭ ئەمەس، ماڭا ئىشەنگىن. بۇنى بۇزۇۋېتەي، ئاندىن مەن ساڭا ئۆزۈڭنىڭ خېتىنى تېپىشىپ بېرىمەن...

ياندىن ئاڭلانغان ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىشتۇردى. ئۇ تونجى نۆۋەت يامغۇر توختىماستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئورۇندۇقنى ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

— سەن نېمىشقا مېنىڭ قەدىرلىك نەرسەمنى يوق قىلماقچى بولىسەن؟ ئۇ مېنىڭ سۆيگىنىمدىن قالغان بىردىنبىر خۇشاللىقىم.

ئۇ كۈنلۈكنى ئۇدۇلغا تەڭلىدى-يۇ، قايتۇرۇپ ئەكېلەلمەي قالدى. ئۇدۇلدىن ئېغىر تىنغان ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئۇنى قارا تەر بېسىپ كەتتى. ئۇ كۈنلۈكنى كۈچەپ تارتتى، قانداقتۇر بىر نېمە پەسكە چۈشكەندەك قىلدى. ئۇ قورقىنىدىن تېلېفوننى قولىغا ئالدى ۋە ئۇرۇش كونۇپكىسىنى باستى.

— ئاكا، يامغۇر توختىماستىنلا تېلېفون ئۇرۇپسەنغۇ؟

— بۈگۈن بالدۇر قايتقۇم كەلدى، سەن كېلىپ مېنى ئەكەتكىن بولامدۇ؟

* * *

ئۇ ھودۇققىنىدىن پۇتى باسقانچە يولدىن مېڭىۋەردى، ماڭغانسىرى ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى.

كەينىدىن بىرىنىڭ تۇتۇشى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى.

— ئاكا، نېمانچە چۆچۈيسەن، سېنى بىرى قورقۇتتىمۇ؟

— مەن قايتىدىغان يولنى تاپالماي قالدىم. مېنى ئېلىپ كەتكىن.— ئۇ توختىماي تىترەيتتى.

— ئاكا، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بىز داۋاملىق بارىدىغان ئورمانلىق ئالدىنقى ھەپتىدىن باشلاپ بۇزۇۋېتىلگەچكە سېنى بۇ ئورمانلىققا كېلىپ كۆڭلى خۇش بولامدىكىن دېگەنتىم.

قانغا بويالغان كۈنلۈك ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى...

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

# دېڭىزغا تەسەللى

يۈسۈپجان مۇھەممەت ئەرتۇغ

نېمانچىلا ئۆكسۈيسەن زادى
قىرغىقىڭدا قىزلار يوقمىدى؟
كەتكەن بىلەن گۈزەل، شوخ قىزلار
قارلىغاچلار تېخى،
سېنى ئەگىپ كەتمىدى.
قىز بولۇپ ساڭا ئەركىلەر ئەمدى.
بىلمەن
كۆزلىرىڭدىن كۆزلەر كەتمىدى
خىيالىڭدىن قىزلار كەتمىدى
بولدى بەس! سەۋر قىل
دۇنيا ساڭا ئاران بىرمىدى...

# بىر ئوت

جۇمەخۇن داۋۇت

لېۋىڭگە قار بولۇپ چۈشسەم تېنىمدا قالغىنى بىر ئوت،
ئىزىڭدا ھەرزامان ئۇنلەپ جېنىمنى ئالغىنى بىر ئوت.

خىياللار مەۋجىدە كۆكلەپ كۆڭۈل سۆزلەيدۇ، سۆزلەيدۇ،
كۆڭۈلنى زوق بىلەن چىللاپ ئىشققا سالغىنى بىر ئوت.

نىگاھىڭ ئەكسىدە چولپان مېنى كۈتكەندە ناز بىرلە،
دىلىمنى تار قىلىپ شۇئان كۆيۈككە چالغىنى بىر ئوت.

يىرىپ تۈننىڭ يۈرەكنى ئۆزۈمنى ھەر تامان ئۇرسام،
يۈزۈمنى مۇڭ بىلەن نەمدەپ كۆزۈمدىن تامغىنى بىر ئوت.

يولۇڭنى لالىزار ئەيلەپ قېنىمدا گۈل ـ چېچەك قىلسا،
چىمەندە بىناۋا سەرسان، يىراققا باققىنى بىر ئوت.

# بالىلىقنى ئىزدەش

مۇھەممەتجان توختى قارا تېكىن

بالىلىقىم قېنى سەن، چۆچەكلەردىن ئىزدىدىم،
نەۋ باھاردا ئېچىلغان چېچەكلەردىن ئىزدىدىم.

سەكرەپ ئويناپ قىرلاردا، ئات چاپتۇرۇپ يوللاردا،
بىز چۆمۈلۈپ ئوينىغان كۆلچەكلەردىن ئىزدىدىم.

تېشىپ كىرىپ شورىنى، قېقىۋەتكەن غورىنى،
ئۈزۈۋەتكەن سويمىنى، چۆنەكلەردىن ئىزدىدىم.


مەشرەپتە يەپ دەررىنى، قوغلاپ سۈرۈپ ھەرىنى،
بۇزۇۋەتكەن بىز تالاي كۆنەكلەردىن ئىزدىدىم.

يازدا بېقىپ پادىنى، قىشتا ئويناپ چانىنى،
مۇز ئۈستىدە ئوينىغان غۇژژەكلەردىن ئىزدىدىم.

بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ساددا ـ سەبىي دوستلىرنى،
بالىلىققا قانمىغان يۈرەكلەردىن ئىزدىدىم.

چاچلىرىمنى باستى ئاق، سەن كېتىپسەن بەك يىراق،
ئانام بەرگەن دۇئالار ـ تىلەكلەردىن ئىزدىدىم.

يېڭى كۆز
«كۆيزار» يېڭى كۈچلەر ئەدەبىيات سالونى




1

— سىلەرنى قەلب باغچامغا چاقىراي، بۇ يەرگە گۈللەر تېرىڭلار، خۇش ھىدىڭلارنى چېچىڭلار...

— ئۇ يەر گۈللەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، بىز باشقا گۈلسىز قەلبكە ئۇۋا سالايلى،— دەپ ۋارقىراشتى بىر توپ باھار قۇشلىرى.

2

— پاھ، بۇ يەر جەننەت ئىكەنغۇ،— دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

— ئەپسۇس، بۇ يەر مېھرسىز قاغجىراپ كەتتى،— دېگەن مەيۇس ئاۋاز ئاڭلاندى.

3

— زېمىن، باغرىڭنى ئاچ، باللىرىمنى قايتۇرۇپ بېرەي،— دېدى دەرەخ زېمىنغا قاراپ.

— بىزنىڭ قايتار ۋاقتىمىز كەلدى،— دەپ چۇرقىراشتى يوپۇرماقلار.

— قەلبىم سىلەرگە مەڭگۈلۈك پاياندار سالىدۇ،— دېدى زېمىن.

4

— مېنى دەسسىمە،— دېدى غازاڭ.

— مەن سېنىڭ ھېكمەتلىرىڭنى ئاڭلاشقا ئامراقمەن،— دېدىم ئۇنى ئالقىنىمغا ئېلىپ.

— ئاجىزلاردىكى ھېكمەت كۆپىنچىسى ھەسرەتتىن پۈتۈلىدۇ، ئۇنى قولۇڭغا ئالساڭ دىلىڭ كۆيىدۇ...— ئۇ شۇنى دەپلا ئۇچۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنى باغرىمغا چىڭ بېسىۋالدىم.

5

— سىلەرگە ئېچىنىمەن،— دېدىم يەردە چېچىلىپ ياتقان زەپىران غازانلارغا قاراپ.

— مەيۇسلەنمە، بىز ئۇۋىسىغا قايتىدىغان قۇشلارمىز...— دېدى ئۇلار.

6

يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى، ئۇ بىر ھاياتنىڭ قىسقىچە تارىخى ئىدى.

7

چۈشۈمگە كىرگىن، مەن سېنى قەلب باغچامدىكى ئەڭ گۈزەل گۈل ياپرىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دىلىم قېتىدىن ئېتىلىپ چىققان مۇڭلۇق نەي كۈيۈمنى ھەدىيە ئېتەي.

8

باشقىلاردىن نەپرەتلەنمە ھەم ئۆزۈڭدىنمۇ! چۈنكى نەپرەت بار جاي گويا زۇلمەتلىك كوھقاپقا ئوخشايدۇ، ئۇ يەردە ھەم مەڭگۈ يول ھەتتا ئىزمۇ بولمايدۇ.

9

قەلب ئىشكىم چېكىلدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟— سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— دەرھال ئۇ يەرگە بار،— دېدى ئۇ بىر توپ كىشىلەر ئالىتاغىل توۋلاۋاتقان جايغا قاراپ،— سېنى سانسىز كىشىلەر ئىزدەۋاتىدۇ، ئۇلارغا قەلب قەسرىڭنى ئېچىۋېتىشنى ئۇنۇتما!

10

بىر تال قار ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

يېڭى كۆز

«كۆيزار» يېڭى كۆچلەر ئەدەبىيات سالونى

— نېمىگە كۈلسەن؟

— ئۈمىدسىزلىككە تولغان شۇبھىلىرىمنىڭ ئۆزۈم بىلەن تەڭ ئېرىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ،— دېدى ئۇ ھاياجان ئىچىدە.

11

— مەنپەئەتتىن بىزار بولدۇم،— دېدىم ئۆز-ئۆزۈمدىن قاقشاپ.

— ياق، ئۇ ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغۇچى سېھىر، شۇ سەۋەبلىك دۇنيا مەڭگۈ ئالدامچىلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ...— دېدى دانىشمەن.

12

— پاكلىق پەرۋاز كۈيلىرىڭنى ياڭرات!— دېدى ئاق قار ماڭا قاراپ.

— نېمىشقا؟

— مەڭگۈلۈك باھار چاقناپ تۇرغان كۆڭۈللەر بىلەن مۇڭدىشىشقا،— دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

13

— مەنمۇ كۈلدۈم،— دېدى مۇز مەيۈسلۈك ئارىلاشقان ساددىلىق بىلەن.

— ئەمىسە باھارنىڭ تاجى—ياپراقلار ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بېغىشلا،— دېدى غايىبتىن كەلگەن بىر كۈچلۈك سادا.

ئۇ شۇئان بىر تۈپ غۇنچىنىڭ يىلتىزىغا قاراپ ئېقىپ كەتتى.

14

— رەزىللەرگە ھالاكەتنىڭ ئىشكى مەڭگۈ ئوچۇق تۇرسۇن،— دېدىم قاتتىق ۋارقىراپ.

— ياق، ئۇلارنى ھىدايەتنىڭ ھىدلىرى سۆيسۇن،— دېدى غايىبتىن كەلگەن سادا.

15

بىر ياپراق نېمە ئۈچۈندۇر ئۇھسىنىپ تۇرۇۋىدى، بىر قۇشقاچ ئۇچۇپ كەلدى:

— پەرىشانمۇ سەن؟

— ياپراقلىرىم ئەتىرگۈلدەك يالتىرىمىدى، ئۆزۈمنىڭ بۇ سەت ھۆسنۈمدىن سەسكىنىمەن،— ئۇ ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ تاشلىدى.

— ئالىيجانابلىقنىڭ ساختا نىقابىغا ئۆزۈڭنى كۆچەپ كىرگۈزمە، ئاددىي نەرسىدىمۇ قۇياشنى غال-غال قىلغۇدەك ھەقىقەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئۇنۇتما!!!

16

— بەك رەزىل ئىكەنسەن،— دېدى چىش تىلغا.

— قانداق دەيسەن؟

— بىر ئېغىز سۆزۈڭ تۈپەيلى، بىر ئىنسان ئازابىنىڭ قۇلىغا ئايلاندى...

— ئەگەر سەن مېنى مەھكەم قورغانلاپ، ئۆز رولىڭنى جارى قىلدۇرغان بولساڭ بۇ پاجىئە يۈز بەرمىگەن بولاتتى،— دېدى تىل ئۆزىنى ئاقلاپ.

ئىككىسىنىڭ مۇنازىرىسىنى ئۇيقۇدىكى بىغەم ئىنسان تۇيماي قالدى.

17

خەير شادلىقىم، ئارمىنىمنى يەلكەمگە ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىپ قالاي. گۈللىرىم ئۈچۈن پەرۋىش بېرىشنى ئۇنۇتما.

18

مەن ئۇيقۇ بىلەن پاياندازلانغان كوچىدا بەخۇدۇك كېتىپ باراتتىم...

— بۇ يەر ئۆلۈمگە تۇتىشىدۇ،— دەپ ۋارقىرىدى غايىبتىن كەلگەن سادا.

19

ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى، ئەتراپقا ئەنسىزلىك، چۆچۈش، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆزىنى تىكىپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

قۇياش ئۇنىڭ بېشىدىن ھايال قالماي كېتىپ قالدى.

20

— يەلكەمدىن بىر ئاز چۈشۈپ تۇرغىن!

— بىر ئازدىن كېيىن سېنى يەنە جوراڭ بىلەن قوشۇپ ئېلىۋالاي...

21

«ئۇھ»لىرىمىز سەۋەبلىك ئىرادىمىز ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىبلىس ئۆز سېھىرلىرىنى توشقۇزدى.

22

ئۇنلىرىڭ قەلب قېتىمدا ياڭرىسۇن، مەن ئۇنى دۇنياغا ياڭرىتاي...

23

سىمايىڭ كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن تەلپۈنۈش گىرەلەشكەن بىر تامچە بىلەن غايىب بولدى.

ئەمما يۈرىكىمدە بىر ناخشا مەڭگۈ ئالتاغىل سەكرەپ يۈردى.

24

ئالغىن ھېكمەت ساندۇقۇم

ھىكمەت نۇرۇڭ بىلەن ھەممىگە چوڭقۇر قاراپ باقاي.

ئۇلار ساڭا قارىسۇن، قەلبى نۇرلىرىڭ بىلەن نۇرلانسۇن.

— نېمە ئۈچۈن...؟

— بەڭباش ھېسلىرىمنى ئۆزۈمگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن خالاس!

مۇھەررىرى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

www.uyghurkitap.com

# يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى

(بۇ ئەسىرىمنى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مامىبەت تۇردى مۇئەللىم، ئىقبال تۇرسۇن مۇئەللىم، ئابدۇقادىر جالالىددىن مۇئەللىم، مەريەم مۇئەللىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ ئەجرىگە بېغىشلايمەن)

ھەزرەتئېلى ئەلى

مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرى ئىچىدە شېئىرىيەت ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىنى «شېئىرىيەت تارىخى» دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. فارابىدىن باشلانغاندىمۇ ئالاھازەل 1100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئەمما شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۈزۈكچىلىك خېلىلا ئېغىر بولغان. پەقەت 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغا كەلگەندە ھەقىقىي مەنىدىكى تەنقىدچىلىك بىخلىنىشقا باشلىغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، بولۇپمۇ 80-يىللاردا پەيدا بولغان «يېڭىچە شېئىرىيەت» ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىز ئالاھىدە گۈللىنىش مەزگىلىگە كىرگەن ھەم تاكى 90-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە قىزغىن ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شېئىرىيەت كۆپ خىللاشتى، رەڭدارلاشتى، شېئىرىيەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلارمۇ چوڭقۇرلاشتى. شېئىرىيەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. ئەمما 21-ئەسىرگە كىرگەن يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى 15 يىلىنى ھەممە شائىر-يازغۇچى، ئوقۇرمەن، تەنقىدچىلەر ئېغىزغا ئېلىشىدۇ. ئۇ چاغدىكى قايناق ئىجادىيەت قىزغىنلىقى، تەنقىدچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قىزغىن بەس-مۇنازىرە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە. ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنە شۇنداق تالاش-تارتىش، مۇنازىرە ئىچىدە تەرەققىي قىلىدۇ. خۇددى ئېقىن سۇنىڭ ئۆمرى توختام سۇنىڭكىدىن ئۇزۇن بولغىنىدەك.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات پائالىيىتىنى باھالايدىغان، تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل پەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس سىستېمىلاشقان نەزەرىيەلىرى بار. ئۇ ئۆز

يېڭى كۆز

«كۆيزار» يېڭى كۆچلەر ئەدەبىيات سالونى

ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە جۈملىدىن جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەتمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ خالىغان بىرىدە بۇرۇلۇش ھاسىل بولسا، يەنە بىرىدىمۇ ماس ھالدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇلار بىرخىل تەڭپۇڭ ھالەتنى ساقلايدۇ. ئەگەر تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا، سەنئەتكار، ئەسەر، ئوقۇرمەن، جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈكچىلىك شەكىللىنىدۇ. تەنقىد ۋە تەنقىدچىلەر دەل ئاشۇ ئۈزۈكچىلىكنى، چۈشىنىكسىزلىكنى تۈگىتىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرىدىغان پىشاڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك. تەنقىدچىلەر ئالاھىدە ئىستېتىك ساپاغا، سەنئەت تەربىيەسىگە ھەم ھەر تەرەپلىمە پەننىي بىلىمگە ئىگە ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك زوقلانغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ توغرا باھاسى، قايىل قىلارلىق تەھلىلى سەنئەتكار بىلەن زوقلانغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا جۈملىدىن شائىر ـ شېئىر ـ ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئوقۇرمەنلەرگە چۈشىنىش قابىلىيىتى، شائىرلارغا تېخىمۇ ياخشى يېزىش ئىلھامى، شېئىرىيەتكە قىزغىنلىق بەخش ئېتىپ، پۈتكۈل ئەدەبىياتقا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، شېئىرغا، شېئىرىيەت تەتقىقاتىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىم تۈپەيلى بۇ ئىشقا چامىمنىڭ يېتىشىچە ئىزدىنىپ باقتىم.

ئەلۋەتتە، بۇ ئون يىللىق شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئون يىلدا ئېلان قىلىنغان شېئىرىيەت ھەققىدىكى تەنقىد ماقالىلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ـ ئانالىزلارنىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى خۇلاسىلەش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. ئۇلاردىن چىقىرىلغان ئومۇمىي خاراكتېرلىك يەكۈن بىر ئادەمنىڭ شەخسەن چىقارغان يەكۈنىگە قارىغاندا ئىشەنچلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. بۇ جەرياندا شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قانداق؟ قايسى يولدا كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇ شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن قانچىلىك ئىش قىلالىدى؟ ئۆز رولىنى قانچىلىك جارى قىلدۇرالىدى؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئاساسلىق نىشان بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىزدا زور ھەم تۈرتكىلىك رول ئويناپ كېلىۋاتقان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تىل يېزىقىدا نەشر قىلىنىۋاتقان ژۇرناللاردىن ئوننى تاللاپ 2001 ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىللىق ئومۇمىي سانىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىگە ئائىت ماقالىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شېئىر ۋە شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېڭى ئەسىر كىرگەن ئون يىللىق ئەھۋالى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەققىدە قىياس ۋە مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللار، «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «تۇرپان»، «ئىلى دەرياسى»، «يېڭى قاشتېشى»، «قومۇل ئەدەبىياتى» «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»قاتارلىق ئون ژۇرنال ئوبيېكت قىلىندى.

يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىكى ئاساسىي ئېقىملار ۋە تەسىرلەر

شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۈزۈكچىلىك تۈپەيلىدىن ئۆزىگە خاس نەزەرىيەۋى ئاساسقا، مۇئەييەن ئېستېتىك تەشەببۇسى، ئىدىيەۋى خاھىشى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن تەنقىد ئېقىمىنى مۇكەممەل، سىستېمىلىق شەكىللەندۈرەلمىگەن. شۇڭا بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئومۇمەن غەرب ـ شەرقتىكى ھەرقايسى ئەدەبىيات نەزەرىيەلىرى، تەنقىد كۆز قاراشلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن تەنقىدچىلىك ھېسابلىنىدۇ.

1) ئىجتىمائىي ـ تارىخ تەنقىدچىلىكى

ئىجتىمائىي ـ تارىخ تەنقىدچىلىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ماركس، ئېنگېلس، چېرنىشۋېسكىي، بېلىنسكىي، گوركىي قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەلىرى ۋە تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنىڭ قوبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنىشى ئارقىلىق كىرگەن. «ئىجتىمائىي ـ تارىخ تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىنى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان، ئانالىز قىلىدىغان، باھالايدىغان بىر خىل تەنقىدچىلىك بولۇپ، ئاساسلىقى ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىدىيە مايىللىقى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. سوتسىيولوگىيە نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلىپ، ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەسەرلەرنى باھالىغاندا كونكرېت مۇھىت ئىچىگە قويۇپ باھالايدۇ ھەم ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تۈرتكىلىك تەسىرى ۋە رولىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ خىل تەنقىدچىلىكتە تەنقىدىنىڭ نېگىزى ‹دۇنيا ــ ئەسەر› دېگەن قۇرۇلمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، ھەرقانداق ئەسەر ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىنكاسى.»① يېقىنقى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە بۇ خىل تەنقىدچىلىك ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، پېشقەدەم تەنقىدچىلەرمۇ، ئوتتۇرا ياش، ياش تەنقىدچىلەرمۇ قوللانغان. بۇ ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: مەھمۇد زەيدىنىڭ «تارىخىي تۇيغۇنىڭ يارقىن ئىزلىرى»، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنىڭ «رېئاللىقىمىزنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى ــ 100 رۇبائىي» قاتارلىقلار مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان.

2) تەسىرات تەنقىدچىلىكى

بۇ خىل تەنقىدچىلىك ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ بىر خىل «ئېستېتىك سەزگۈگە تايىنىپ، ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىجادچانلىق بىلەن تەنقىدچىنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇلدۇر. ئۇ تەنقىدچىنىڭ بەدىئىي ھېس قىلىش كۈچىنى تەكىتلەپ، تەنقىدىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلىيالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىنى قوغلىشىدۇ. تەسىرات تەنقىدچىلىكىدە تەنقىدنىڭ ماھىيىتى ئىلمىيلىكنى ئەمەس، بەلكى بىر خىل سەنئەتلىكنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ تەنقىدنىڭ خاسلىققا ئىگە بولۇشىنى قوغلىشىدۇ. خاسلىققا ئىگە بولغان تەنقىدلا ھەقىقىي مەنىدىكى تەنقىد بولىدۇ»② دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىدە تەسىرات تەنقىدچىلىكى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شېئىرنىڭ ئۆزىلا كۈچلۈك ھېسسىيلىققا تويۇنغان، شەخسىي كەچۈرمىش بىلەن پىنھان سەرگۈزەشتىلەرگە تولغان بىر خىل سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشمۇ، تەھلىل ـ باھامۇ كۈچلۈك سۇبيېكتىپچانلىققا ئىگە بولىدۇ. شېئىرىيەت تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ئوقۇرمەن ۋە شائىر ـ يازغۇچى تىپىدىكى تەنقىدچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى مۇشۇ خىل تەنقىدچىلىككە كىرىدۇ. ھەتتا بەزى كەسپىي تەنقىدچىلەرمۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان. مەسىلەن: مۇھەممەت پولاتنىڭ «‹ساداقەت›تىن تۇغۇلغان ئويلار»، روزى سوپى ئۆچتېكىننىڭ «غەم نۇرى ــ غېرىبلىق تورى»، ئەكرەم ئابدۇمىجىتنىڭ «‹ئىلى دەرياسى›غا قاراپ ئويلىغانلىرىم» قاتارلىقلار.

3) پسىخىكىلىق تەنقىدچىلىك

پسىخىكىلىق تەنقىدچىلىك بىزدە يېقىنقى دەۋر ئەدەبىياتىدىن كېيىن شەكىللەنگەن. بولۇپمۇ «يېڭىچە شېئىرىيەت» ھەرىكىتى مەزگىلىدە «يېڭىچە شېئىرىيەت» تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىنى نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى بىر سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ، ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىنىڭ، پسىخولوگلىرىنىڭ قاراشلىرىنى تونۇشتۇرغان ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە شۇ خىل نۇقتىدىن چىقىپ باھا بېرىشكە باشلىغان. «پسىخىكىلىق تەنقىدچىلىكى پسىخولوگىيەلىك قاراشلارنى، نەزەرىيەلەرنى، ئۇسۇللارنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىگە تەتبىقلاپ، كۆزىتىش ۋە باھالاش ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ئېقىم. ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى ئىنسان مەنىۋى پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىنسان ھاياتى ۋە خاراكتېرىنىڭ ئىچكى مەنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»③ شۇڭا پسىخىكىلىق تەنقىدچىلىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بولۇپمۇ شېئىرىيەت تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پسىخىكىلىق تەنقىدچىلىك ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، پىلاتون، ئارىستوتېلنىڭ

ئەسەرلىرىدە ئىزنالىرى بولغان. كىشىلەرنىڭ ئىستىتىك ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، پسىخولوگىيەنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى، تەنقىدچىلىكنى يېڭى نۇقتىدىن كۆزىتىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى غەرب پسىخولوگلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، گېرمانىيە پسىخولوگى ۋ.ۋاندتنىڭ ئىچكى كەچۈرمىش نەزەرىيەسى، جامىسنىڭ ئاڭ ئېقىنى نەزەرىيەسى، فرېيۇدنىڭ روھىي ئانالىز نەزەرىيەسى، لاكاننىڭ قۇرۇلما-روھىي ئانالىز نەزەرىيەسى، يۇنگنىڭ ئەسلىي تىپ نەزەرىيەسى، كافكا ۋە ئارنخېيمنىڭ گېستالت پسىخولوگىيەسى نەزەرىيەسى، ماسلومنىڭ هيۇمانىزملىق پسىخولوگىيەسى نەزەرىيەسى قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە جامېسنىڭ ئاڭ ئېقىنى نەزەرىيەسى، فرېيۇدنىڭ روھىي ئانالىز نەزەرىيەسى، يۇنگنىڭ ئەسلىي تىپ نەزەرىيەسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئاڭ ئېقىنى نەزەرىيەسى پىروزىغا بەكرەك ماس كەلگەنلىكتىن شېئىرىيەتتە ئانچە قوللىنىلمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەت چاۋار ئۆزىنىڭ «شېئىر—ئىنسان روھىنىڭ شەكىلگە كىرگەن ھالىتى» ناملىق سۆھبەت ماقالىسىدە ئەدەبىيات-سەنئەت پسىخولوگىيەسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆز قاراشلىرىنى شەرھلىگەن. ئەمما بۇ مەزگىلدە پسىخىكىلىق تەنقىدچىلىك قوللىنىلغان بولسىمۇ، مۇئەييەن كۆلەم ۋە سالماقنى ئىگىلىمىگەن. پەقەت ماقالىلەرنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا قوللىنىش بىلەن چەكلەنگەن.

شېئىر—ئىنسان پسىخىكىلىق دۇنياسىغا ئەڭ يېقىن. ئۇنى بىۋاستە ئىپادىلەپ كۆرسىتىدىغان سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت پسىخولوگىيەسى نۇقتىسىدىن شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنتايىن كەڭ ۋە ئۈنۈملۈك ساھە ھېسابلىنىدۇ.

4)ئۇسلۇبشۇناسلىق تەنقىدچىلىكى

ئۇسلۇبشۇناسلىق تەنقىدچىلىكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن تەنقىد ئېقىمى ھەم ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇسلۇبشۇناسلىق تەنقىدچىلىكىدە «ئوقۇرمەن بىر پارچە ھېكايىنى، بىر پارچە شېئىرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇننى ۋە ئاساسىي مەنىنى چۈشىنىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەسلىكى، چوقۇم شائىر-يازغۇچىنىڭ شۇ مەزمۇننى قانداق تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. شائىر ئىشلەتكەن تىل ئۇنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى، ئىدىيەسىنى ئىپادىلەشكە قانچىلىك ياردەم قىلدى، قانچىلىك ئۈنۈم پەيدا قىلالىدى دېگەننى ئويلىشى كېرەك.»④ شۇڭا ئۇسلۇبشۇناسلىق تەنقىدچىلىكىدە تەنقىد چوقۇم تىلنىڭ بەدىئىيلىكى، تېكىستنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، شائىرنىڭ تىل ئادىتى، ماھارىتى قاتارلىقلارنى تەنقىد ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئۇسلۇب ھەققىدە نۇرغۇن كۆز قاراشلار شەكىللەنگەن ئەمما ھەممىسىنىڭ نېگىزى تىلدىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن. شۇڭلاشقا ئۇسلۇبشۇناسلىق تەنقىدچىلىكىدە شائىر-يازغۇچىلارنىڭ تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى ئەڭ ئاساسلىق تەنقىد ئوبيېكتى بولىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىدە بۇ خىل تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ سالمىقىمۇ خېلى چوڭ. بۇ ئون يىللىق شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىمۇ ئۇسلۇبشۇناسلىق تەنقىدچىلىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. ئالدىنقى ئەسىردىكى ئۇسلۇبشۇناسلىق تەنقىدچىلىكىگە قارىغاندا چىقىش نۇقتىلىرى كۆپ خىللاشقان. مەسىلەن: غەيرەت ئابدۇراخماننىڭ «ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى»، ئوسمان قاۋۇلنىڭ «مۇھەممەت خېۋىر غەزەللىرىدىكى تىل ۋە پىكىر چوڭقۇرلۇقى»، ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ «مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىدىكى ئاھمبابلىق» قاتارلىق ماقالىلەردە شائىرنىڭ ئۆزگىچە تىل ئۇسلۇبى، تىل ئادىتى قاتارلىقلار مۇلاھىزە قىلىنغان.

5) مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى

«مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چىقىپ باھالايدىغان، تەھلىل قىلىدىغان بىر خىل تەنقىد شەكلى بولۇپ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل ‹سىرتقا يۈزلەنگەن› تەنقىدچىلىك شەكلى بولۇپ، ئەسەر تەتقىقاتى بىلەن ئەسەر سىرتىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى باغلايدۇ.»⑤ ئۇ ئىنتايىن كەڭ تەسىرگە ئىگە تەنقىدچىلىك شەكلى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كىرگەن. بۇ ئون يىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەنقىدچىلىكىمىزدە ئاز قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى سەۋىيەلىك ماقالىلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: ئابدۇسالام شۈكۈر نوھنىڭ «سالغا تېشى ــ روھلار كەچمىشى» ناملىق ماقالىسى بۇ مەزگىلدىكى مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى ئېقىمىدىكى ئۈلگىلىك ماقالە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە ئاپتور بۇغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» ناملىق داستانى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، داستاندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشنى ھەرخىل مەدەنىيەت ئىزنالىرى، دىن، ئۆرپ ـ ئادەت، مىللىي پىسخىكا قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل ئېلىپ بارغان. لېكىن، بۇ خىل تەنقىدچىلىكتە پىروزىغا قارىغاندا كۆپ بۆسۈش ۋە ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلمىگەن.

ئومۇمەن، يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە تەنقىد ئېقىملىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ھالەتتە بولۇپ، مىكرو جەھەتتىن بەزى يېڭىلىق ۋە ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا يېڭى، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان تەنقىد ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلمىگەن. گەرچە يۇقىرىقىلاردىن باشقا تەنقىد ئۇسۇللىرى بولسىمۇ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا تەرەققىي قىلالمىغان. ئالدىنقى مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەن قۇرۇلمىچىلىق تەنقىدچىلىكى، سىمۋولىزم تەنقىدچىلىكى قاتارلىق تەنقىد ئۇسۇللىرى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئاجىزلاپ كەتكەن. يېڭى تەنقىد ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلمىگەن. گەرچە بۇ مەزگىلدە مۇتېپ تەتقىقاتى، فېمىنىزم تەتقىقاتى قاتارلىق بۈگۈنكى دۇنيادا ئېقىۋاتقان بىر قىسىم تەنقىد ئۇسۇللىرى كىرگەن بولسىمۇ پىروزا تەنقىدچىلىك ساھەسىدە قوللىنىلىپ، شېئىرىيەتكە تەتبىقلانمىغان.

## يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىكى تەنقىد ئۆلچىمى

تەنقىد ئۆلچىمى تەنقىد پائالىيىتىدىكى زۆرۈر شەرت. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى بېكىتىدىغان ئۆلچەم. ئۇ بولمىسا ئەسەرگە باھا بەرگىلى، تەنقىدنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ بىر خىل قىممەت ئۆلچىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەنقىد پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە تەنقىدنىڭ بىر قانچە ئاساسلىق ئۆلچىمى بولۇپ، ئاساسلىقى ماركس، ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان ئېستېتىكا تارىخ ئۆلچىمى؛ لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان چىنلىق، گۈزەللىك، ياخشىلىقنىڭ بىرلىكى ئۆلچىمى، ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيەۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ ئۆلچىمى قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئون يىللىق شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە ھەممە خىل تەنقىد ئۆلچىمى بار بولغان. ئەمما ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ، ئىلگىرىكى قاتمال ھالەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي ئۆلچەم، پەلسەپىۋى ئۆلچەم، ئەخلاقىي ئۆلچەم قاتارلىق تەنقىد ئۆلچەملىرىمۇ قوللىنىلغان . مەسىلەن: خۇدابەردى ئابدۇللا «شېئىر ۋە جەمئىيەت» (ئىجتىمائىي ئۆلچەم، سۆھبەت ماقالىسى)، مۇھەممەتجان سەيدۇللا «ئەدەب ۋە تىل ئەخلاقى»(ئەخلاقىي ئۆلچەم)، مۇرات مەھمۇت «شېئىرنىڭ پايانى»(پەلسەپىۋى ئۆلچەم)قاتارلىقلار. بۇ مەزگىلدە تەنقىد ئۆلچىمى جەھەتتە ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلگەن.

## يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىكى تەنقىد مېتودولوگىيەسى

«مېتودولوگىيە تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ تۈزۈلمىسى، شەكلى توغرىسىدىكى پرىنسىپاللىق تەلىمات بولۇپ، مۇئەييەن ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەرنىڭ سىستېمىلاشقان نەزەرىيەسىدۇر. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر.»⑥ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مېتودولوگىيەسىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرىدىن لوگىكا ئۇسۇلى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئۇسۇلى، كىبىرنېتىكا، سىستېما ئۇسۇلى قاتارلىقلاردۇر. «لوگىكىلىق ئۇسۇل لوگىكا قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە قاتارلىق تەپەككۇر شەكىللىرى ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش، تۈرگە ئايرىش، ئىسپاتلاش، ئىندۇكسىيەلەش، دېدۇكسىيەلەش، ئانالىز قىلىش، قىياس قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چۈشىنىش ۋە باھالاش ئېلىپ بارىدۇ.»⑦ لوگىكىلىق ئۇسۇل بۇ مەزگىلدىكى ئەڭ ئاساسلىق تەنقىد مېتودولوگىيەسى بولغان. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئۇسۇلى ئوخشاش

بولمىغان دۆلەت، تىل، مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بولۇپ، پىروزا تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ ئون يىللىق شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئۇسۇلىدا شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى ئاجىز ھالەتتە بولۇپ كەلگەن. بۇ مەسىلە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر شائىرلىرى بىلەن چەت ئەل ياكى باشقا مىللەت شائىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زور ئۇزۇكچىلىكنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىرىيەت تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ، بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كېيىنكى پەنلەر ئۇسۇلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى مەركەز قىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېستېتىكىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەمئىيەتشۇناسلىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تىلشۇناسلىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پسىخولوگىيەسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كېيىنكى پەنلەر بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە خېلى قوللىنىلغان بولسىمۇ، مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى تۈرلىرىنىلا قوللىنىش بىلەن چەكلەنگەن.

## يېقىنقى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىكى تەنقىد ئوبيېكتى

تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى كۆپ خىل بولىدۇ. شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بىر تارمىقى بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا كەڭ دائىرىلىك ئوبيېكتى بار. شېئىرىيەت ئەسەرلىرىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغاندىن تاشقىرى، شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى، ئوقۇرمەنلەر، شېئىرىيەت ھادىسىلىرى، شېئىرىيەت مەسىلىلىرى شۇنداقلا ھەرخىل ئېقىملارنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلىدۇ. بۇ ئون يىللىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا شېئىر ۋە شائىرلارنى ئوبيېكت قىلغان ماقالىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن. يەنى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلارنى، شېئىر توپلاملىرىنى ئوبيېكت قىلغان. مەسىلەن: غەيرەت ئابدۇراخمانىنىڭ «‹تۈن تىۋىشلىرى›نىڭ تىل ئالاھىدىلىكى»، ئايسىمە ئىدرىسنىڭ «‹ئوت پەسلى›گە سۆز»، ئابدۇبەسىر شۈكۈرىنىڭ «پىنھان ئىشق گۈلخانلىرى» قاتارلىقلار.

شېئىرىيەت مەسىلىلىرى، شېئىرىيەت ھادىسىلىرى ۋە شېئىرىيەت نەزەرىيەسىنى ئوبيېكت قىلغان ماقالىلەرمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەدەبىي ژۇرناللاردا، ئاز قىسمى ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. مەسىلەن: مامبەت تۇردىنىڭ «گۇڭگا شېئىر ھادىسىسى»، مۇھەممەت چاۋارنىڭ «شېئىر ھەققىدە»، ئىمىن ئەھمىدىنىڭ «شېئىرنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇنازىرىدىن تۇغۇلغان ئويلار» قاتارلىقلار. بۇ خىل ماقالىلەرنىڭ نەزەرىيەۋىلىكى يۇقىرى، پىكرى چوڭقۇر بولغان.

## يېقىنقى ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىكى تەنقىد ژانىرلىرى

تەنقىد ئەسەرلىرى تەنقىدچىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى، ئادىتى، كونكرېت شارائىت ۋە زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلىدىن ھەرخىل ژانىر ـ شەكىللەردە يېزىلىدۇ. تەنقىدنىڭ ژانىر شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، شېئىرىي شەكىلدىمۇ يېزىلىدۇ. بۈيۈك شاھانە ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان بىر مۇقەددىمىسى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان تىپىك تەنقىد ئەسىرىدۇر. مەزكۇر ماقالىدە ئاساسلىقى دائىم ئۇچرايدىغان شەكىللىرى ئوبيېكت قىلىندى.

دائىم ئۇچرايدىغان تەنقىد شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تەتقىقات ئەسىرى شەكلى: بۇ تەنقىدچىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان شەكلى بولۇپ، ئۆز پىكىر، مۇلاھىزىلىرىنى ئەتراپلىق، قايىل قىلارلىق ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. بۇ خىل تەنقىد شەكلىنىڭ لۇگىكىچانلىقى كۈچلۈك، قايىل قىلىش كۈچى يۇقىرى، نەزەرىيەۋى تۈسى قويۇق بولىدۇ. بۇ خىل ماقالىلەر ھەرقايسى ئىلمىي ژۇرناللاردا، «تارىم»، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا كۆپرەك ئېلان قىلىنغان.

2. تەسرات شەكلى: بۇ بىر خىل ئەركىن، جانلىق بولغان تەنقىد شەكلىدۇر. بۇ خىل ماقالىلەر ئاساسلىقى ئەسەرلەردىن ئالغان تەسراتنى، ھېس ـ تۇيغۇنى چىقىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى ئىپادىلىگەچكە ھېسسىي تۈسى قويۇق بولىدۇ. مەسىلەن: ئەخمەتجان خۇمانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى ياشلار»، ئەخمەتجان ئىمىننىڭ «سۆيگۈنىڭ مۇڭ بايانىدا» قاتارلىق ماقالىلەر. بۇ خىل ئەسەرلەر يەرلىك ژۇرناللاردا كۆپرەك ئېلان قىلىنغان.

3. سۆھبەت شەكلى: بۇ خىل تەنقىد شەكلىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، پىلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرىمۇ سۆھبەت شەكلىدە يېزىلغان. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ پىلانلىق ھالدا يازغۇچى-شائىرلار بىلەن سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كەڭ قانات يايدۇرۇلغان. بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىمۇ بۇ خىل شەكىلدىكى ئەسەرلەر بىر قەدەر كۆپ يېزىلغان. بۇخىل شەكىلنىڭ مۇنازىرە تۈسى قويۇق، پىكىر يۆنىلىشى ھەرخىل ياكى خاسلىققا ئىگە بولۇپ، تەنقىدنىڭ ئىجادىيلىقىنى نامايان قىلغان. مەسىلەن: كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلغان «ئوسمانجان ساۋۇت ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە سۆھبەت»، پەرھات ئىلياس باشچىلىقىدىكى «يىغىنچە شېئىرلار ھەققىدە ئۇچۇق سۆھبەت» قاتارلىقلار.

4. خەت-چەك شەكلى: بۇ خىل شەكىلدىكى ماقالىلەر بۇ مەزگىلدە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇ خىل شەكىل ئاساسلىقى ئوقۇرمەنلەرنىڭ شائىر-يازغۇچىلارغا يازغان خەتلىرى، يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە يازغان خەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە يازغان خەتلىرىدۇر. مەسىلەن: جېلىل خېلىلنىڭ «شېئىر ھەققىدە»، مۇھەممەت پولاتنىڭ «شېئىرىيەت — يۈكسەك بەدىئىي سەنئەت» قاتارلىق ماقالىلەر خەت-چەك شەكلىدىكى تەنقىد ماقالىلەردۇر.

5. مۇقەددىمە-خاتىمە شەكلى: بۇ خىل تەنقىد شەكلى چوڭراق ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنىڭ بېشىغا ياكى ئاخىرىغا ئاپتور ياكى باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئاپتوردىن، مۇھەررىردىن دېگەنگە ئوخشاش باھا ۋە ئىلاۋىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەنقىد شەكلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. پولات ھېۋزۇللا، ئىمىرھەسەن مەخمۇت، ئەركىن نۇر قاتارلىق مۇھەررىرلەر بۇ خىل شەكىلدىكى ئىلاۋىلەرنى يېزىپ، ژۇرنال سەھىپىسىنى رەڭدارلاشتۇرۇپلا قالماستىن، ئۆزگىچە بىر تەنقىد شەكلىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلگەن.

### يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىكى تەنقىد قوشۇنى

ئەدەبىيات پائالىيىتىدە يازغۇچى-شائىرنىڭ رولى مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، تەنقىدچىنىڭ رولىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن تەنقىدچىلىك ئاجىز ھالقا ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ روشەن بولماقتا. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى، ئەمما شۇنىڭغا لايىق تەنقىدنىڭ بولماسلىقى، مۇۋاپىق ئىنكاسنىڭ شەكىللەنمەسلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى ئەمما تەنقىد قوشۇنىنىڭ كەملىكى، ساپا جەھەتتىكى يېتىشسىزلىك قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلى تەنقىدچىلىك ئىجادىيىتىنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەي قالدى. بۇ ئون يىلدىكى تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن تۆۋەندىكىلەرنى خۇلاسىلەش مۇمكىن.

1. پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش تەنقىدچىلەر يەنىلا شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئاساسىي قوشۇنى بولۇپ قالغان. ئۇلار ئالدىنقى بىر دەۋر ئەدەبىياتىمىز، شۇنداقلا تەنقىدچىلىكىمىز ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقانلار بولۇپ، بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ يەنىلا بوشاشماي ئەدەبىيات ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن. ئۇلاردىن مۇھەممەت پولات، قۇربان بارات، ئىمىن ئەھمىدى، ئىمىن تۇرسۇن، قاۋسىلقان قامجان، ئابدۇۋەلى كېرەم، ئىبراھىم ئىزاقى، مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلىلار بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى سەۋىيەلىك ماقالىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇلار يازغان.

2. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە كۆچلۈك تەسىر قوزغىغان بىر قىسىم ياش كۈچلەر، ئىقتىدارلىق شېئىرىيەت تەنقىدچىلىرى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى ساھەسىدىن چېكىنىپ چىققان ياكى ئىنتايىن ئاز شۇغۇللانغان. ئالدىنقى مەزگىلدە كەڭ تۈردە شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان ھېزىم قاسىم، ئەخمەتجان قۇربان، مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن قاتارلىق شېئىرىيەت تەنقىدچىلىرى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە بۇ ساھەدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىققان. ئۇندىن باشقا يەنە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا كۆرۈلگەن «يىغىنچە شېئىرىيەت» ھادىسىسى مەزگىلىدە كۆچلۈك نەزەرىيەۋى

ئاساسقا، ئەمەلىي تەجرىبىگە ھەم بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان ئابدۇقادىر جالالىدىن، باتۇر روزى، پەرھات ئىلياس، مۇختەر مەخسۇت قاتارلىق شېئىرىيەت تەنقىدچىلىرىمۇ بۇ ساھەدىن چېكىنىپ چىققان ياكى باشقا ساھەگە كىرىپ كەتكەن. ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلەن پەرھات ئىلياسنىڭ بىر قانچە ماقالىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلارمۇ شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى بىلەن كۆپ شۇغۇللانمىغان. نەتىجىدە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىككى ئەۋلاد تەنقىدچىلىك قوشۇنى ئۈزۈكچىلىكى شەكىللەنگەن.

3. يېڭىدىن ياش شېئىرىيەت تەنقىدچىلىرى يېتىشىپ چىقالمىغان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70-80-يىللىرىدىكى ئابدۇكېرىم راخمان، مۇھەممەت زۇنۇن، قاۋسىلقان قامجان، مەخمۇتجان ئىسلام، مۇھەممەت پولات، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىقلارنىڭ ئىزىدىن 80-يىللارنىڭ ئاخىرى 90-يىللارنىڭ باشلىرى ئازاد سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، مامبەت تۇردى، ئابدۇللا مەتقۇربان، مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى، يالقۇن روزى، ئەكبەر قادىر قاتارلىق تەنقىدچىلەر يېتىشىپ چىققان ھەم تەنقىدچىلىكىمىزدە يېڭى ساھە ئاچقان. ئەمما، بۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن يېڭى تەنقىد قوشۇنى ئىز باسار بولۇپ يېتىشىپ چىقالماي، تەنقىد قوشۇنىمىزدا ئۈزۈكچىلىك ھاسىل قىلغان. گەرچە ئايسىمە ئىدرىس، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن قاتارلىق تەنقىدچىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، يېڭىلىق، ئۆزگىچىلىك، قاينام-تاشقىنلىق ئېلىپ كېلەلمىگەن. بۇ خىل ئەھۋال بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بولۇپ قالغان.

4. تەنقىد قوشۇنىدىكى يەنە بىر خىل ئەھۋال ئايال تەنقىدچىلەرنىڭ نىسبىتى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە ئايسىمە ئىدرىسنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولغان. بۈگۈنكى دۇنيا ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتى ساھەسىدە فېمىنىزمدىن ئىبارەت يېڭى بىر خىل تەنقىد ئېقىمى بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئاياللارنىڭ ئورنى، ئارزۇ-ھەۋىسى، شادلىقى، قايغۇسى، شۇنداقلا پسىخىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات نىشانى قىلىدىغان بىر قەدەر يېڭى ئېقىم بولۇپ، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئايال تەنقىدچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ئايال شائىر-يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى، شۇنداقلا ئەرلەر ئەسەرلىرىدىكى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغىمۇ پايدىلىق. لېكىن، بۇ مەزگىلدە فېمىنىزم تەتقىقاتى پىروزا ساھەسىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىدە بىر پارچىمۇ ئەسەر بارلىققا كەلمىگەن.

## يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىكى تەنقىد ئىستىلى

تەنقىد ئىستىلى تەنقىدچىلىكتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇ «تەنقىدچىنىڭ ئىدىيەۋى خاراكتېرى، ئەخلاق-پەزىلىتى، شۇنداقلا ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەيلى قايسى دەۋر ياكى قايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە بولسۇن مۇنداق ئىككى خىل پاسسىپ تەنقىدچىلىك ئىستىلى مەۋجۇت. بىرى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەسلىي خاراكتېرى ياكى ئوبيېكتىپ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلماي، چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈشى، سۇبيېكتىپ قىزىقىشىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدىغان تەنقىدچىلىك ئىستىلى. بۇ خىل تەنقىدچىلىك خاھىشىغا ئىگە تەنقىدچىلەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيە ياكى بەدىئىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ماختايدۇ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى تەكشۈرۈپ بېقىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. يەنە بىرى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشى ياكى بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى بەزىبىر نۇقسانلىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا قارىقويۇق پاش قىلىش، ئەدىپىنى بېرىشكە ئالدىرايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە كۆز يۇمۇۋالىدۇ.»⑧ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئەھۋال ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ياخشىلانغان. ئالدىنقى مەزگىلدىكى بىر قىسىم ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇۋېتىدىغان، تىللاپ يەر بىلەن يەكسان

قىلىۋېتىدىغان خاھىش ئاجىزلىغان. تەنقىد ئىستىلىدا ئىلمىيلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان. ئەمما، بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ناچار بولغان بىر خىل تەنقىد ئىستىلى — ماقالىنى تاماملاش جەريانىدا پايدىلانغان ئىستاتا مەنبەسىنى ئەسكەرتمەيدىغان، ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان نومۇسسىزلىق ئەھۋالى داۋاملىق سادىر بولۇپ تۇرغان. بۇ خىل ئىستىل دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئاللىقاچان ئادەتتىكى ساۋاتقا ئايلانغان بولسىمۇ، بىزدىكى ئەھۋال خېلى يىراقتا تۇرغان.

## يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىكى قىزىق نۇقتىلار

ھەرقانداق بىر ئەدەبىيات قانچىلىك سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز دەۋرىگە، ئۆز دائىرىسىگە يارىشا قىزىق نۇقتىلىرى بولىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە «يېڭىچە شېئىرىيەت»، «ئىزدەنمە ھېكايە» چىلىق، «مەمتىمىن ھوشۇر»، «ئانايۇرت» قاتارلىقلار قىزىق تېمىغا ئايلانغا بولسا، يېڭى ئەسىر ئەدەبىياتىمىزدا «رومانچىلىق»، «شەھەر ئەدەبىياتى» قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان. بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۆزىدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئوخشاش بولمىغان قىزىق نۇقتىلار بارلىققا كەلگەن.

### 1. قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان شائىرلار

بۇ ئون يىلدا تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى، شۇنداقلا يېزىلغان تەنقىد ماقالىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بىر قىسىم شائىرلار بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان. ئۇلار شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس يول تۇتقان، ئۆز ئۇسلۇبى ۋە تەسىر دائىرىسىنى پەيدا قىلغان شائىرلار بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ۋە تەنقىدچىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان ۋە تەتقىق قىلىنغان. تېيىپجان ئېلىيېۋ، بوغدا ئابدۇللا، مۇھەممەتجان سادىق، مۇھەممەتجان راشىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ئادىل تۇنىياز، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت قاتارلىق شائىرلار بۇ ئون يىللىق شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان شائىرلاردىن بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ھەققىدە 5 _ 10گىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەنقىد ماقالىلىرى يېزىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن: تېيىپجان ئېلىيېۋ ھەققىدە قاۋسلقان قامچاننىڭ «تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى»، بوغدا ئابدۇللا ھەققىدە ئابدۇسالام شۈكۈر نوھنىڭ «سالغا تېشى — روھلار كەچمىشى»، مۇھەممەتجان راشىدىن ھەققىدە قاسىم سىدىقنىڭ «مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ ئىستېمال قىممىتى ۋە ئىستېمال كۆلىمى»، ئوسمانجان ساۋۇت ھەققىدە ئادىل تۇنىيازنىڭ «شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنى چۈشىنىش» قاتارلىقلار.

### 2. قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان شېئىرىيەت ھادىسىسى

ئارىدىن يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «ئاخىرلاشتى» دەپ قارالغان «يېڭىچە شېئىرىيەت» ھادىسىسى بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە يەنە بىر قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان. ئەمما بۇ مەزگىلدە مەسىلىلەر ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قىزىق قانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى تۈتۈۋېلىش ئاساسىدا ئىلمىي تەھلىل قىلىنغان ۋە باھا بېرىلگەن. «يېڭىچە شېئىرىيەت» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۆتۈقلىرى، كەمچىللىكلىرى، تەجرىبە-ساۋاقلىرى خولاسىلەنگەن ياكى قايتا باھا بېرىلگەن. بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ماقالىلەرنىڭ سەۋىيەسى يۇقىرى بولۇش بىلەن بىرگە سالمىقىمۇ زور بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يەنە بىر قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان. مەسىلەن: مامبەت تۇردىنىڭ «گۇڭگا شېئىر ھادىسىسى»، ھاشىم تۆمۈرنىڭ «شېئىردىكى ئاھاڭدارلىق»، ئىمام موللاخۇنىنىڭ «مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، ئىمىن تۇرسۇننىڭ «يېڭى ئېقىمدىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ بەزى بېكىتلىقلىرى»، پەرھات ئىلياس باشچىلىقىدىكى «ئۆز ئاۋازىمىز ھەممىدىن مۇھىم» ۋە «يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە ئوچۇق سۆھبەت» قاتارلىق ماقالىلەر يەنە بىر قىزىق نۇقتىنى ھاسىل قىلغان.

### 3. قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان شېئىرىيەت مەسىلىلىرى

بۇ مەزگىلدە «تارىم» ژۇرنىلىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىبراھىم ئىزاقىينىڭ «ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەش ۋە ئۆزىنى ئىپادىلەش سەنئىتى» (بۇ ماقالە 2000-يىلىغا

تەۋە)، «‹شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ› ناملىق كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئارقىلىق بىر قېتىملىق مۇنازىرە خاراكتېرلىك قىزىق نۇقتا بارلىققا كەلگەن. بۇ قىزىق نۇقتا ھەققىدە خېلى كۆپ تەنقىد ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاۋۋال مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى ئىبراھىم ئىزاقىنىڭ ماقالىسىدىكى بىر قىسىم كۆز قاراشلارغا قارىتا «‹ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەش ۋە ئۆزىنى ئىپادىلەش سەنئىتى› ناملىق ماقالىدىكى بىر قىسىم كۆز قاراشلارغا تەنقىد» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئىبراھىم ئىزاقىنىڭ ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «شېئىرىي قىممەت»، «ئىدىيە گۈزەللىكى»، «شېئىر ئەقلىي ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەن قاراش ھەققىدىكى ۋە «شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىنىڭ رولى ۋە مەسئۇلىيىتى» ھەققىدىكى كۆز قاراشلارغا قارىتا ئۆزىنىڭ تەنقىدىي كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىبراھىم ئىزاقى «‹شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ› ناملىق كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، بۇغدا ئابدۇللانىڭ مەزكۇر كىتابىدىكى مۇجمەل، ناتوغرا، زىت دەپ قارىغان بىر قىسىم مەسىلىلەرگە قارىتا تەنقىدىي كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا يەنە مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى «‹شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ› ناملىق كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن› ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇلارغا ئەگىشىپ ئۇمىدجان قاسىمنىڭ «ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىمۇ يېڭىلىق يارىتىش كېرەك» دېگەن ماقالىسى، ئوسمانجان زۇنۇن بىلەن ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇرنىڭ «يېڭىلىق يارىتىشمۇ يېنىكلىكمۇ»، «شېئىر ھەققىدە قايتا مۇلاھىزە» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، ئىبراھىم ئىزاقى، مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى، بۇغدا ئابدۇللا، ئۇمىدجان قاسىمى، ئوسمانجان زۇنۇن، ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر قاتارلىق شائىر ۋە تەنقىدچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قېتىملىق مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى قىزىق نۇقتا بارلىققا كەلگەن. بۇلار ئەدەبىياتتىكى ئەركىن مۇنازىرە كەيپىياتىنى، مۇنازىرىنىڭ خاسلىقىنى، شۇنداقلا مۇنازىرىدە ئىلمىيلىكنىڭ مۇھىملىقىنى نامايان قىلغان.

**يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خۇلاسە**

بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە ئالدىنقى مەزگىلگە قارىغاندا بوشىشىش بولمىغان، يېڭى ئېقىم، يېڭى يۆنىلىش بارلىققا كەلمىگەن. ئۆزگە يانداش بولغان پىروزا تەنقىدچىلىكىگە سېلىشتۇرغاندىمۇ ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ قەدىمىگىمۇ يېتىشەلمىگەن. ئومۇمەن، شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىز بۇ مەزگىلدە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىغان. شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بۇ خىل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

1. بۇ ئومۇمىيۈزلۈك، دۇنياۋى مەسىلە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە بازار ئىگىلىكىگە قاراپ يۈزلىنىشى، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، ياشاشنىڭ پەيدىنپەي قىيىنلىشىشى كىشىلەرنى ھېسسىياتقا بېرىلىشتىن ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە سەنئەتتىن، شېئىردىن يىراقلىشىش خاھىشى شەكىللەنگەن. بۇ ئامىل شېئىرىيەت ۋە شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىز ئۈچۈنمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

2. شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە يېڭىچە ئىدىيە، يېڭىچە كۆز قاراش بىلەن قوراللانغان يېڭى تەنقىد قوشۇنى بارلىققا كەلمىگەن. بۇ مەزگىلدە يېڭى تەنقىد قوشۇنىنىڭ ئىز باسار بولۇپ يېتىشىپ چىقالماسلىقى، شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يەنىلا پېشقەدەم تەنقىدچىلەرنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشىدەك ئەھۋالنىڭ بارلىققا كېلىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يېشىغا ماس ھالدا مۇقىم كۆز قاراشقا ئىگە بوپ بولۇشى يېڭىچە قاراشلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن پايدىسىز بولغان.

3. شائىرلارنىڭمۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولماسلىق، شېئىرىيەت قاراشلىرىنىڭ يېڭىلانماسلىقى، ئېستېتىك قاراشلىرىدىكى قاتماللىق، دۇنيا شېئىرىيىتىدىن ئوزۇق ئالماسلىقى، بېكىنمە ھالەتكە كىرىۋېلىشى، يېڭىچە يوللارنى ئىزدىمەسلىكى قاتارلىق ئامىللار سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



4. مەتبۇئاتلارنىڭ شېئىرىيەتكە ئائىت ئەسەرلەرگە بەك كۆپ ئورۇن بەرمەسلىكىمۇ سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مەتبۇئات ئىجادىيەت پائالىيىتىدىكى ئاساسلىق سىرتقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. ئۇلارنىڭ قوللاش-قوللىماسلىقى ئىجادىيەتكە، يېڭىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىش-قىلماسلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىنىڭ يېڭى ئەسىر كىرگەن بۇ ئون يىلدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۇنىڭدا ساقلانغان مەسىلىلەر، ئۆزگىرىشلەر، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى سەۋەبلەر يۇقىرىقىدەك بولۇپ، بىزنىڭ كېلەر ئون يىلدا يېڭىچە بىر قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

يېڭى ئەسىر شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشى

شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىز بۇ مەزگىلدە بىر خىل تۇرغۇن ھالىتىنى ساقلىغان ۋە بەزىدە چېكىنىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىق يۈز بېرىۋەرمەيدۇ. تۆۋەندىكى بىر قىسىم ئەھۋاللار شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ كەلگۈسىدە تەرەققىيات يولىغا ماڭىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

1. بۈگۈنكى كۈندىكى تىلنىڭ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ خەلقئارالىشىشى ئەدەبىيات-سەنئەت ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتىنى زور دەرىجىدە ئۇچرىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. سەنئەتكارلارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىنى، ئېستېتىك ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، يېڭى نەرسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدىكى تۇرغۇنلۇق، جىمجىتلىقمۇ شائىر، يازغۇچى، تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ ئىچىنى پۇشۇرۇپ، يېڭىچە سەنئەت ئىدىيەلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

2. نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاجىز ھالقا ئىكەنلىكى پۈتكۈل ئەدەبىيات ساھەسىدە روشەن گەۋدىلەنمەكتە. تەنقىدنىڭ راۋاجلىنىشى شۇ مىللەت ۋە رايون ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تونۇپ يېتىش ئاساسىدا يېقىنقى مەزگىللەردىن بېرى تەنقىدچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە بىر قىسىم مۇھىم خىزمەتلەر ئىشلەندى. يەنى تەنقىدچىلىك ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلدى، ژۇرناللار تەنقىدچىلىككە بولغان ئېتىبارىنى كۈچەيتتى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە بولغان سەھىپىلەرنى كېڭەيتتى ياكى مەخسۇس ئىستون ئاجراتتى. ژۇرناللارغا قارايدىغان بولساق 2011-يىلىدىن بۇيان ژۇرناللاردىكى تەنقىد ئەسەرلەر سانىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك خىزمەتلەر كەلگۈسى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، تەنقىد ئەسەرلىرىنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىنىلا ئەمەس، سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى، يېڭى، ھاياتىي كۈچكە ئىگە تەنقىد ئۇسۇللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

3. بۈگۈنكى زاماندا تور ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن تور ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمۇ كۈچلۈك تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتى جۈملىدىن تور تەنقىدچىلىكى بەك كۈچلۈك تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ، يېقىنقى مەزگىللەردىكى بىر قىسىم سەۋىيەلىك مۇنازىرىلەر تور تەنقىدچىلىكىنىڭ كەلگۈسى تەنقىدچىلىكىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور رول ئوينايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. نۆۋەتتىكى تور تەنقىدچىلىكىدە شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىمۇ بۇ قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

4. يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە كۆرۈنەرلىك ھالقىش بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر تۈركۈم ئۈچىنچى ئەۋلاد يېڭىچە شېئىرىيەت ياش شائىرلىرى بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرسا، شېئىرىيەتنى مۇئەييەن نەزەرىيەۋى ئاساسقا، ئېستېتىك تەشەببۇسقا ئىگە قىلسا، شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە بۆسۈش ھاسىل قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقانلار بار بولۇپ، تەنقىد

قوشۇنىدىكى ئۈزۈكچىلىكنى يوقىتىش جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

تۈگەللىمە

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ باشقا تەركىبلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيادا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەبىرى، چەك ـ چېگراسى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن مۇئەييەن ئېنىق بىر قاراش يوق. شۇڭا مەزكۇر ماقالىدە بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتىمۇ مۇئەييەن بىر قاراشنى ئۆلچەم قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. مەشھۇر تەنقىدچى بېلىنسكىي «تەنقىد بىر خىل ھەرىكەتتىكى ئېستېتىكا» دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلغانىكەن. مېنىڭچە بېلىنسكىينىڭ بۇ سۆزى تەنقىدنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇنداقتا بېلىنسكىينىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ بۇ سۆز ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىيات تارىخى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغان ۋە چەك ـ چېگرانى ئايرىغان. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بىر دەۋر، بىر رايون ئەدەبىياتىدىكى ئابستراكتلاشقان ئورتاق قانۇنىيەت بولۇپ، ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد بولسا كونكرېت ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە بېرىلگەن كونكرېت باھا، ھۆكۈم. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەركىبىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى كۆپىنچە ھاللاردا ھەرىكەت ئىچىدىكى بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات ھادىسىسى بولىدۇ. ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە قارىتا بولغان ئىزدىنىش بولسا ئەدەبىيات تارىخى كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغان پائالىيەت. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تۈپكى خاراكتېرى ھەرىكەت ۋە تېزلىك. شۇڭا ئۇنىڭ ئوبيېكتى يېڭى پەيدا بولغان، باھالاشقا، تەھلىل قىلىشقا، توغرا كۆرسەتمىگە تەقەززا بولغان، ھەل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان يېڭى ئەدەبىيات ھادىسىلىرى بولىدۇ. لېكىن تەنقىد نەزەرىيەسىدىكى يەنە بىر خىل قاراش ئۆتمۈشكە تەۋە ئەسەرلەر ئۈستىدە ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى يېڭىچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىنغان، باھالانغان ئەسەرلەرمۇ ئەدەبىي تەنقىد ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تەنقىد ئەسەرلىرىمۇ ماھىيەتتە يېڭىچە نۇقتىلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. جۈملىدىن ھەرىكەت ئىچىدىكى بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئوزۇق بولىدۇ. شۇڭا بۇ ماقالىدە مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزغا تەۋە بولغان شائىر ۋە شېئىرلار، شېئىرىيەت ھادىسىلىرى، شېئىرىيەت مەسىلىلىرىنى ئوبيېكت قىلغان ئەسەرلەر بىلەن كلاسسىك ياكى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان ئەسەرلەرنى يېڭىچە نۇقتىدىن كۆزەتكەن، باھالىغان ماقالىلەرگە تەنقىد ماقالىسى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى.

شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدە يېڭى ئەسىر كىرگەن بۇ ئون يىلدا بارلىققا كەلگەن تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ سانى خېلى كۆپ بولۇپ، يۇقىرىقى ئۆلچەم بويىچە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ تاللانغان ئون ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان شېئىرىيەتكە ئائىت تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 300 پارچە ئەتراپىدا، تەنقىد قوشۇنى يەنى تەنقىدچىلەرنىڭ سانى 110 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ سان خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بىر مىللەتنىڭ نوپۇزلۇق سانىلىدىغان ئون ژۇرنىلىنىڭ ئون يىللىق سانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھېچقانچە ھېسابلانمايدۇ. بۇ قاراشنى «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى» دېگەن كىتابقا ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ كىتاب 2000 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە ئائىت ماقالىلەرنىڭ كاتولوگى بېرىلگەن. بۇ كاتولوگلاردىن شېئىرىيەتكە ئائىت ماقالىلەرنىڭ ئومۇمىي سالمىقىنى ئىگىلەپ ھېس قىلدىمكى، يېڭى ئەسىر كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئېلان قىلىنغان تەنقىد ماقالىلەر سان جەھەتتىن بەكمۇ كۆپ ئەمەسكەن. بۇ مەزگىلدىكى تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ سانىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن كۆپ دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن قىزغىنلىق، يېڭىلىق يوق، كەيپىيات سۇس. يەنە بىر جەھەتتىن بارلىققا كېلىۋاتقان شېئىرلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسلىق سەيناسى ھېسابلانغان بەزى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ھەر

www.uyghurkitap.com



ساندا نەچچە ئونلاپ ھەتتا يۈزلەپ شېئىر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ژۇرناللاردا يىللاپ-يىللاپ شېئىرىيەتكە ئائىت ماقالىدىن بىرەرسىمۇ ئېلان قىلىنمىغان. بۇ مەزگىلدىكى تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «تەڭرىتاغ»، «تارىم» ژۇرنىلىغا مەركەزلەشكەن. بۇ ئىككى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئومۇمىي ماقالە سانىنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «تۇرپان» ۋە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدىمۇ شېئىرىيەت تەنقىدكە ئائىت ماقالىلەر كۆپرەك بېرىلگەن. لېكىن 1. تەنقىدنىڭ ژانىر شەكلى كۆپ خىل بولغانلىقتىن 2. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەبىرى بىرلىككە كەلمىگەنلىكتىن 3. ماقالىمىزنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بىر پۈتۈنلۈك بولمىغانلىقتىن 4. نۇرغۇن تەنقىد ماقالىلىرى ساپ شېئىرىيەت ھەققىدىكى تەنقىد بولماستىن، باشقا ژانىرلار ھەققىدىمۇ توختالغان ئارىلاشما ھالەتتىكى ماقالە بولغانلىقتىن بۇ ئون يىلدىكى شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىزدىكى تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ، تەنقىدچىلەرنىڭ سانىنى كېسىپ مۇنچە دەپ ئېيتىشقا ئامالسىز قالدىم.

خۇلاسىلىگەندە، كەلگۈسىدە شېئىرىيىتىمىز، شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكىمىز دۇنيادىكى ھەرخىل ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىملىرى، نەزەرىيەلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ساقلىغان، ئەسلىي روھىنى يوقاتمىغان ئاساستا، دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىش يۈزلىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

①②③④⑤ۋاڭ شيەنپېي، خۇيامىن: «ئەدەبىي تەنقىد يېتەكچىسى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى 2005-يىلى نەشرى، 63-، 85-، 108-، 136-، 216-بەت (خەنزۇچە)

⑥⑦جوۋ چيڭخۇۋ: «ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدشۇناسلىق دەرسلىكى»، جوڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002-يىلى نەشرى، 66-، 67-بەت (خەنزۇچە)

⑧مۇھەممەتقازى ئەيسا: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى، 26-27-بەت

**پايدىلانمىلار:**

1. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «تۇرپان»، «ئىلى دەرياسى»، «يېڭى قاشتېشى»، «قومۇل ئەدەبىياتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئون ژۇرنالنىڭ 2001-يىلدىن 2010-يىلغىچە بولغان سانلىرى.

2. ۋاڭ شيەنپېي، خۇيامىن: «ئەدەبىي تەنقىد يېتەكچىسى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى 2005-يىلى نەشرى (خەنزۇچە)

3. جوۋ چيڭخۇۋ: «ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدشۇناسلىق دەرسلىكى»، جوڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002-يىلى نەشرى (خەنزۇچە)

4. لىڭ چيڭگۇاڭ: «بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدشۇناسلىق»، شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005-يىلى 4-نەشرى (خەنزۇچە)

5. ۋاڭ يىجۇن: «ئەدەبىي تەنقىد دەرسلىكى» ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2009-يىلى نەشرى (خەنزۇچە)

6. ئەكبەر قادىر: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى نەشرى

7. مۇھەممەتقازى ئەيسا: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى

8. ئارزۇگۈل، شادىيە، گۈلشەن: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى

9. ھەسەنجان سادىق: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىلى، 2-نەشرى.

مۇھەررىرى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

# 天尔塔格 文学双月刊

连续5次获得新疆维吾尔自治区期刊奖

2012年第三期（总152期）

每单月20日出版

## 目　录

**生活素描**

裂痕（中篇小说）……吐尔逊·麦合木提(4)

**新潮诗歌天地**

思念母亲……吾买尔·买买提依明(35)
没有邻居的人……再图乃姆·买买提明(37)
坚持做自己……伊迪力斯·图尔荪(38)
柔巴依……阿卜力米提·买买提(38)

**系列小说**

烟鬼阿希尔……艾尔肯.沙比尔(58)

**作品与评价**

梦境、幻想、现实之间的飘泊不定和重建…努尔买买提.吾买尔(66)

**纪事文学**

翻开心灵日记……阿布都热依木·祖农(40)

**儿童文学**

爸爸的女式自行车……古丽娜尔·亚尔买买提(84)

**公开信**

写给阿布来提·阿布都拉的信……买合木提.买买提(30)

**新人力作**

参与投稿《新人力作》栏目的创作比赛……(88)
短篇小说(两篇)……海尔古丽·吾买尔(90)
新世纪维吾尔诗歌批评和发展趋向……艾孜热提艾力·艾力(98)
一把火……居麦洪·托乎提(95)
寻找童年……买买提·托乎提(95)
大海与我的心……尤苏普江·买买提(95)
叶片上的季节……亚尔买买提·怕尔哈提(96)

封一：著名维吾尔画家买买提·艾依提油画作品：《早秋》
杂志名由著名书法家：苏来曼.依明 撰写

出版:
乌鲁木齐市文学艺术界联合会

编辑:
《天尔塔格》杂志社

杂志社总编:
普拉提.艾维组拉

社长:
艾比布拉.买买提

杂志社副主任:
艾尔肯.努尔
阿里木.哈力丁

副社长:
艾克拜尔.沙力

总编:
普拉提.艾维组拉

副总编:
艾尔肯.努尔

编辑部主任:
依米尔艾山.马合木提

美术编辑:
肖开提.肖克来提

责任校对:
克尤木.吐尔逊(聘用)

录入员:
迪拉热.艾比布拉

地址:乌鲁木齐市新兴街5号
邮编: 830092
电话: 0991-4658897, 4696807
国际连续出版物刊号:
ISBN1004-1745
国内统一连续出版物号:
CN65-1012/I

邮发代号: 58-83

零售价: 7.00元

ШИНҖАҢ УЙҒУР АПТОНОМ РАЙОНИ БОЙИЧӘ УДА ТӨТ НӨВӘТ "ЖУРНАЛ МУКАПАТИ"ҒА ЕРИШКӘН ЖУРНАЛ

# тәңритағ

ҚОШ АЙЛИҚ ӘДӘБИЙ ЖУРНАЛ
2012 -йиллиқ 3 -сан
(омомий 152 -сан)

(һәр тақ айниң 20- күни нәширдин чиқиду)

## мундәрижә

### турмуш тәсвирлири

дәз (повест)....................турсун мәхмут *(4)*

### шеьирийәт упуқи

анамниң қазини....................өмәр муһәмmәтьимин кроран *(35)*
қошниси йоқ адәм....................зәйтунәм мәмтимин *(37)*
охшиғин сән өзүңгә әбәд....................идирис турсун тәмкин *(38)*
рубаьийлар....................аблимит муһәммәт әмин *(38)*

### чатма һекайиләр

һашир бәңги(һекайә)....................әркин сабир *(58)*

### әсәр вә баһа

чүш, хийал, реьаллиқ арисидики сәрсанчилик вә қайта қуруш....................нурмуһәммәт өмәр учқун *(66)*

### раст ишлар хатириси

қәлб хатирәмни варақлап....................абдуреһим зунун *(40)*

### балилар әдәбийати

дадамниң айалчә велсипити(һекайә) ....................гүлнар йармуһәммәт*(84)*

### очуқ хәтләр

абләт абдуллаға хәт....................мәхмут муһәммәт *(30)*

### йеңи күч

«йеңи күсәһиписидә мокапатлиқ әсәр паалийитигә қатнишиң....................*(88)*
икки һекайә....................хәйригүл өмәр әл қизи *(90)*
йеңи әсир шеьирийәт тәнқидчилики вә униң тәрәққийат йүзлиниши....................һәзрәтьели әли*(98)*
бир от(ғәзәл).................... жүмәхун давут *(95)*
ıиликни издәш(ғәзәл)....................муһәммәт тохти қаратекин *(95)*
деңизға тәсәлли....................йүсүпжан муһәммәт әртуғ *(95)*
йапрақтики пәсил....................йармуһәммәт пәрһат *(96)*

муқавиниң 1- бетидә: атақлиқ рәссам **мәмәт һейтниң «балдур кәлгән күз»** намлиқ май бойақ әсири
журнал намини **сулайман имин хали** йазған.

журналлар нәшрийати баш муһәррири:
**полат һевзулла**

нәшрийат башлиқи:
**һәбибулла муһәммәт**

журналлар нәшрийати муьавин мудирлири:
**әркин нур**
**алим халидин**

муьавин нәшрийат башлиқи:
**әкбәр салиһ**

баш муһәррир:
**полат һевзулла**

муьавин баш муһәррир:
**әркин нур**

тәһрир бөлүм мудири:
**имирһәсән мәхмут**

гүзәл сәньәт муһәррири:
**шавкәт шөһрәт**

мәсьул корректор:
**қәййум турсун** (тәклиплик)


*Адреси:* үрүмчи шәһири шәрқи шихуң йоли 52- номур
*Почта номури:* 830036
*Телефон:* 0991-4658897, 4696807
*Басқучи:* үрүмчи луңйида басма мулазимити чәклик ширкити
*Хәлқаралиқ өлчәмлик журналларниң давамлиқ нәшр қилиниш номури:* ISSN1004-1745
*Мәмликәт бойичә бирликкә кәлгән журналларниң давамлиқ нәшр қилиниш номури:* CN65-10012/I
*Почта вакаләт номури:* 83-58

*Парчә сетилиш баһаси:* 7.00 йүән

شىنجاڭ ماي بوياق رەسساملىقىدىكى باشلامچى شەخس، شىنجاڭ ئۇيغۇر بۇگۈنكى دەۋر ماي بوياق رەسساملىقىدىكى ۋەكىللىك شەخسلەرنىڭ بىرى، گۈزەل سەنئەت مائارىپىمىزغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقۇچى، شىنجاڭنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆز رەسىملىرىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەش بىلەن ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرگە تونۇلغان ئاتاقلىق رەسسام — مەمەت ھېيىت ئەپەندى




ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئاتاقلىق رەسسام مەمەت ھېيىت ئەپەندىنىڭ «جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيى» تەرىپىدىن يىغىپ ساقلىنىشقا مۇيەسسەر بولغان ماي بوياق رەسىم ئەسەرلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىمىز ھوزۇرىغا سۇندۇق.




باش باھار

1983 ـ يىلى

127×132 cm



سەپەر ئىيى

1985 ـ يىلى

110×100cm

# ئېلى ئىسمائىل فوتو-سۈرەت ئەسەرلىرىدىن





تۇخۇم سوقۇشتۇرۇش




ئاشۇ چاغلار



ئويۇنمىزنى باشلايلى




كەسپ ئوتى




بىلىم ئىشقىدا



ئاھ...پۇتبول



ئۆزۈم ياسايمەن



ئوينىغلى چىقتىم